



# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(48)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى
تارىخ ماتېرىياللىرى - ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى





مەسلىھەتچى: سېرجە

تەھرىر ھەيئىتى مۇدىرى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى

تەھرىر ھەيئەتلىرى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى
ئىسمائىل ئىبراھىم
ئالىم جۇماش
ئەخمەتجان ھەسەن
توختى ئايۇپ
دىلارە خەمىد
ئەي جىڭشۇن

ماقالىلارنى بېكىتكۈچى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى

باش مۇھەررىر: ئەركىن ھوشۇر ئەلى
جاۋاپكار مۇھەررىر: مەخمۇتجان مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: جۇرئەت ئابلىمىت
جەزىرە مۇقامەتۇللا

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۆتكەن ۋاڭ - گۇڭلار)

(48)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى
تارىخ ماتېرىياللىرى - ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (48)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يېكەنكۆل يولى 135 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063

ئۈرۈمچى شىنشىيې باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
150 مىڭ خەت، چوڭ 32 فورمات، باسما تاۋاق 7.875
2006 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېسىلدى
تىراژى: 1 ~ 1000
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2006) 287 ئومۇمىي 898

# كىرىش سۆز

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويدى. يەنى خەنزۇ ئاھالىسى كۆپرەك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغان موڭغۇل ۋە قازاقلار، شۇنىڭدەك قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جاساق (جاساق ـ موڭغۇل تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قەبىلە باشلىقى ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) تۈزۈمىنى؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ھاكىمبەگلىك مەمۇرىي تۈزۈمىنى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرىغا قارىتا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەت ئابرۇيىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئەمەلىي ھوقۇق بەرگەن ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا چىنۋاڭ[1]، ئىنانچىخان (جۈنۋاڭ)[2]، بېيلى[3]، بەيسى[4]، بەگ،

①②③④ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 12 دەرىجىگە بۆلۈنىدىغان فېئوداللىق مەرتىۋە تۈزۈمىدە بىرىنچى ئورۇندىن تۆتىنچى ئورۇنغىچە بولغان مەرتىۋە ناملىرى. بۇلاردىن كېيىن يەنە جىنگوگۇڭ، فۇگوگۇڭ قاتارلىق سەككىز مەرتىۋە نامى بار — م.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... (1)

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى ...... لىيۇ شىيى (1)

تۇرپان جۇنۋاڭى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ...... مۇھەممەت ئىمىن (22)

كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ...... مەمتىمىن بائىزى (85)

ئىلى گۇڭ ـ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ...... تېيىپجان ھادى (104)

قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە قوشقان تۆھپىلىرى ...... ئەشرەپ ئابدۇللا (175)

قاراقاشتا ئۆتكەن گۇڭ خوجىلارنىڭ تارىخى ...... موللانىيازخان ھاجىم (191)

لوپنۇردا ئۆتكەن ناسىربەگ ...... غۇلامىدىن ئەيسا (196)

داتۇڭ يېزىسىدىكى مۇھەممەد كەرىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا ...... مەدەلىخان (201)




تەيجى دېگەن مەرتىۋە ناملىرىنى بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى جاساق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان ئىدى. جاساقلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، قالدۇرۇلغان ۋە نازارەت قىلىنغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان تۈزۈم ۋە سىياسەتلەر شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلگەن بولۇپ، تارىخىي ئۇيغۇنلۇققا ئىگە ئىدى. شۇڭا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى[1].

بىز يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەردىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار ئىلگىرى توپلاپ نەشر قىلغان يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى توپلاملىرىدىن يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ۋاڭ ـ گۇڭ، ھاكىمبەگلەرگە ئائىت بىر قىسىم ماقالىلەرنى تاللاپ ۋە قايتا ئىشلەپ، مەزكۇر توپلامنى تۈزۈپ چىقتۇق. توپلامدىكى ماقالىلەر ۋاڭ ـ گۇڭلار ھەققىدىكى خەلق ئىچىدە تارقالغان ئاغزاكى بايانلارغا ۋە ئاپتورلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋەقەلەرگە ئاساسلىنىش ھەم بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەر، قوليازمىلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان، روشەن خام ماتېرىياللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 381 ـ بەت.

فۇجىن نىيازخېنىم ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە……
…………………………………… ئىبراھىم ئەلقەم (230)
چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبال بولغان
كىشىلەر ……………………… ئىبراھىم سەيدۇللا (236)




# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى

لىيۇ شىيى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ۋاڭلىق ئور-
نى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار قۇ-
مۇلنىڭ تارىخىدا تەسىرى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈم سۈر-
گەن يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىغا
«ئاتا مىراس ھۆكۈمران»، «قاناتلىق قالپاق» دېگەن مەرتىۋىلەر-
دىن تاكى ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
تەرىپىدىن بېرىلگەنىدى. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋاڭلارنىڭ ئاتا مى-
راس ھۆكۈمرانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ،
مىنگونىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ 9 ئەۋلاد ــ
233 يىل داۋاملىشىپ، جۇڭگونىڭ بىرقانچە تارىخىي دەۋرىنى
باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە خارابلىششى
قۇمۇل، شىنجاڭ، ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتى-
غا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي-
لار ئومۇمەن «مۇسۇلمانلار رايونى» دەپ ئاتالغانىدى. تەڭرىتاغ-

نىڭ غولى بىرقانچە مىڭ چاقىرىم ئۇزىراپ قۇمۇلغا يېتەتتى.
ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە جۇڭغارلار ۋە مۇسۇلمانلار جايلاشقان ئىدى
(ۋېي يۈەننىڭ «مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار خاتىرىسى» نىڭ 4 -
تومى). ئۇنىڭدا قۇمۇل «مۇسۇلمانلار رايونى»، ئۇيغۇرلار «مۇ-
سۇلمانلار» دەپ يېزىلغانىدى.

مىلادى 1678 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 -
يىلى) يەكەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلار جۇڭغارخانى غالدان
تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. ئۇ چاغدا غالدان ئالتاينى، ئۇنىڭ
ئاكىسى مىڭگىز سىۋان ئاراپتان بورتالانى ئىشغال قىلىۋالغانىد-
دى. قۇمۇل ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ جۇڭغار ھۆكۈم-
رانلىرىدىن قورقۇپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىنىڭ «ئالباتو»
(قول مەنىسىدە) سى قىلىپ ئۇلارنى ئېزىپ، ئەمگەك مېۋىلىرد-
نى بۇلاپ ئالاتتى، قول قاتارىدا ئىشلىتەتتى ۋە خالىغانچە ئۆلتۈ-
رەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قەيسەر-
لىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى قوزغىغانىدى.

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى قۇمۇلنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن،
قۇمۇلدىن زورلۇق بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ئېلىپ
تۇردى، ھەمدە قۇمۇلنى بازا قىلىۋېلىپ، پۇرسەت تاپسىلا خېشى
كارىدۇرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەھدىت سېلىپ
تۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان
بىلگەچكە يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنى قول-
لاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۇجۇنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەي-
تىپ، جاۋۋۇ جىياڭجۈنى لاڭ تەننى ئەسكەر باشلاپ گەنسۇدا تۇ-
رۇشقا ئەۋەتتى.

مىلادى 1693 - يىلى (كاڭشىنىڭ 32 - يىلى) چىڭ



سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سىۋان ئاراپتانغا سوۋغا بېرىش ئۈچۈن
مىللىي ئىشلار باش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى مادى قاتارلىقلار-
نى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قۇمۇلدىن ئۆتكەندە غالداننىڭ قول ئاستىدىكى
توقچى قاشقا 500 ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، مادى قاتارلىق
ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئات، تۆگىلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ
چاغدا بەزى كىشىلەر قۇمۇلغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەشەببۇس
قىلىدۇ. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «جىنايەت غالداندا»
دەپ قارايدۇ. ھەمدە قۇمۇلنى جازاغا تارتماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈرىدۇ. ئۇ چاغلاردا، ئەبەيدۇللا تارخانبەگ قۇمۇل ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالان -
تاراج قىلىشى ۋە ئېزىشى، قورقۇتىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك بىلەن بولغان نورمال سودا - سېتىق ئىشلىرىنى توختى-
تىپ قويغانلىقتىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور زىيانغا
ئۇچرىغانىدى. بۇ قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلغا
كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقى ئۇنىڭ گۇمان ئەن-
دىشىسىنى يوقىتىدۇ. مىلادى 1696 - يىلى (كاڭشىنىڭ 35
- يىلى) غالدان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇب
قىلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مۇئاۋىن ئەسكەر باش-
لىقى ئانەندا بۇلۇڭجىر، باركۆل، تالناچىن، دۆربەجىن قاتارلىق
جايلارغا قاراۋۇل قويىدۇ. ئەبەيدۇللا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كونترولىلىقىدىن قۇتۇلۇپ نارىن بەگ-
نى ئەلچى قىلىپ ھۆكۈمەتكە ئات - تۆگە سوغات قىلىدۇ.
كەينىدىنلا ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدىغان-
لىقىنى ۋە غالداننى تىرىك تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن نارىن بەگنى يەنە ماڭدۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
ئۇنىڭ ساداقىتىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئەمەلدار كىيد-

مى، بۇلغۇن قالپىقى، ئالتۇن بەلۋاغ تارتۇق قىلىدۇ. مىلادى
1697 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى) ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى
گوپا بەگكە ئۈچ يۈز ئەسكەر قوشۇپ بېرىپ غالداننىڭ باركۆلدە
ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئوغلى سەپتەن بالجۇر ۋە ھەمرايى خۇيتى غوجىچى
قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئانەنداغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
يەنە ئەلچى مادىنى ئۆلتۈرگەن توقچى قاشقانى تىرىك تۇتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچى-
سىگە ئېرىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى قۇ-
مۇلنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك جاساقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. تارخانلىقىمۇ
ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا قومۇل بەگلىكىنىڭ مۆھۈرى، كۆ-
مۈش ۋە چوڭ قىزىل تۇغ بېرىدۇ. گوپا بەگنى 2 ـ دەرىجىلىك
بەگلىككە تەيىنلەپ ئايماق ئىشلىرى ياردەمچىلىكىگە بەلگىلەيدۇ.
ئۇنىڭغا 100 ئەسكەر بېرىپ شۇجۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.
مىلادى 1698 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 37 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى قۇمۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالىدۇ.
ئايماق باشقۇرغۇچى جاڭجىڭ، سەنلىڭ، زولىڭ، ناۋچى ئەمەل-
دارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. شۇجۇغا ئايرىم بىر زولىڭ بەلگى-
لەيدۇ. قومۇللۇقلارنىڭ گەنسۇغا بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلىشىغا
قولايلىق شارائىت يارىتىپ 15 كىشىگە شۇجۇدىن قاتناش بىلەن
بېيجىڭغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. قۇمۇل ھەم-
مىدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغاندىن كې-
يىن، سىۋان ئاراپتان بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالىدۇ. «سىۋان
ئاراپتان قومۇلغا بىرقانچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ غالداننىڭ ئوغ-
لىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىغان. تۇتۇلغان ئويراتلارنى تۇرپانغا
قايتۇرۇشقا ئالاقە ئەۋەتكەن. قۇمۇلنىڭ ئىچكىرىگە تەۋە بولۇشى-
نىڭ سەۋەبىنى سوراپ ئەيىپلىگەن. ئەبەيدۇللا: «مېنىڭ ھۆكۈ-



مەتكە ساداقەتلىك كۆرسىتىپ تەۋە بولغانلىقىم مەجبۇرى ئەمەس.
ئىختىيارىم بىلەن بولغان ....» دەپ جاۋاب بەرگەن (چى
يۈنشىنىڭ «مىللىي رايونلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى خاتىرى-
سى» دېگەن كىتابنىڭ 15 ـ تومى).
مىلادى 1696 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى) چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرى غالداننى مەغلۇب قىلىدۇ. غالدان مەغلۇب
بولۇپ ئىككىنچى يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. 1700 ـ يىلى
سىۋان ئاراپتان جۇڭغار خانلىقىنى قايتا قۇرۇپ پۈتۈن شىنجاڭنى
بويسۇندۇرىدۇ. ئۇ تۇرپاننى بازا قىلىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىدۇ
ھەمدە خېشى كارىدۇرىنى پاراكەندە قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى: قۇمۇل خېشىنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خېشىنى قوغداش
كېرەك، خېشىنى قوغداش ئۈچۈن قۇمۇلنى قوغداش كېرەك،
دەپ قارايدۇ. ئەبەيدۇللامۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي
ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قۇمۇل ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
نىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە ئۈمىد باغلايدۇ. شۇنىڭدىن
تارتىپ ئەبەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلى-
رىغا ماسلىشىپ سىۋان ئاراپتان ۋە باشقا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
بىلەن 55 يىلغا سوزۇلغان ھەربىي كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ.
1700 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 39 ـ يىلى) سىۋان ئاراپتان
قۇمۇلدىن تۇرپانغا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا بارغان كىشىلەرنى
بۇلاپ، ئۆلتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەيىپلىشىگە
ئۇچرايدۇ. سىۋان ئاراپتان ئۆزىنى كۈچلۈك ھېسابلاپ، كەڭ
كۆلەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ.
1701 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 40 ـ يىلى) ئەبەيدۇللا ۋاپات
بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى گوپا بەگ 1 ـ دەرىجىلىك تارخانلىققا

ئولتۇرىدۇ.
1711 - يىلى (كاڭشىنىڭ 50 - يىلى) گوپا بەگ ۋاپات
بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىن ئورنىغا ئولتۇرىدۇ.
1716 - يىلى (كاڭشىنىڭ 55 - يىلى) سىۋان ئاراپتان
ئىككى مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار
شىمالىي قورۇق ئەمەلدارىنى بۇلاپ شەھەرگە يېقىنلىشىدۇ. چىڭ
سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ يۈجىسى پەن جىشيەن 200 خان ئەس-
كەرنى باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە باتۇرا-
نە قارشىلىق كۆرسىتىپ 90 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ 3 نى تىرىك
تۇتىدۇ. سىۋان ئاراپتاننىڭ قوشۇنى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا چېكىن-
نىدۇ. كېيىن ئۇلار شۇجۇدىن قۇمۇلغا ياردەمگە كەلگەن خان
ئەسكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاندىن چېكىنىپ
كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلغا 15 مىڭ سەر
كۈمۈش، گۈرۈچ، ئاشلىق، قوي، كالا بېرىدۇ. قۇمۇلدىن چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆزدە قايتا
ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتى: «قۇمۇلدا زولىڭ ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىچ-
كىرى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسا بول-
مايدۇ» دەپ، چوڭ قوشۇننى باركۆلدە تۇرۇپ جۇڭغارلاردىن
مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتىدۇ (خې نىنىنىڭ «مۇسۇلمانلار رايون-
نىڭ تەزكىرىسى» نىڭ 11 - تومى). چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلى-
رىنىڭ قۇمۇلنى ساقلىشى قۇمۇل خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا شارائىت يارىتى-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا پائال
ياردەم بېرىدۇ. تالناچىندا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ.
ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇننى ئارپا، ئاتلار بىلەن تەمىنلەي-



دۇ. 1727 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى: «ئىمىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالاھىدە كۈچ
چىقاردى. قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى باشلاپ، تېرىقچىلىق قى-
لىپ ئارمىيىگە ياردەم بەردى. مۇكاپاتلاشقا بەكمۇ لايىق. شۇڭا،
جىنگوگۇڭلۇق ئۇنۋانى بېرىلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. يۇڭ-
جېڭنىڭ 7 - يىلى ئىمىن بېيجىڭغا بارغاندا بەيسى ئۇنۋانىغا ئىگە
بولۇپ ئېسىل سوۋغا - سالاملار بىلەن قايتىپ كېلىدۇ (خې
نىنىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەسىراتى») نىڭ 11 - تومى).
1725 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 3 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرى باركۆلدىن چېكىنىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇمۇلدا 500 ئەسكەر قالى-
دۇ. ئەنشى بازىرىدا تۇرۇشلۇق خان ئەسكەرلىرى كۆپەيتىلىپ،
جىايۈگۈەندىن قۇمۇلغىچە بولغان ھەرقايسى ھەربىي پونكىتلاردا
تۇرغۇزۇلىدۇ.
1729 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 7 - يىلى) سىۋان ئاراپتان
ئۆلۈپ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى غالدان سېرىن ئورنىغا ئولتۇرۇپ قارقا
قاتارلىق جايلارغا بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتى فورداننى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جياڭجۈنلىك-
كە تەيىنلەپ، شىمالدىن يول ئېلىپ ئالتاينى ساقلاشقا، يۆي
جۇڭچىنى نىڭشيۈەن جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەپ باركۆلنى ساقلاشقا
ئەۋەتىدۇ. كۆشۈتىدە فېرما قۇرىدۇ. 1731 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ
9 - يىلى) جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى يۆي جۇڭچىنىڭ بېيجىڭغا
كەتكەنلىكىنى بىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 20 مىڭ ئەسكەر
باشلاپ كېلىدۇ، ئات - تۆگىلەرنى بۇلۇشچە بۇلايدۇ. يۆي
جۇڭچى ھۆكۈمەتكە: «قۇمۇلدا جۇڭغارلارغا خەۋەر قىلغۇچىلار
بار. ئۇلار جۇڭغارلارنى باشلاپ ئات - تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتكەن»

دەپ دوكلات قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنىلا ئىمىنگە يۇمشاق ۋاستە ئارقىلىق بېقىندۇرۇش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ «قۇمۇللۇقلار ئانچە ئىشەنچىلىك بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ دەردىگە يېتىشىمىز، ئۇلارنى كەچۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭغارلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ. بىرەر قېتىم خەۋەر بېرىشىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇلاردىن پەخەس بولۇشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارنى گۇمانلاندۇرۇپ، قورقۇتۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ (خې نىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەپسىراتى» نىڭ 11 - تومى).

1732 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى) غالدان سىرىن سەپتىندۇڭ، رىنامزال قاتارلىقلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەسكەر باشلاپ قۇمۇل ۋە تالناچىنغا تېگىش ئۈچۈن، لوقاقلىق ۋە لاخۇرسۇدىن ماڭدۇرىدۇ. شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر ئارمىيە - خەلق بىر تەرەپتىن قارشىلىق قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن يۈي جۇڭچىدىن ياردەم سورايدۇ. يۈي جۇڭچىنىڭ ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنى ئاستانىدا دۈشمەننىڭ 5 مىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئۇچراپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشىدۇ. جۇڭغار قوشۇنلىرى ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي بەدەر قاچىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم شەھەرنى قوغداپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە 5 مىڭ سەر كۈمۈش تارتۇق قىلىدۇ. ھەمدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدا بولغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن 10 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىدۇ.

1735 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى



قوشۇنلىرى چېكىنىپ كېتىپ بارىكۆل - قۇمۇللاردا پەقەت 2 مىڭدىن ئەسكەر قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى توغۇچى، جىگدىلەرگە 3 مىڭ، تالناچىنغا 5 مىڭ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىل، جېنىنى، ليۇكوغولى، بورلۇڭ جىر، چاۋۋەن قاتارلىق 5 جايغا 5 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. مالىيەنجىڭزى، شىڭشىڭشيالاردا خەۋەرلىشىش پونكىتى تەسىس قىلىپ ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.

1736 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 1 - يىلى) ئىمىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «ھەربىي ھەرىكەت باشلانغاندىن كېيىن قۇمۇلدا 27 مىڭ 500 دادەن ئاشلىق ئېلىنىدى. ھازىر 18 مىڭ دادەن ئاشلىق چىقىم قىلىنىدى. نۆۋەتتە بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇن چېكىنىپ بولدى. لېكىن، بىزنىڭ شۇ جايدا بۇرۇنقىدەك تېرىقچىلىق قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايلا» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۇل سوۋغا قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ (خې نىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەپسىراتى» نىڭ 11 - تومى). تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلارغا 10 مىڭ سەر كۈمۈش تارتۇق قىلىدۇ، ھەمدە غەللە - پاراقنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

1740 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى) ئىمىن ۋاپات بولىدۇ. چوڭ ئوغلى يۇسۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ جىنگوگۇڭلۇق ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى بەيسى دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. ئىككىنچى يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شىرا، كۇر، بورو قاتارلىق داۋانلاردا خەۋەرلىشىش پونكىتى ئورنىتىدۇ. يۇسۇپ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنى يەم - بوغۇزلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1748 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 13 - يىلى) يۈسۈپ چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، ھۆكۈمەتكە تەۋەلىك بىل-
دۈرگەن تۇرپانلىق ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز تە-
ۋەلىكىگە ئالدۇ ۋە زولىڭ تەسىس قىلىپ تىرىقچىلىق قىلىشقا
يەر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلى-
شىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەسلى قۇمۇلنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ
كېيىن ئەسكەرلەر تېرىۋاتقان سايىپشى، دالىيار قاتارلىق جايلاردى-
كى يەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مەھسۇ-
لاتلارنىڭ 40% نى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 18
- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەرلەردىن ھۆكۈمەتكە غەللە
- پاراق تاپشۇرماسلىقنى قارار قىلىدۇ.

1755 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى
خانى گاۋزۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى باشلايدۇ.
قۇمۇل شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ بازىسى ۋە مۇستەھكەم
ئارقا سېپىگە ئايلىنىدۇ. يۈسۈپ ئۇيغۇر خەلقىنى باشلاپ ۋەتەننى
بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ.

1756 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى) تۇرپاندا مەڭلىك
ئىسيان كۆتىرىدۇ. يۈسۈپ ئورۇنباسار ئەسكەر ئەمەلدارى زۇ-
يۈڭلۇڭ بىلەن بىرلىكتە مەڭلىكنىڭ ئوغلى ئاق خوجىنى تىرىك
تۇتىدۇ. ھەمدە تۇرپاننىڭ جاساق فۇگوگۇڭى ئىمىن خوجىغا
خەۋەر قىلىدۇ. يەنە 300 ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىمىن خوجىغا ياردەم
بېرىپ توپىلاڭنى باستۇرىدۇ.

1758 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى
خانى گاۋزۇڭ چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇش
ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. يۈسۈپ ئۆزىنىڭ 100 دىن ئارتۇق



ئەسكىرىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ جازا
يۈرۈشىگە ئاتلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈسۈپكە «قو-
شۇن باشلىقى» دېگەن ئەمەل بېرىپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە كۆرى-
دۇ ۋە ئىشەنچىلىك ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ. يۈسۈپ چىڭ سۇلالى-
سى قوشۇنىغا ئەگىشىپ يېڭىدىن ئېلىنغان شەھەرلەرنى مۇستەھ-
كەملەيدۇ. ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىدۇ.

چوڭ - كىچىك خوجىلار ئوچۇق - ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈر-
گەندىن كېيىن، كۇچانىڭ ھاكىم بېگى قاتارلىقلار ئۆز يۇرتىنى
تاشلاپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدۇ. چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتى كۇچانى يەنە يۈسۈپنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ.

1758 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 7 - ئايدا)
«سىلىم ۋە شايارلىق مۇسۇلمانلار تەۋە بولۇشنى ئىلتىماس قىلى-
دۇ. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، گازارمىغا ئېلىپ
كېلىدۇ. قېلىشنى خالىغانلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالىدۇ. 8 -
ئايدا كۇچا ئېلىنغاندىن كېيىن يارخاشاڭ يۈسۈپنى كۇچانى ساقلا-
شقا بۇيرۇيدۇ. ئاقسۇ تەسلىم بولغاندىن كېيىن چېگرىنى تىنچلاندى-
دۇرۇش جياڭجۈنى جاۋخۇي يۈسۈپكە ئاقسۇنى ساقلاشقا بۇيرۇق
قىلىدۇ. ئۈچتۇرپان تەسلىم بولغاندىن كېيىن، يۈسۈپنىڭ شۇ
جاينى ساقلىشىغا يەنە بۇيرۇق قىلىدۇ» (خې نىنىنىڭ «مۇسۇل-
مانلار رايونى تەزكىرىسى» نىڭ 11 - تومىدىن). 10 - ئايدا چىڭ
سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى يەكەننىڭ يېڭىچىپان
دېگەن يېرىدە مەغلۇب بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۈچتۇرپاننى ساقلاۋاتقان
ئەسكەر پەقەت 250 كىشى ئىدى. يۈسۈپ ئارقا سەپتە بېرەر
ئۆزگىرىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا 500
ئەسكەر يۆتكەپ كېلىدۇ. ئاندىن پروتكىلاردىن ئەسكەر قوبۇل

قىلىپ ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك، ئات، چاي، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىپ يەكەندىكى توپىلاڭچىلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇش، جاۋخۇينى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يۇسۇپ يەنە ئات - تۆگە يۆتكەپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇسۇپنى تەقدىرلەپ بېيىلىلىققا ئۆستۈرىدۇ. جاۋخۇي مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ مۇستەھكەم ئارقا سەپكە ئىگە بولغانلىقتىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1759 - يىلى) ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ قوشۇنىنى تېز يوقىتىدۇ.

1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇسۇپكە ئايماق ۋاڭلىقىنى بېرىدۇ. گاۋزۇڭ يەكەن، قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى باشقۇرۇشقا «مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتىنى باشقۇرۇشتا ئۆز مىللىتىدىن بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن مەقسەتتە، يۇسۇپنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق سەنجەن ئامباللىقىغا تەيىنلەيدۇ ۋە جەنۇبتىكى 8 شەھەرگە قوماندان قىلىپ ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپاننى مۇھىم جاي دەپ بىلگەچكە ئۇ يەرگە ئاسانلىقچە ئادەم تەيىنلىمەيدۇ. چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ مالىمانچىلىقى تىنچلانغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1760 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى) يۇسۇپنىڭ ئۇكىسى ئابدۇللانى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم بەگ قىلىپ تەيىنلەپ قۇمۇل ۋاڭ ئەۋلادلىرىغا ئالاھىدە ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇللا ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇچتۇرپاننىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى سۇچىڭ بىلەن تىل



بىرىكتۈرۈپ، خەلقنى ئاياق - ئاستى قىلىپ قاقتى - سوقتى قىلغانلىقتىن شۇ جايدىكى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئابدۇللا قاباھەتلىك كىشى بولۇپ ئۇچتۇرپانلىقلارنى قامچىلاپ ئۇرۇشقا ئادەتلىنىدۇ. مال - دۇنياغا تويماي كۆپ تەرەپتىن قاقتى - سوقتى قىلىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىمۇ خالىغىنىنى قىلىپ خەلقنى ئالداپ - سالداپ، دەرت - ئەلەمگە سالىدۇ. «ئابدۇللا زوراۋانلىق قىلىپ ئۆز تۇغقانلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ئىشكارلار ئۇنىڭغا بولۇشۇپ خەلقنى ئاياق - ئاستى قىلىپ ئۇلارنىڭ رەخت - پۇچۇق، ئاشلىق، ئات، قويلىرىنى زورلۇق بىلەن ئالاتتى. بۇنىڭغا كۆندىمىگەنلەرنى ئۇرۇپ دۇمبالايتتى. رايىغا باققانلارنى تەقدىرلەپ ماختايتتى» (ۋېي يۈەننىڭ «مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار خاتىرىسى» نىڭ 4 - تومى).

ئابدۇللا قاتارلىقلار خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپلا قالماي، شۇ جايدىكى كىچىك مەنسەپدارلارنىمۇ خالىغانچە قامچىلايتتى. 1765 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى) شۇ جايدىكى بىر كىچىك مەنسەپدار سوۋغا - سالاملىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ نەگە ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەي ئابدۇللادىن يولىيورۇق سورايدۇ. ئابدۇللا بولسا «ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دەپ نەچچە ئون قامچا ئۇردۇرىدۇ. بۇ كىچىك مەنسەپدار ئامالسىزلىقتىن مۆھۆر بەگدىن يولىيورۇق سورايدۇ. ئۇمۇ «ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دەپ 30 پالاق ئۇردۇرىدۇ. «شۇڭا مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ناھەقچىلىككە قارشى قوزغىلىشنى ئويلاشقان» («جەنۇبىي شىنجاڭ تەسراتى» نىڭ 12-تومى).

ئۇچتۇرپان خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قوزغىلىش ھارپىسىدا بىر كىشى ئابدۇللاغا بۇ سىرنى ئاشكارلاش

ئۈچۈن بارىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئابدۇللا «چالا مەس بولىۋالغان بولۇپ»، «كەيپىمنى بۇزماقچى» دەپ بىلىپ «گېپىگە ئىشەنمەي ئۇ كىشىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ» (يۇقىرىقى كىتابتىن). شۇ كېچىسى يېرىم كېچىدە قوزغىلاڭچىلار يامۇل مەھكىمىسىگە بۆسۈپ كىرىپ ئابدۇللا ۋە ئائىلىسىدىكى ھەممە كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن سۇچېڭنىڭ مەھكىمىسىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. سۇچېڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ.

قوزغىلاڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ يامان ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقتىن كېلىپ چىققانىدى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى جياڭجۈنى مىڭ رۈي: «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. قاقتى - سوقتى قىل دېسە ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ» دەپ ئۇلارنى تەڭشىمەكچى بولىدۇ. بىراق چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭ: «بۇ كىشىلەر بىزگە بالدۇر تەۋەلىك بىلدۈرگەن يەرلىكلەر، كۈچ چىقىرىپ ھۆكۈمەتكە تۆھپە قوشقان، ئۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىز» دەپ قوشۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

1763 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى) يۇسۇپ يەكەنگە يۆتكىلىپ شۇ جايىنى ساقلايدۇ. 1766 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى) يۇسۇپ يەكەندىن قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ھەمدە چوڭ ئوغلى ئىبراھىمنى ئېلىپ بېيجىڭغا بارىدۇ. يولدا ئىككىسىلا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ.

قۇمۇلنىڭ 5 - ئەۋلاد ۋاڭى ئىسھاق يۇسۇپنىڭ ئىككىنچى



ئوغلى بولۇپ ئايماق ۋاڭ دەرىجىلىك جاساق بېيلىلىقتا ۋارىسلىق قىلىدۇ. 1771 - يىلى ئۇ بېيجىڭغا بارغاندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئۈچ كۆزلۈك توزنىڭ قانىتى سانچىلغان قالپاق، سېرىق پىنجەك تارتۇق قىلىپ، چيەنچىڭمېن ئىشىكىدىن كىرىپ - چىقىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. مىلادى 1773 - يىل (چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسھاققا «قوشۇن باشلىقى» دېگەن ۋەزىپىنى بېرىپ، ئىلىدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا مەسئۇل قىلىدۇ. كېيىن (چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى) ئۇ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. 1780 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى) ئىسھاق ۋاپات بولىدۇ.

قۇمۇلنىڭ 6 - ئەۋلاد ۋاڭى ئەردىشىر ئىسھاقنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1780 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى) ئايماق ۋاڭ دەرىجىلىك جاساق بېيلىلىقتا ۋارىسلىق قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي شىنجاڭدىكى تۆت شەھەردىكى «بالدۇر تەۋە بولغان يەرلىكلەر» گە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. مىلادى 1788 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى 1 - ئايدا) گاۋزۇڭ مۇنداق دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ: «قۇمۇل، تۇرپان ئىككى رايون تارىختىن بۇيان دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. قالغان شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلار بولسا پېقىر شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندىلا تەۋە بولغان بولۇپ 30 يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەپقەت ياغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارغا ۋاڭ، بېيلى، بەيسى، گۇڭ، تەيجى قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بېرىشكە بولىدۇ». چيەنلۇڭنىڭ 48 - يىلى ئۇ مىللىي ئىشلار مەھكىمىسىگە ئۇلارنىڭ ئۇنۋان - مەرتىۋىلىرىنى ئېنىقلاپ يا ئاتا مىراس قىلىشقا، يا دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ ۋارىسلىق قىلىشقا بەلگىلەشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئىش شۇ بويىچە بىجىرىلگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تەۋە بولغانلى-
قىغا ئۇزۇن يىل بولغانلىقتىن پىقىرنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدار
بولۇپ ئۆز ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئىشلىدى. مەسىلەن، قۇمۇلنىڭ
ئايماق ۋاڭى دەرىجىلىك بەيسى ئەردىشىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئەبەي-
دۇللا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ بىرىنچى ئەۋلاد ئۆتتى. ئەردىشىرنىڭ
بوۋىسى يۈسۈپ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكە-
نىدى. ئۇلار ھەربىي ئىشلار جەھەتتە خىزمەت كۆرسىتىپ ئۇنۋاذ-
غا ئېرىشكەن ياكى بولمىسا ئاتا - بوۋىسىنىڭ شەپقىتىگە ئۇنۋان
بېرىلگەن. ئەگەر بىز بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ئۇلارنىڭ دەرىجىلى-
رىنى چۈشۈرۈپ ۋارىسلىق قىلدۇرساق، پىقىر مۇسۇلمانلارنىڭ
بېشىنى سىلاش مەقسىتىگە يەتمىگەن بولىمەن. شۇڭا، ئەردى-
شىر، سىيىتۋالدى، ئوسمان، ئىبراھىم، ئېرمىزاپ بابا، ئابلا،
پەرىدۇن، ئابدۇنەزەر، پاشا قاتارلىق ئون كىشى ھازىر ۋارىسلىق
قىلغان ۋاڭ، بەيسى، گۇڭ، تەيجىلىك ئۇنۋانلىرىنىڭ دەرىجىسى
چۈشۈرۈلمەي ئاتا مىراس بولۇپ قالسۇن . . . .» («چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خاتىرە»نىڭ 1296 - بابى).

مىلادى 1813 - يىلى (جياچىڭنىڭ 18 - يىلى) ئەردىشىر
ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىشىر 7 - بولۇپ ۋاڭلىقتا
ۋارىسلىق قىلىدۇ. جياچىڭنىڭ 18 - يىلى 2 - ئايدا ئايماق ۋاڭ
دەرىجىلىك جاساق بېيلى بولىدۇ.

مىلادى 1820 - يىلىدىن 1828 - يىلىغىچە (جياچىڭنىڭ
25 - يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلىغىچە) چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى ئەسكەر ئەۋەتىپ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچلاذ-
دۇرىدۇ. قۇمۇل ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىغا ئايلىنىپ، ھارۋا
- تۆگىلەر بىلەن ھەربىي تەمىنات بۇيۇملىرىنى توشۇپ بېرىدۇ.
پەقەت 1826 - يىلى بىر يىلدىلا بىشىر ئۆز رايونىدىن مىڭ دانە



كالا ھارۋىسى توپلاپ قۇمۇلدىن تۇرپانغا ھەربىي ئاشلىق يۆتكەپ
بېرىدۇ. مىلادى 1832 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى) بىشىر
جۇنۋاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ. مىلادى 1864 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 3
- يىلى) ئۆستەڭ چېپىشتا خىزمەت كۆرسىتىدۇ ۋە چىنۋاڭلىق
ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، قۇمۇلنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرىش ئامبال-
لىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

مىلادى 1864 - يىلدىن باشلاپ (تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى)
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغى-
لىڭى پارتلايدۇ. بىشىر ئۆز تەۋەلىكىدىكى تەيجى، بەگلەرگە
مۇداپىئەلىنىشنى ۋە باستۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئۇقتۇرىدۇ. مىلا-
دى 1864 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (تۇڭجىنىڭ 3 -
يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) قۇمۇل خۇيزۇلىرىدىن ماجاۋچ-
ياڭ، ماخۇەن قاتارلىقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بىشىر ۋە قۇمۇل-
نىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى ۋىڭ لىڭلار ئەسكەر باشلاپ باستۇرى-
دۇ ۋە ماجاۋچياڭ، ماخۇەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. 10 - ئاينىڭ 2
- كۈنى تۇخۇلۇق خۇيزۇ ماتىيەنسەي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شۇ
جايدىكى باجگىر ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەمدە جەنۇبتىكى تال-
ناچىنغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بىشىر زەنگى باقى، گارنىزون ئەمەلدا-
رى جاۋيىڭجېلەرنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ تۆمۈرتى
دېگەن جايىدا ماتىيەنسەي ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇلدا چىڭ
سۇلالىسى ئەسكەرلىرىدىن پەقەت 500 ئەسكەر ۋە ئەنشىدىن كەل-
گەن 200 ياردەمچى ئەسكەرلا بار ئىدى. 6 - ئايدا خۇيزۇلاردىن
خېيلاۋۋا، ئۇيغۇرلاردىن سۈپۈرگە قاتارلىقلار كونا شەھەرنى ۋەي-
ران قىلىپ، ئىش بېجىرىش ئامبىلى زاڭداڭگانى ئۆلتۈرىدۇ ۋە
شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرىپ بىشىر ۋاڭنى تىرىك تۇتىدۇ.
مىلادى 1866 - يىلى 7 - ئايدا (تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى 6 -

ئايدا) باركۆلدىكى ئەسكەر باشلىقى خې گوەن قۇمۇلغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن يۈجىلىڭشىياڭنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار شەھەرنى ئىش-
غال قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار تۇرپانغا چېكىنىدۇ. بۇ چاغدا قوز-
غىلاڭ ئوتى يالقۇنلاپ كەتكەندى. بىشىر مىنئەن ئايماق ۋاڭىنىڭ
مۇڭغۇل ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە كېلىشكە ۋە شۇ ئارقىلىق بارد-
كۆل، قۇمۇلدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە تۇرپانغا ھۇجۇم
قىلىش مەقسىتىدە چىڭ سۇلالىسى ئوفىتسېرى ئورياسوتاينى
ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شۇجۇغمۇ بىرقانچە نەپەر ئەلچى
ئەۋەتىدۇ. چىڭ لۇڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.
بىراق بۇلاردىن نەتىجە چىقمايدۇ. 12 - ئايدا سۇپۇرگە جەنۇب
ۋە شىمالدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ 5 مىڭدىن ئارتۇق قوزغى-
لاڭچىلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرىنىڭ مۇئاۋىن لەشكەر باشلىقى لىڭ شياڭ 3 مىڭ
ئەسكەرنى، شاسىلىم بەگ 5 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ئالدىغا چىقى-
دۇ. نەتىجىدە ئۇلار لىيۇشۇچۈەندە پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. شۇ
چاغدا بەزى كىشىلەر بىشىرنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان.
بىشىر: «بىز ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ تەڭرىنىڭ شەپقىتى بى-
لەن بۇ يەردە تۇردۇق، ئەمدى ئۆلۈم ئالدىدا قاچساق بولامدۇ؟
» دېگەن ( «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي ئارگىناللىرى» نىڭ 493
- تومى) . ئۇ قالغان - قاتقان 2 مىڭ ئەسكەرنى يىغىپ سۇمقاغى-
دا قوزغىلاڭچىلار بىلەن قايتا ئېلىشىپ يەنە مەغلۇب بولىدۇ.
ئۆزى تىرىك قولغا چۈشىدۇ. مىلادى 1867 - يىلى 2 - ئايدا
(تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى 1 - ئايدا) بىشىر قوزغىلاڭچىلار تەرىپى-
دىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى ئۇنى خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ قاراپ ئۇنىڭغا چىنۋاڭ
دېگەن نام بېرىدۇ، ھەمدە 120 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ شەھەر-



نى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ياسىتىدۇ.

بىشىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەت 8 - بولۇپ ۋاڭلىققا ۋارىسلىق
قىلىدۇ. مىلادى 1867 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى) ئۇ
جاساق چىنۋاڭ بولىدۇ. ئۇ پالەچ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ
قالغاچقا، ئۇنىڭ ئانىسى مېھرىبانۇ ھۆكۈم سۈرىدۇ. مىلادى
1868 - يىلى 8 - ئايدا (تۇڭجىنىڭ 7 - يىلى 7 - ئايدا)
قۇمۇلنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى ۋېڭ لىڭ ئەنشى، دوڭخۇاڭ-
لاردا ئەسكەر قوبۇل قىلىپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ قۇمۇلنى
ئىدارە قىلىدۇ.

مىلادى 1873 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 12 - يىلى كۈزدە) بەي
يەنخۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر باشلاپ شۇجۇدىن قۇمۇلغا
كېلىدۇ. 9 - ئايدا بەي يەنخۇ قۇمۇللۇق ئۇيغۇر يۈسۈپنىڭ
ياردىمىدە شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 10 - ئايدا چىڭ
سۇلالىسى ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ. بەي
يەنخۇ مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مېھرىبانۇ قاتارلىقلارنى تۇرپاد-
غا بۇلاپ قاچىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى كېچە - كۈندۈز
قوغلىشىپ لياۋدۇڭغا بارغاندا مۇھەممەت ۋاڭ ئەر - خوتۇننى
قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ۋاڭنىڭ ئانىسىنى بولسا بەي يەنخۇ تۇرپانغا
بۇلاپ كېتىدۇ. كېيىن بەي يەنخۇ ياقۇپبەگكە سېتىلىدۇ. مېھرى-
بانۇ قۇمۇلنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى ۋېڭ لىڭنىڭ كۈچ چىقى-
رىشى بىلەن 1875 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 1 - يىلى) قۇمۇلغا
قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەت چېكىپمۇ ئۆز
ئىززىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەل جامائەت ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇي-
دۇ.

بەي يەنخۇ ياقۇپبەگكە سېتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىسىم
ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇمۇلنى پاراكەندە قىلىدۇ. قۇمۇلــدىكــى

ئارمىيە ـ خەلقتىن دەككە يەپ چېكىنىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ قوللىشى بىلەن ياقۇپبەگ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. پەقەت قۇمۇل رايونىلا قۇمۇلدىكى ئارمىيە ـ خەلقنىڭ قولىدا قالىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ قۇمۇلنىڭ ۋاڭى بولۇش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

مىلادى 1876 ـ يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 2 ـ يىلى) زوزۇڭتاڭ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالىدۇ. جاڭ ياۋ قوماندانلىقىدىكى خېنەنلىك ئەسكەرلەر قۇمۇلنى ساقلايدۇ. كېيىن ئۇلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدۇ. شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ پۈتكۈل كۈرىشىدە قۇمۇل يەنىلا ئەسكەر ماڭدۇرۇشنىڭ بازىسى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىغا ئايلىنىدۇ. كېيىن زوزۇڭتاڭ چوڭ گازارمىسىنى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدۇ. قۇمۇل خەلقى ئالدىنقى سەپكە پائال ياردەم بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى تېزلىك بىلەن قايتۇرۇۋالىدۇ.

مىلادى 1881 ـ يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 7 ـ يىلى) مۇھەممەت ۋاڭ ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا شامەخسۇت ئولتۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋاڭلىرى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ھۆكۈمەتكە سادىق بولغانلىقى، شامەخسۇت چېگرىدا جىددىيلىك پەيدا بولۇپ خىراجەت يېتىشمىگەندە پائال خىزمەت كۆرسىتىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 40 مىڭ سەر ئاشلىق پۇلىنى چىقىم قىلغانلىقىنى دەپ ئۈچ كۆزلۈك توزنىڭ قانىتى سانجىلغان قالپاق تارتۇق قىلىدۇ، ھەمدە چيەنچىڭمىن ئىشىكىدىن كىرىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

مىلادى 1915 ـ يىلى (مىنگونىڭ 4 ـ يىلى) شامەخسۇت بېيجىڭغا بارىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈەن شىكەي شامەخسۇتقا بىرىنچى دەرىجىلىك جاخې ئوردېنى مۇكاپات بېرىدۇ. 24 ـ



كۈنى يەنە ئۇنىڭغا قوش مائاش بېرىپ ئالاھىدە كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شامەخسۇتقا ھىمايىچى سەركەردە ۋەزىپىسىنى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

1930 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 19 ـ يىلى) شامەخسۇت كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نەزەرگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا فۇگوگۇڭلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەنىدى. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈەن شىكەي ئۇنىڭغا بېيسىلىق ئۇنۋانى بەرگەنىدى. 1928 ـ يىلى چىنۋاڭلىققا كۆتۈرۈلگەنىدى. 1929 ـ يىلى (مىنگونىڭ 18 ـ يىلى) جىن شۇرېن ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن ۋەزىپىنى بېرىپ ئۇنىڭ يەر ـ زېمىنىنى ۋە ئېمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. نەتىجىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. 1932 ـ يىلى (مىنگونىڭ 21 ـ يىلى) «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شېڭ شىسەي نەزەرنى ماشىنا بىلەن قۇمۇلغا قايتۇرىدۇ. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا (مىنگونىڭ 23 ـ يىلى) نەزەر ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قادىر سوپى تەرجىمىسى

(«قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلامدىن ئېلىندى)

# تۇرپان جۇنۋاڭى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

مۇھەممەت ئىمىن

چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (مىلادى 1755 - يىلى) جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمانلار رايونى (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى) دىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، شىنجاڭدا بىر يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە زور كۈچ چىقارغان قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا جاساق تۈزۈمىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئەسلىدىكى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

تۇرپان بېگى ئىمىن خوجا قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللادىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمدار. 1732 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپان رايونىدىن چېكىنگەندە، ئىمىن خوجا تۇرپان پۇقرالىرىدىن ئون مىڭغا يېقىن كىشىنى باشلاپ خېشى رايونىدىكى ئەنشىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېشى رايونىدىكى قوشۇنلىـ-



رى ئاساسەن تۇرپاندىن كۆچۈپ بارغان مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تەشكىل قىلىنغانىدى. مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا ئىمىن خوجا «گۇڭ» لۇققا ئېرىشكەن تۇنجى يەرلىك ئاقسۆڭەك ئىدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «جاساق فۇگوگۇڭ» دېگەن نامنى بەرگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويىدۇ؟ بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىختىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىلەر پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى توپىلىڭىنى تىنجىتىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ھامان بۇ جەھەتتىكى تۆھپىنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋ خۇيىنىڭ نامىغا يازىدۇ. بۇنداق قىلىشقۇ توغرا، لېكىن بۇنداق بولغاندا تازا ئەتراپلىق بولمايدۇ. تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئىمىن خوجىنىڭ شۇ قېتىمقى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئىمىن خوجا بۇ قېتىمقى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەمۇرىي ۋەزىپە ۋە پەخرى نام بەرگەن ھەم مەرتىۋىسى يىلمۇ - يىل ئۆستۈرۈلگەن، شۇنداقلا سىزما سۈرىتى جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر راۋىقىغا ئېسىلغانىدى. چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا «بىلگىنىنى ئېيتماي قالمايدۇ، ئېيتقانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق يېرى يوق» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

ئىمىن خوجىنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا تۇرپاننىڭ چوڭ ئاخۇنى بولۇپ، ئىمىن خوجا دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن لۈكچۈنگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ چاغدا

لۇكچۇن شەرقىي موغۇلىستاننىڭ سويۇرغاللىق زىمىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «تۇمەنچى» (تۇمەنبەگ) قويۇلغان بەگلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جاي قارا غوجا، تۇرپان، چالىش (قارا شەھەر) قاتارلىق جايلارنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

1720 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى خانى كاڭشى قوشۇن ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنىڭ سەردارى سېۋان ئاراپتاننىڭ بۆلگۈنچىلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، لۇكچۇنگە كەلگەندە ئەمىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ تۇرپان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقاندا ئەمىن خوجا ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ سۇلالىسى راسا قۇدرەت تاپقان دەۋر ئىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى داباچىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1755 ـ يىلى تېخى خېشى رايونىنىڭ ئەنشى دېگەن جايىدا تۇرۇۋاتقان ئەمىن خوجا 300 دەك ئەسكىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئىلى رايونىغىچە بارىدۇ. بۇ يۈرۈشتە ئەمىن خوجا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ «دۆلەتنى تېنچلاندۇرغۇچى گۇڭ» لۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئەمىن خوجا جۇنۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، بۇ يەردە ئىش بېجىرىدۇ. 1763 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن



لۇكچۇنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئەمىن خوجا ئۆمرىدە ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ پادىشاھ چيەنلۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان. يەنى 1764 ـ يىلى 1 ـ قېتىم بارغان. 1767 ـ يىلى 2 ـ قېتىم بېيجىڭغا بارغان ۋە بۇ يەردە بەش يىلغا يېقىن تۇرۇپ ئاندىن تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن.

ئەمىن خوجىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇ سېۋان ئاراپتان، داباچى، ئامۇرسانا، مەڭلىك، بۇرھانىدىن، خوجا جاھان قاتارلىق كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرىگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

**1. ئەمىن خوجىنىڭ بەگلىك مەنسىپىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى ھەققىدىكى خەلق ئىچىدە ساقلانغان تارىخىي بايانلار**

ئەمىن خوجا (يەرلىك تىلدا ئەمىن تۆرە، ئەمىن سوپى، ئەمىن ھېكىمبەگ، ئەمىن ۋاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ). تۇرپان ئاستانىدىن بولۇپ، مىلادى 1694 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادى 1777 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 13 كىشى 6 ئەۋلاد بولۇپ، 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە ھەم جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوندىن ئارتۇق ۋىلايەت، ناھىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

ئەمىن خوجىنىڭ تۇرپاننىڭ بېگى ئەخمەت باقى (كېپىش بەگ) نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئايماق بېگى بولغانلىقى ھەققىدە مەن لۇكچۇن ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق

زاتلاردىن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى ئىگىلىدىم. ئۇنىڭ بىرىدە مۇنداق
دېيىلىدۇ:
پىچاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدە ئەخمەت باقى (كېپىش
بەگ) دېگەن كىشى پۈتۈن تۇرپانغا بەگ بولۇپ تۇرغان بولۇپ،
ئۇ ئۆز ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش
ئۈچۈن «ئاسماندا ئەۋلىيا، ئەنبىيالار قەسرى بولسا، يەردە مې-
نىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالار سارىيىم بار» دەپ ماختانغان. ئەخمەت
باقى بەگ مال - دۇنياغا تويمايدىغان، چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسە
ئاياق ئاستى قىلىدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى
بولماي، ئەكسىچە ئۇلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان سۆ-
رۈن تەلەتلىك، ياۋۇز تەبىئەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن خېلى
بۇرۇنلا پۇقرالارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى.
ئىمىن خوجا تۇرپاندىكى ئەڭ چوڭ فېئودال سوفى خوجىنىڭ
نەۋرىسى بولۇپ، كىچىكىدىنلا تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) تەربىيىسى
ئېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بوۋىسىنىڭ ئىشانلىقىغا ۋارىسلىق
قىلىپ، نۇرغۇن مۇرىت (سوفى) قوبۇل قىلغان.
1718 - ، 1719 - يىللىرى ئەخمەت باقى بەگ (كېپىش
بەگ) ئىمىن خوجىنىڭ نۇرغۇن مۇرىت قوبۇل قىلغانلىقىنى
ئۆزىگە نىسبەتەن تەھدىت دەپ بىلىپ، ئوردىدىكى يېقىنلىرىنىڭ
مەسلىھەتى بويىچە، ئىمىن خوجىنى ئوردىغا چاقىرتىپ قەتلى
قىلماقچى بولىدۇ. ئىمىن خوجا ئوردىغا كىرىپ، ئەخمەت باقى
بەگكە سالام بەرگەندە، بەگنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئۈچىنچى
ئايالى ئىمىن خوجىغا تۇققان بولغانلىقى ئۈچۈن قولىنى ئۆزىنىڭ
بوينىغا سۈركەش ئىشارىتى بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ قەتلى قىلى-
نىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەقىللىق ئىمىن خوجا ئەھۋالنىڭ
خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ «مىنگەن ئېتىم بەك شاش ئىدى، جايلا-



شتۇرۇپ قويۇپ كىرگەن بولسام» دەپ ئىجازەت ئېلىپ، قېچىپ
كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا لۈكچۈننىڭ غەربىدىكى
پايانسىز يۇلغۇنلۇق ۋە قۇمۇشلۇق جاڭگال ئىچىدە پاناھلىنىپ،
مۇرىتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئەخمەت باقى بەگدىن
ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولۇپ، پۇرسەت كۈتىدۇ. ئەخمەت باقى
بەگنىڭ چېرىكلىرى ئىمىن خوجىنى ئىزلەپ تاپالمايدۇ. ئارىدىن
بىرەر يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەت باقى بەگ بىخۇتلىشىپ
قالىدۇ. ئىمىن خوجا مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئەخمەت باقى بەگنىڭ
ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە يۈزلى-
گەن مۇرىتلىرىنى باشلاپ بېرىپ، تۇيۇقسىز ئوردىنى ئىگىلەپ
ھوقۇق تارتىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋال تەخمىنەن 1719 - ، 1720 -
يىللىرى بولغان. ئەخمەت باقى بەگ ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ،
ئوردىنىڭ ئىمىن خوجا تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغانلىقىنى
بىلىدۇ ۋە سىركىپ بوددا مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ سىرت-
تىن ياردەم كۈتمەكچى بولىدۇ.
لېكىن ئەقىللىق ئىمىن خوجا ئەخمەت باقى بەگنى ئۇنىڭ
ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق ئالداپ، پەسكە چۈشۈرۈپ قەتلى قىلى-
دۇ.
يەنە بىر ھېكايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىمىن خوجىنىڭ
ئاتىسى نىياز خوجا ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى-
دىكى تەيزاڭ بۇددا مۇنارى يېنىدىن ئۆتىدىغان كونا يولنىڭ
جەنۇبىدىكى ھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. قۇتلۇق قاراخان ۋاپات
بولغاندا جەسىتى ئاستانىغا قويۇلۇپ، بۇ جاينىڭ نامى ئەلپاتتاھ
خوجام دەپ ئاتالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نىياز خوجا مۇشۇ
خوجامنىڭ سەپتەگۈرى (ئىزباسارى) بولغان.
1718 - ، 1719 - يىللىرى لۈكچۈن بېگى كېپىش بەگ

( ئەخمەت باقى) چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە لۈكچۈندىكى پۈقرالار
قوزغۇلۇپ ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپتۇ. كېپىش بەگ ئوردا ئۆلد-
ـالىرى ۋە مۇنەججىملىرىنى چاقىرتىپ چۈشىگە تەبىر ئېيتىپ
بېرىشنى تاپىلاپتۇ. ئۆلىمالار بەگلىككە قاراشلىق ئاھالىلەر ئىچد-
ـدىن نام ئاتىقى بولغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىش ھەققىدە مەس-
ـلىھەت بېرىپتۇ. نەتىجىدە، كېپىش بەگ پەرمان چۈشۈرۈپ بەگ-
ـلىك تەۋەسىدىن 700 دەك ئادەمنى تۇتۇپ قاماپ قويۇپتۇ. كې-
ـپىش بەگ ئوردا مۆتىۋەرلىرىگە يەنە كىم قالدى؟ دەپ سوئال
قويۇپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىمىن خوجا تۇتۇلماي قالدى، دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ. ئىمىن خوجا دىن ئىلمىدە كامالەتكە يەتمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى كېلىشكەن، قاۋۇل، قولىدىن ئىش
كېلىدىغان ئادەم ئىكەن.

كېپىش بەگ ئىشنى چىرايلىقچە تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىمىن
خوجىنىڭ ئائىلىسىگە چېرىك ئەۋەتىپ ئۇنى كېپىش بەگنىڭ
مېھمانغا چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئاتا ـ
ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىمىننى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ ـ
دە، چېرىكلەرنى مېھمان قىلىپ، ئوغلىنى دەرھال چىقىرىپ
بەرمەپتۇ. نىياز خوجا چېرىكلەر كەتكەندىن كېيىن ئوغلىغا:
«يولدا ئالدىرىماي ماڭغىن، نامازشامغا ئۈلگۈرۈپ ئوردىغا كىر-
سەڭ بولىدۇ» دەپتۇ. ئىمىن خوجا يولدا ئالدىرىماي ـ تېنىمەي
مېڭىپ، ناماز شامدىن تارىغاندا ئوردا ئالدىغا كەپتۇ ـ دە،
مىنگەن ئېتىنى ئوردا ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ. ئىمىن خوجا
ئوردىغا كىرگەندە، كېپىش بەگنىڭ ئىمىن خوجا بىلەن بىر
مەھەللىلىك بولغان 3 ـ ئايالى بار ئىكەن. ئىمىن خوجا كېپىش
بەگ بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، كېپىش بەگنىڭ
ئايالى ئىمىن خوجىغا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىپ-



ـتۇ. ئىمىن خوجا چىرايىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ
«مىنگەن ئېتىم بەك شاش ئىدى، يېنىغا مېنىڭدىن بۆلەك ئادەم-
ـنى يولاتمايدۇ، ئوردا قوۋۇقىغا باغلاپ قويۇپتىمەن، ئاتنى ئېغىلـ
ـغا ئەكىرىپ قوياي» دەپ كېپىش بەگدىن ئىجازەت ئالغاندىن
كېيىن، ئوردىدىن چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئىمىن
خوجا ئوردىدىن چىقماي، ئوردىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تامدىن
سېيرىلىپ، ئوردىنىڭ كەينىدىكى مېۋىلىك باغقا چۈشۈپتۇ. كې-
ـپىش بەگ شۇنچە كۈپ ساقلىسىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئوردىغا
كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممە جاينى ئاقتۇرۇشقا پەرمان چۈ-
ـشۈرۈپتۇ. چېرىكلەر ئوردا ئەتراپى ۋە باغنى ئاقتۇرۇپتۇ. بۇ
چاغدا ئىمىن خوجا بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقد-
ـۋالغان ئىكەن. چېرىكلەر باغنى ئاقتۇرۇپ ئۇنى تاپالماي كەتكەنـ
ـدىن كېيىن، ئىمىن خوجا باغنىڭ سۇڭگۈچى ئارقىلىق قېچىپ،
ئۇدا ئۈچ كۈن ئوردا ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇ-
ـنۇپ، تۆتىنچى كۈنى ئاستانىدىكى ئائىلىسىگە قايتىپ كەپتۇ.
نىياز خوجا ئوغلىنى يوشۇرۇۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىپتۇ.

قۇتلۇق قاراخانىنىڭ قەبرە تولۇقىغا گەزماللار ئارتىلغان بو-
ـلۇپ، نىياز خوجا ئوغلىنى ئەنە شۇ گەزماللار ئاستىغا يوشۇرۇپ
قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە ئىمىن خوجد-
ـنى ئوردا چېرىكلىرىنىڭ تۇتالمايۋاتقانلىقىنى بىلگەن يېڭى تۇر
مەھەللىسىدىكى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا «ئىمىن، سەن قېچىپلا
يۈرەمسەن؟ ئادەم تويلاپ ئۇنى بىر نەرسە قىلىۋەتسەڭ بولمامدۇ»
دەپتۇ. بۇ گەپتىن روھلانغان ئىمىن خوجا يېڭى تۇر مەھەللىسد-
ـدىن (ھازىرقى تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزا 3 ـ كەنت) 30 ئادەم
يىغىپتۇ. بۇ تارىختا «30 تازلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ
ئەھۋالنى بىلگەن نىياز خوجا ئەلپەتتاھ خوجام ئىچىگە ھېلىقى

30 ئادەمنى يىغىپ، بارماقلىرىنى قىزدۇرۇپ، يوتىلىرىغا باستۇرۇپ قەسەم قىلدۇرۇپتۇ. نىياز خوجا كېپىش بەگنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئىمىن خوجىلارنى كېپىش بەگ ئىشكارغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوردىغا بېسىپ كىرىش ھەم كېپىش بەگ قاماپ قويغان 700 ئادەمنى قويۇۋېتىش، كېپىش بەگ ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، بىر نەچچە كۈن ئوردىدا جىم تۇرۇۋېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلار ئازايغاندا، ئوردىدىن چىقىپ قوغلاپ، زەربە بېرىپ، كېپىش بەگنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ھەم مەھەللىدىن ياخشى ئات ۋە قورال جابدۇقلارنى ئۇلارغا سەپلەپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، ئاستانە يېڭى تۇر مەھەللىسىدىن لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلغان 30 كىشى ئانچە توسالغۇسىزلا ئوردىنى ئىگىلەپتۇ. كېپىش بەگ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، بەگ ئوردىسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە شىكارغا بىللە ئېلىپ چىققان 15 لەشكەردىن 5 لەشكەر قېچىپ كېتىپ، 10 لەشكەرلا قالغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ئىمىن خوجا ناغرا ـ سوناي چالدۇرۇپ، ئوردا ئىچىدىكى بىرنەچچە يۈز كىشى بىلەن چىقىپ كېپىش بەگكە ھۇجۇم قىپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرى كېپىش بەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى سىركىپكىچە قوغلاپ بارغاندا، كېپىش بەگ سىركىپ بۇددا مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرى مۇنار ئۈستىدە كېپىش بەگنى ئۆلتۈرۈپ، لۈكچۈن بەگلىكىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋاپتۇ. بۇ تارىخىي رېئاللىقنى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىز كىچىك چاغلاردا سىركىپ مۇنارى ئۈستىگە چىققاندا بۇ يەردىكى ئوقۇمۇشلۇق پىشقەدەملەر مۇنار ئۈستى-



ـدىكى قارىيىپ كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ، مانا بۇ كېپىش بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جايى دېگەنىدى.

ئىمىن خوجا لۈكچۈنگە بەگ بولغاندىن كېيىن، كېپىش بەگنىڭ 3 ـ ئايالىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋاپتۇ. بەگلىكنى تارتىۋېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن يېڭى تۇر مەھەللىسىدىكى 30 ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلىدە ئەلپەتتاھ خوجامنىڭ ۋەخپە يېرىنى سۇغۇرۇشقا ئاجرىتىلغان بىر ئېرىق سۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى ئېرىق قىپتۇ. بىر ئېرىق سۇنى ئەلپەتتاھ خوجامنىڭ ۋەخپە يېرىگە، يەنە بىر ئېرىق سۇنى يېڭى تۇر مەھەللىسىگە ئاجرىتىپ بېرىپتۇ.

### 2. ئىمىن خوجا ھەققىدىكى رەسمىي تارىخىي خاتىرىلەر

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بىر قىسىم تارىخىي كىتابلاردا ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: «ئىمىن خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى سوفى خوجا قاراغوجا دېگەن جاينىڭ ئاخۇنى، ئاتىسى نىيازمۇ تۇرپاننىڭ چوڭ ئاخۇنى ئىدى. ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەر لۈكچۈندە ئولتۇراقلاشقانىدى. كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى بۈيۈك قوشۇن (چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى) تۇرپاندىن ھال سورىغاندا ئىمىن خوجا لۈكچۈندە تەۋەلىك بىلدۈرگەنىدى. بۈيۈك قوشۇن تۇرپاندىن قايتىپ كەتكەندە، جۇڭغارلار ئۇلارنى قارا شەھەرگە كۆچۈپ كېتىشكە قىستىدى، ئۇيغۇرلار ئۇنىماي رەت قىلىپ، ئىچكىرىگە قوشۇلماقچى بولدى، ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتكەند-

دى» دەپ خاتىرىلەنگەن.
يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1726 - يىلى) ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئاقساقىلى توختى ماموت ئۇيغۇرلاردىن 600 دەك كىشىنى
باشلاپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا لۈكچۈندىكى 10
مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى كۆچۈپ كېتىشنى خالىماي تۇرىۋا-
لىدۇ. ئۇلار ئىمىن خوجىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلار ئىدى.
«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ يەنە بىر يېرىدە
مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كاڭشىنىڭ 58 - يىلى ئىمىن خوجا
پىچاننىڭ ھاكىم بېگى ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا
چىداپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ،
تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ئىچكىرى (چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى - ئا)
گە قارام بولدى». «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دىكى كاڭ-
شى يىلنامىسى 58 - يىلى 8 - ئاي جىيازى ماددىسىدا مۇنۇلار
يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى 300 ئادەم بىلەن تەۋە بول-
دى». يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە تارىخىي ماتېرىيالدا بايان قىلىن-
غان مەزمۇنلار بىردەك بولۇپ، ئىمىن خوجا جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرى تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇل-
لانغاندا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرغان. «شىن-
جاڭ ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 24 - بېتىدە مۇنۇلار
خاتىرىلەنگەن: «1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى تۇرپاند-
غا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا، ئىمىن خوجىنىڭ ئىككى ئاكىسى لۈك-
چۈندە ئىچكىرى ئۆلكىگە قارام بولدى». «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ
ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە، «ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارام
بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى چىڭ سۇلالىسىگە چەمبەر-
چەس باغلىدى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شۇنچە ئۇزۇن يول
يۈرۈپ، يۇمىندىن ئۆتۈپ، شىنجاڭغا كېلىشتە چېرىكلەرنى ئاش-



لىق بىلەن تەمىنلەپ، ئات - ئۇلاغلارنى بېقىش ناھايىتى قول
تۇتىدىغان قىيىن مەسىلە ئىدى. تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ياخشى، تۇپ-
رىقى مۇنبەت ئىدى. ئىمىن خوجا ئۆزىگە تەۋە ئاھالىلەرنى تەش-
كىللەپ، بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق توپلاپ پۈتۈن كۈچ بىلەن
خىزمەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىق، ئوت،
سامان مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى تەقدىر-
لەش ئۈچۈن، پادىشاھ يۇڭجېڭ ئىمىن خوجىنى 20 توپ گەزمال
بىلەن مۇكاپاتلىدى، ھەمدە قول ئاستىدىكى ئاھالىلارغا 2000
سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى كىتاب-
نىڭ «ئىمىن خوجىنىڭ تەرجىمىھالى» بابىدا مۇنداق خاتىرىلەن-
گەن: «يۇڭجېڭنىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1730 - يىلى) ئىمىن
خوجا بوز يەر ئېچىپ، تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، كۈمۈش
پۇل ئىنئام قىلىندى. يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى (مىلادى 1731
- يىلى) جۇڭغارلار لۈكچۈن ۋە قاراغۇجىغا ھۇجۇم قىلغاندا
ئىمىن خوجا لۈكچۈن قەلئەسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا زەربە
بېرىپ چېكىندۈردى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقاتى»
18 - بەت). «جۇڭغارلارنى تېنجىتىش تەدبىرلىرى» (بىرىنچى
جىلد 23 - ، 24 - بەتلىرى) دە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە
مۇنداق دېيىلىدۇ: «يىراقنى تېنچلاندۇرغۇچى سانغۇن يۆجۇڭچى
مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: دۈشمەنلەر لۈكچۈننى 40 نەچچە
كۈن قورشىۋالغاندا، خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر
بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ شەھەرنى قوغدىدى. دۈشمەنلەردىن 200
دىن ئارتۇقراقىنى يوقاتتى... دۈشمەنلەر لۈكچۈننى ئالالمايدى-
غانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېقىن ئەتراپتىكى قاراغوجا قەلئەسىنى
قورشىۋالدى. 300 دىن ئارتۇق شوتا ياساپ قەلئەگە ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرى دۈشمەنگە زەربە بېرىپ،

300 دىن ئارتۇق ئادەمنى يوقاتتى. دۈشمەنلەر بۈيۈك قوشۇننىڭ ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى. بۈيۈك قوشۇننىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ يەنزۇ قاتارلىقلار لۈكچۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئىمىن خوجا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، قەلئە سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ تەنتەنە قىلىشتى».

پادىشاھ يۇڭجېڭ ئىمىن خوجىنىڭ سەمىمىي، سادىق ۋە باتۇرلىقىنى ماختاپ: «ئىمىن خوجا ۋە ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىن كۆڭلىدىن سۇلالىمىزگە قارايدىغان بولدى. ئۇلار دۈشمەنگە قارشى جەڭدە باتۇرلۇق، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئالدىنقى يىلى جۇڭغارلار ئۈچ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن ھەربىيلەر تەڭ كۈچ چىقىرىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. پۈتكۈل قەلئەنى تولۇق ساقلىغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ (دۈشمەننىڭ) بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، قايتۇرما زەربە بەردى. بىرقانچە قېتىم قېلىچۋازلىق قىلىپ، قوغلاشما جەڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق باتۇرلۇق روھىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ»[①]

دېگەن.

پادىشاھ يۇڭجېڭ: «تۇرپان ئاھالىلىرى بىرنەچچە نۆۋەت دۈشمەنگە زەربە بەردى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ راسا غەزىپىنى كەلتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ تۇرپانغا پاراكەندىچىلىك سېلىش مۇمكىنچىلىكى بار» دەپ قاراپ، ئىمىن خوجىغا تەۋە بولغان بىر تۈمەنگە يېقىن ئاھالىنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ناھىيىسىگە كۆچۈرمەكچى بولىدۇ. 1732 ـ يىلى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ شەرققە كۆچۈش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 17 ـ كۈنلىرى لۈكچۈن، سىركىپ، قاراغوجا، مۇرتۇق، سۇ بېشى، لەمجىن،



كىچىك ئاستانە، پىچان، شۆگە، ياڭخې، تۇيۇق، تۇرپان، ئاستانە، خاندۇ قاتارلىق جايلاردىكى 8000 غا يېقىن ئاھالىنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ تاشمىلىق دېگەن يېرىدە قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئەنشىنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا گۇاجۇغا كۆچۈپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1755 ـ يىلى يەنە ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى يەنە تۇرپاننىڭ تارخان بېگى مەڭلىك 1000 ئائىلىنى باشلاپ، چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجا بىلەن تارخان بەگ مەڭلىككە تۇرپاننى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ شەرقىي قىسمى چېگرا قىلىنىپ، پىچاندىن قاراغوجىغىچە ئىمىن خوجا باشقۇرىدىغان، توقسۇن ئىلانلىقتىن ئاستانىغىچە مەڭلىك باشقۇرىدىغان بولىدۇ.

1756 ـ يىلى تارخان بەگ مەڭلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇڭغۇل ئاقساقىلىغا قارام بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ھەم ئىمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ، توپىلاڭغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ئىمىن خوجا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ھەم مەڭلىكنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى چىڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىدۇ. ئىمىن خوجا لۈكچۈندە تۇرۇپ، ئوغلى سۇلايماننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئەسكىرىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىمىن خوجا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئوغلى بىلەن بىللە مەيدانى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنى بەيسىلىككە، ئوغلى

سۇلايماننى گۇڭلۇق دەرىجىسىگە ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
چىڭ سۇلالىسى لۈكچۈنگە بىر نۆۋەت ئەسكەر ئەۋەتىپ يېڭىلىپ
قالىدۇ. ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىلىپ قالغان ئەس-
كەرلىرى بىلەن بىللە قۇمۇلغا قايتىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم
بوكۇي سانغۇن باشچىلىقىدىكى مىڭدەك ئەسكەر لۈكچۈنگە قاراپ
كېتىۋېتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان
تارخان بەگ مەڭلىك قاتارلىق 12 كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قال-
دۇ. بوكۇي سانغۇن تارخان بەگ مەڭلىك قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي
قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىمىن خوجا پۈتكۈل تۇرپان ئويماد-
لىقىنىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ كاتتىبېشى سالاس، ماخوس قاتار-
لىقلار 1757 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇرپان بىلەن
جەنۇبىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالغۇيدىكى ئىككى
خەۋەرلىشىش پونكىتىدىكى ئالتە نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.
پادىشاھ چىيەنلۇڭ خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى چارلاشقا مەسئۇل
بولغان ئەمەلدار مەن فۇنىڭ قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىشى كۈچ-
لۈك بولمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىمىن خوجىغا تىڭ -
تىڭچىلارنى ئەۋەتىشنى ۋە ئەسكەر چىقىرىپ چىڭ سۇلالىسى قو-
شۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ھەققىدە
پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئىمىن خوجا دەرھال تىڭ - تىڭچىلارنى
ئەۋەتىدۇ ۋە ئۆزى تۇقسۇندا تۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق
قىلىدۇ. پادىشاھ چىيەنلۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئىمىن
خوجىنى ئىش بېجىرىشتە كەسكىن ئىكەن دەپ ماختاپ تۆت توپ
مەخمەل بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. مەن فۇ لەشكەر باشلاپ يۇلتۇزغا
كەلگەندە سالاس بىلەن ماخوس 6 - نومۇرلۇق خەۋەرلىشىش
پونكىتىنى تالان - تاراج قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ، پادىشاھ چىيەن-



لۇڭ باركۆلنىڭ خان ئامبىلى ۋە ئىمىن خوجىغا يارلىق چۈشۈ-
رۈپ، ئىككىسىنىڭ تەڭ لەشكەر چىقىرىپ، مەن فۇغا ماسلى-
شىپ، توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ناھايىتى جاپالىق بولىدۇ.
سالاس بىلەن ماخوس يەر شارائىتىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەچكە
ئۇلارغا زەربە بېرىش ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا ئېلىپ بېرىلى-
دۇ. ئىمىن خوجا ئون سەككىز ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ،
سالاس بىلەن ماخوسنى تۇتۇش ئۈچۈن 4 ئاي سەرپ قىلىپ، تاغ
- دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، چۆل جەزىرىلەردە چۈشكۈن قىلىپ،
نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىدۇ.
ئۇلار گەرچە توپىلاڭچىلارنى يوقىتالمىغان بولسىمۇ، ئالاقىلى-
شىش پونكىتلىرىنى كۈچلۈك مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

1700 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزىنى خان دەپ
جاكارلىغان ئەخمەتنى تۇتۇپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەنت ئاستىغا
ئالىدۇ. ئەخمەت ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇلار-
نىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا) كىچىكىنىڭ
ئىسمى خوجا جاھان (كىچىك خوجا) ئىدى. لېكىن جۇڭغارلار
بۇلارغىمۇ ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. ئەخمەت ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلا-
رمۇ دادىسىغا ئوخشاش تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.
1754 - يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى) جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى
داباچى بىلەن ئامورسانا ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى
يۈز بېرىدۇ، بۇ جىددى كۈرەشتە ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمىتىگە ئەل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزۇندىن بۇيان
تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كو-
يىدا بولۇپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ پايدىلىق
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى يۈرۈش

قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يۆنىلىش بويىچە لەشكەر تارتىپ، شۇ يىلى 5 - ئايدا ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن داباچى چېرىكلىرىنى گېرىن تېغىدا پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. داباچى ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بېرىپ ئەسىرگە چۈشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى داباچى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپاننىڭ مۆتىۋەرى خوجاسى بەگ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇل ۋاھاپ بەگنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىدۇ. ھەمدە بۇ ئىككى خوجىنىڭ تۆرە بولۇپ، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ھۆكۈمران بولۇشىغا ماقۇل بولىدۇ[2]. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئولپانلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ تاپشۇرۇشقا پەرمان بېرىش»[3] نى شەرت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. روشەنكى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شەرت بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چىڭ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇرھانىدىن خوجا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىپ، مۇھىم ۋەزىپىگە قويغانلىقىغا دەسلەپتە مىننەتدار بولىدۇ. ئۇ راستىنلا مىڭدەك لەشكەرنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال قارا تاغلىقلار ئىگىلەپ ياتقان ئۇچتۇرپاننى ئالىدۇ. ئارقىدىن ئۇ يەنە قەشقەرنىمۇ ئىشغال قىلىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجا قەشقەردە لەشكەرلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنىڭ ئاخىرقى قورغانى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا بۇرھانىدىن خوجا غەلىبە قىلىپ، «زامان - زاماننىڭ، زامان خاقانى چىننىڭ»[4] دەپ جاكارلايدۇ. بۇرھانىدىن



خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان ئامۇرسانا تېخىمۇ چوڭراق ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشى خوجا جاھانغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجا بولسا ئۆزىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نەزەربەنتتىن ئازاد قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىدىن مىننەتدار بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك لازىم دەپ قارايتتى.

خوجا جاھان ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇرھانىدىن ئارسالدى بولۇپ تۇرغانلىقتىن، خوجا جاھان گۇرۇھى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. 1757 - يىلى خوجا جاھان «باتۇرخان دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئەسلىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تېنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى[5]. شۇڭا، خوجا جاھان ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن زەڭگى ئامىنداۋنى يۈزدىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ ئاسىيلارنى «ئەل قىلىپ كېلىشكە» ۋە ئەھۋالنى بىلىپ بېقىشقا ئەۋەتىدۇ. خوجا جاھان ئامىنداۋ بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. تېنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد يوقلىقىغا كۆزى يەتكەن چيەنلۇڭ خان جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ

ئىشنى ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

خوجا جاھان جۇڭغارلارنىڭ ئويرات قەبىلىسى ۋە ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلايدۇ. 1758 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى) نىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئارخاشاننى ئاسىيلارنى تېنجىتىش سانغۇنى، ئىمىن خوجىنى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن تۇرپاندىن يولغا چىقىپ، ئاسىيلارنى (چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى) تېنجىتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ.

ئىمىن خوجا ئارخاشان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ، ھەم ئۇيغۇرلاردىن يول باشلىغۇچى ئەۋەتىدۇ. ئىمىن خوجا يەنە ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ قارار چىقىرىشىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن سۇنىدۇ. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن پادىشاھ چيەنلۇڭ: «ئاڭلىشىمچە ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئاتاقلىق ئادەم ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ ھىممىتىمدىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇلارنى مېنىڭ پەرمانىمغا بويسۇندۇرغان قىلالىسا خۇددى ئۆز ئادىمىمدەك كۆرۈپ ئىشقا قويغان بولاتتىم. كېلەر يىلى يەكەن، قەشقەرنىڭ ئىشىنى بىرتەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە سانغۇن قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئىمىن خوجا پىششىق بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلىدىم. ئۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتمە بەرگەن ھەم «ئارخاشان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى مەخسۇس ئىشلىمەكچى بولىۋاتىدۇ. ئۇ ئىمىن خوجىنىڭ پىلان، تەدبىرلىرىگە



كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك»، دەپ تەكىتلىگەن. 1758 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇچانى ئېلىش جېڭى شىددەتلىك بولىدۇ. ئۇرۇشتا ئىمىن خوجا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ ھەم خەندەكتىن ئۆتۈپ، توپ ـ زەمبىرەكنى سۆرەپ ماڭغاندا يۈز قىسمىدىكى ئوڭ ياڭاق سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىمىن خوجىنى مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

1759 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنجىغاندىن كېيىن، پادىشاھ چيەنلۇڭ قەشقەر بىلەن يەكەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىمىن خوجىنى جۇۋاڭلىققا ئۆستۈرۈپ، قەشقەر ۋە يەكەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1765 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭ يەرلىك خەلقتىن 240 كىشىنى جىگدە كۆچىتى توشۇش ئۈچۈن ھاشارغا تۇتۇپ، ئۇلارنى يالاپ مېڭىشقا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يۈك ـ تاقلارنى ھاشارچىلارغا يۈدۈتۈپ ماڭماقچى بولىدۇ. بىراق يۈك ـ تاقلارنى نەگە يۈدۈپ بېرىش ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھاشارچىلار بۇ ھەقتە ھاكىمبەگ ئابدۇللادىن يوليورۇق سورايدۇ. ئابدۇللا سۇ چېڭغا يان بېسىپ ھاشارچىلارنى «بىھۆرمەتلىك قىلدى» دەپ ئەيىپلەپ، قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. ھاشارچىلار خان ئامبال مەھكىمىسىنىڭ تامغىچى زەڭگىسى (تامغا باشقۇرىدىغان ئەمەلدار) نى تېپىپ سورىغاندا ئۇمۇ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھاشارچىلارنى 30 پالاق ئۇرغۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاشارچىلارنىڭ كونا يېڭى غەزىپى بىراق ئۆرلەيدۇ. ئۇلار رەخمەتۇللا بەگنى باشلامچى قىلىپ سايلاپ، 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاۋال ئابدۇللانى بالا چاقىسى بىلەن قوشۇپ
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن خان ئامبال يامۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ،
سۇ چىڭ دادا ـ بالا ئىككىسىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق چاكار، چېرىك-
لىرىنى قويماي يوقىتىپ، يامۇلغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ.
بۇ قوزغىلاڭ يېرىم يىلغا يېقىن داۋاملىشىدۇ.

ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان بىلەن مۇسا-
مۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن چىڭ سۇلالە-
سى قوشۇنى بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرىدۇ.
چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنى نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن
مۇكاپاتلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىمىن خوجىنىڭ ھوقۇقى تولىمۇ
يۇقىرى بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر ۋە يانچى سانى كىشىنى چۆچۈتكۈ-
دەك دەرىجىدە ئىدى. 1757 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى)
چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىغا بەيسىلىك مەنسۇۋى بېرىدۇ.
تۇرپاننىڭ شەرقىي، پىچاندىن تارتىپ قاراغوجىغا قەدەر ئۇنىڭ
ئاتا ـ بوۋىسىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارايدىغان
بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ غەربىي ئىلانلىقتىن تارتىپ
تاكى ئاستانىغا قەدەر بولغان يەرلەر يەنە بىر خوجا مەڭلىك بەگكە
قارايتتى[6]. مەڭلىك چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ جوڭغار ئاق-
سۆڭەكلىرىگە ئەگەشكەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قاراشلىق يەر ـ زېمىن ۋە ئاھالىلىرىنىمۇ
ئىمىن خوجىنىڭ قوشۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىمىن خوجىغا قاراشلىق يەر ـ زېمىن ۋە يانچىلار
تېخىمۇ كۆپىيىدۇ[7]. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ دەۋرىگە كەلگەن-
دە، ئالتە شەھەر پۈتۈنلەي سۇلايماننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ.
يەرلىك ئەمەلدارلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قېلىۋېرى-
دۇ[8]. ئەمەلىيەتتە ئىمىن خوجا جەمەتى پۈتكۈل تۇرپان بوستانلى-



قىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە ئاتا
ـ بوۋىسىدىن تارتىپ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان «خۇسۇسىي يەرلە-
رى» بار ئىدى. 1779 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى)
تۇرپان ۋاڭى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن چىڭ سۇلالىسى
ئۇنىڭ 14 مىڭ 700 مو «خۇسۇسىي يېرىنى مۇسادىرە قىلىپ،
يېشىل تۇغقا تەۋە 700 كىشىنىڭ تېرىشىغا بېرىدۇ[9]. مانا بۇ
بەگلەرنىڭ نۇرغۇن «خۇسۇسىي» يەرلەرنى ئىگىلىگەنلىكىنىڭ
مىسالى. ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ 1765 يانچىسى بار ئىدى.
خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۆلۈشلۈك» يېرىنى تېرىش ئۈچۈن، ياد-
چىلارنى «بەگلىك يەر» ىگە قاراپ تەقسىم قىلىشىۋالاتتى[10].
ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ بەگلىرىگە ئېتىبار
بېرىپ، بۇ يەرنىڭ ۋاڭلىرىغا چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمى-
تى ھەر يىلى 1200 سەر تەڭگە، 15 توپ تاۋار تەمىنات بېرىشنى
بېكىتكەنىدى[11]. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنىڭ
دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قوشقان تۆھپىلىرى شەرىپىگە
ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر (زىې-
گۇاڭگې) سارىيىغا ئاستۇرۇش بىلەن بىرگە، پادىشاھ چيەنلۇڭ
ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ، ئىمىن خوجىغا ئاتاپ تۆۋەندىكى نەزمىنى
پۈتكەن:

جەمەتىكى تۇرپاندىن،
بۇرۇنلا توغرا يول تۇتقان.
ھەربىي ئىشقا ھەمدەم بولۇپ،
كۆپلەپ ھەسسە كۈچ قوشقان.
ھال ئەھۋالى ئۇيغۇرنىڭ،
بىر ئوبدان تونۇش ماڭا.
تۆكەر ئىچىدىكىنى،
ساپ ۋىجدانلىق قەتئىي راسا.

## 3. ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى

ئىمىن خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سۇلايمان جۇڭۋاڭ بولىدۇ. سۇلايماننىڭ ئىنىسى مۇسا دادىسى ئىمىن خوجا بىلەن گۇاجۇغا بېرىپ شۇ يەردە چوڭ بولىدۇ، ياشلىق دەۋرىدە ئاتىسى ئىمىن خوجا ۋە ئاكىسى سۇلايمان خوجىلارغا ئەگىشىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنجىتىشقا قاتنىشىدۇ. 1759 - يىلى قەشقەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى ياخشى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، فۇگوگوڭ مەنسىپى بىلەن ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. 1766 - يىلى چيەنلۇڭ خان ئۇنى بېيجىڭغا چاقىرتىدۇ. مۇساگوڭ يەتتە قۇدۇققا بارغاندا جىددىي كېسەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سۇلايماندىن كېيىن ئىسكەندەر، يۇنۇس، پەرىدۇن، مۇھەممەت سەئىد، ئەفرىدۇن، مامۇت، ئىمىن قاتارلىق كىشىلەر ئىمىن خوجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قەشقەر ۋە تۇرپان رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئىمىن خوجىدىن تارتىپ مۇھەممەت سەئىدقىچە يەنى 1759 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى تۇرپان بىلەن قەشقەر رايونىنىڭ ھوقۇقىنى تەڭ يۈرگۈزىدۇ. مۇھەممەت سەئىد ۋاڭغا قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكى بېرىلگەندە، ئۇنىڭ 8 ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇن لۇكچۇڭغا ۋاڭ بولىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر ئەخمەت خوجامنىياز قىسسۇرى مۇنداق دەپ يازغان:

بولدى جۇڭۋاڭ شاھى سەككىز ياشىدا،
لەئىللىق تاجى ئەفرىدۇن باشىدا.
جەددى ئەلاسى ئىمىنخان شەخسىۋاز،
جەددى ئېنىڭ مىرۋەلى بوزرۇكۋار.
ئەۋلىيا ئەۋلادىدىن ۋە ئەھىيادىدىن،
خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئەۋلادىدىن.



1825 - يىلى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى مەزگىلىدە مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەفرىدۇن كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخمەت خوجامنىياز قىسسۇرىدەك ئالىم، ئەدىپلەردىن تەلىم ئالغاچقا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىلىم - مەرىپەت گۈللەنگەن، ئىلىم يۇرتلىرى كۆپلەپ سېلىنىپ، ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەخپە يەرلەر كۆپەيتىپ بېرىلگەن. قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭنى قەشقەرگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى خانىغا تەييارلىغان سوۋغا - مال دۇنياسىنى تارتىۋېلىپ نەزەربەنت قىلغانلىقتىن، 1876 - يىلى قەشقەردە ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

1877 - يىلى تۇرپان رايونى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لۇكچۇندە قايتا ۋاڭ تىكلىمەكچى بولۇپ، ئەفرىدۇننىڭ خانلىقتا مەلۇم قىلغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، كىمنى ۋاڭ قىلىش توغرىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش بولىدۇ. قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئالغان، بىراق ئوردىغا ئەكىلەلمىگەن ئايالىدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلىنىڭ بارلىقى ئېنىقلىنىپ، شۇنى تېپىپ كېلىدۇ. كىشىلەر «پادىچى ۋاڭ» دەيدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىپ كەلگەن مامۇت ئەنە شۇ ئىدى. ئۇ 1881 - يىلى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ، 1882 - يىلى خانىنىڭ يارلىقى بىلەن ۋاڭ بولىدۇ. ئۇ تۇرپان رايونىغا 18 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 1900 - يىلى 6 - ئايدا ئۆرتەڭدە ئۆلىدۇ. مامۇتتىن كېيىن چوڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ بولىدۇ. ئىمىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە غورۇرى دەپسەندە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. 1933 -

يىلى قاچاق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ
لۈكچۈنگە كەلگەندە، ئوردىسىغا ئوت قويىۋېتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ
بىر نەپەر ئاشپىزى بىلەن ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋاڭلىق يىلنامىسى:

ئىمىن خوجا 1759 ـ يىلدىن 1777 ـ يىلغىچە؛ سۇلايمان
1777 ـ يىلدىن 1779 ـ يىلغىچە؛ ئىسكەندەر 1779 ـ يىلدىن
1811 ـ يىلغىچە؛ يۇنۇس 1811 ـ يىلدىن 1814 ـ يىلغىچە؛
پەرىدۇن 1815 ـ يىلى؛ مۇھەممەت سەئىد 1816 ـ يىلدىن
1827ـ يىلغىچە؛ ئەفرىدۇن 1827ـ يىلدىن 1873 ـ يىلغىچە؛
مامۇت 1881 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە؛ ئىمىن ۋاڭ 1932
ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن (ۋاڭلىق تەختىگە چىققان ۋاقتى
ئېنىق ئەمەس).

قۇمۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى 1933 ـ يىلى تۇرپان
ۋاڭلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل گۇمران قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭنىڭ
ئوغلى مۇھەممەت سىيىت 1933 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە
ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىسىمۇ نامدا «سا چىنۋاڭ» دەپ ئاتالغان.

## 1. نۇرمۇھەممەت

نۇرمۇھەممەت ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلى[①]. ئۇنىڭدا
مەلۇم جىسمانىي ئەيىپ بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي ماتېرىياللاردا
ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇل-
مىغان. نۇر مۇھەممەتنىڭ قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئې-

① سۇلايماننى ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلى دېگۈچىلەرمۇ بار — م.



نىق خاتىرە يوق. پەقەت «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىمىن خوجا لەشكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە يىل ئالدىنقى سەپتە ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋە مۇسا ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىپ تۇردى. تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى يەنە بىر ئوغلى غۇلامزاپ بېجىرىپ تۇردى. سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىدۇر. نۇر مۇھەممەت چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن.»

## 2. سۇلايمان

1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرپان شەھىرىدىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتكەندىن بۇيان، نەچچە يۈز مىڭلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ مۇنار تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. مۇنارغا يانداشتۇرۇلۇپ 3 قەۋەت ئىمارەت ئېگىزلىكىدە پەشتاق ۋە چوڭ جامە سېلىنغان. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى مۇنار بولۇپ، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىپسىلاشتۇرۇپ چىقىرىلغان 14 خىل نەقىش كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل بۇرۇنقى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى نامايەن قىلىدۇ. مۇنارنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىكى گۈمبەزگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزگە ئېچىلغان

كۆزنەكتىن تۇرپان شەھىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ
كىرىش ئىشىكىگە بىر خاتىرە تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا
مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن:
«بۈيۈك چىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭغا: خان ئالىيلىرىنىڭ سا-
بىق چاكىرى ئىمىن خوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن جاساق ×× سۇلايمان
قاتارلىقلار بولىمىز. ئىمىن خوجا ×× ھەممىتىگە ئېرىشىپ 83
يىل ئۆمۈر كۆردى. ×× غەمخورلىقىدا ھېچبىر ئاپەتكە ئۇچرى-
ماي، پۇقرالار كۆچىيىپ، مال - ۋارانلار كۆپەيدى. خاننىڭ
بىزگە قىلغان ھەممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر مۇنار ياساتتۇق.
ئۇنىڭغا كەم - كۇتىسىز 7000 سەر كۈمۈش خەجلىدۇق. مەڭگۈ
ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇش نىيىتىدە تاشقا خەت ئويدۇردۇق. بۇنداق
قىلغىنىمىز خان ئالىيلىرىنىڭ ھەممىتىنىڭ 10 مىڭدىن بىرىگە-
مۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلىپ قالسۇن.
چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.»
ئىمىن خوجا چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (مىلادى 1777 -
يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مۇنار ئىمىن خوجا ھايات ۋاقتىدىن
باشلاپ سېلىنىشقا باشلىغان دېيىش مۇمكىن.
خاتىرە تاش ئىمىن خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىتىل-
غان، تاشقا ئويۇلغان خەتتە «... جاساق ×× سۇلايمان...»
دېيىلىش ئەلۋەتتە مەقسەتلىك بوش قالدۇرۇلغان. چۈنكى «خان
ئالىيلىرىنىڭ سادىق چاكىرى ئىمىن خوجا دېيىلىپ، ئۇنىڭغا
«جۇنۋاڭ» دېگەن مەنسەپ بېرىلمىغان. ئۇنداقتا سۇلايمان ئۆز
- ئۆزىنى گۇڭ ياكى جۇنۋاڭ دېگەن مەنسىپى بىلەن يېزىپ
قالدۇرسىمۇ ئەلۋەتتە بولمايتتى. سۇلايماننىڭ نامى مۇنار بىلەن
بىرلەشتۇرۇلۇپ، «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» دەپ ئاتالغانلىقتىن،
ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالدى.



بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن سۇلايماننىڭ
تۇغۇلغان ۋاقتى ياكى ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ
ھەقتە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. خۇاڭ جەنخۇا يازغان «ئىمىن
خوجىدىن كېيىنكى تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى توغرى-
سىدا» دېگەن ماقالىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا
ئاساسەن سۇلايماننىڭ ھاياتىغا دائىر ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە بايان
قىلغىلى بولىدۇ.
سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇنىڭ ئاكى-
سى نۇرمۇھەممەت مەجرۇھ بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى
(مىلادى 1761 - يىلى) ئۆلۈپ كەتكەن. سۇلايمان ئاتىسى ئى-
مىن خوجا بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانى بىلەن
تەرەپمۇ - تەرەپ يۈرۈپ جەڭگە قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە مۇئەييەن
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيىتى
«چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى»نىڭ 12 - ماددىسىدا بايان
قىلىنىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (مىلادى 1756 - يىلى)
چىڭ سۇلالىسى تۇرپان ئەتراپىدىكى زېمىنلاردا قوشۇن تۇرغۇ-
زۇپ، بۇ جايلارنى باشقۇرىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمە-
رانلىق قىلغان مەزگىلدە باش خۇجىدارلىق ۋەزىپىسىدە بولغان
تارخان بەگ مەڭلىك ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش نىيىتىدە
توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئىمىن خوجا لۈكچۈننى بازا قىلىپ، ئاممىنى
يېتەكلەپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇپ لۈكچۈننى قوغدايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوغلى سۇلايماننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىدىن ياردەم
تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ چيەنلۇڭ سۇلاي-
ماننى باتۇر، توغرا نىيەتلىك كىشى ئىكەن دەپ ماختاپ، ئۇنىڭغا

گۇڭلۇق مەنسەپ (جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلاردا جاساق
ئەمەلدارلىرىغا بېرىلىدىغان 5 - دەرىجىلىك مەنسەپ) بېرىدۇ.
پادىشاھ چيەنلۇڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سانغۇن بۇ كۈيگە سۇلايمان-
نىڭ يول باشلىشى بىلەن 500 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ،
ئىمىن خوجىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ
كۈي لۈكچۈنگە كېلىپ جەڭ قىلغاندا مەڭلىك ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلار-
نى قوغلاپ يۈرۈپ، زەربە بېرىشكە كۈچى يەتمەي، ئىمىن خوجى-
نىمۇ ئېلىپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار قۇمۇلدىن چىڭ
سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، لۈكچۈنگە قايتىپ جەڭ قىل-
ماقچى بولىدۇ. ئەسكەرلەر يول يېرىمىغا كەلگەندە تەسلىم بو-
لۇشقا كېلىۋاتقان مەڭلىككە ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ كۈي مەڭلىكنىڭ
ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ كۈينىڭ
تەسلىمگە كەلگەنلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگەتكەن جىنايىتى ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ. مەڭلىك تۇپىلى-
ڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىمىن خو-
جىغا (چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى) بەيسىلىك مەنسىپى بېرىدۇ.
ئىمىن خوجا خانغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن
ئوغلى سۇلايماننى سالامغا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پادىشاھ
چيەنلۇڭ ئۇلارنىڭ جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغىنىنى نەزەردە
تۇتۇپ، ئۆتەڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا كېلىشىنى تەستىقلايدۇ. چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ھەر 30 چاقىرىمغا بىردىن ئۆتەڭ تەسىس
قىلىپ، خەت ئالاقىلارنى راۋانلاشتۇراتتى. سەپەرگە چىققاندىن
كېيىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۆتەڭ
ئارىلىقىدا مەخسۇس ئەسكەرلەر مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئامانلىقىنى قوغدايتتى. ئەينى دەۋردە ئۆتەڭ بىلەن بېيجىڭغا



بېرىش ناھايىتى چوڭ غەمخورلۇق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمىن
خوجا ئائىلىسىدە سۇلايمان تۇنجى بولۇپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈ-
شۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادى 1758 - يىلى) چىڭ
سۇلالىسى ئوردىسى ئاسىيلارنى باستۇرۇش سانغۇنى يارخاشانگە
ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن كۇچاغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇ-
قىنى چۈشۈرۈپ، چوڭ خوجا، كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك
توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلايدۇ. سۇلايمان تۇرپاندى-
كى خەۋەرلىشىش ئۆتەڭلىرىنى سەييارە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل
بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئالاقە ئىشلى-
رىنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلى-
رىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندا كۇچاغىچە قوغلاپ يۈرۈپ
زەربە بېرىدۇ. كېيىن قېلىن قاردا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. چىڭ
سۇلالىسى 200 دەك لەشكەر ئەۋەتىپ، قالدۇق توپىلاڭچىلارنى
تازىلايدۇ. سۇلايمانغا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشنى
بۇيرۇيدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سۇلايماننىڭ ئەسكەرلىرى-
گە مۇكاپات تارقىتىپ، ئەسلىدىكى ئىشلىرىنى قىلىشقا قايتۇر-
دۇ. چوڭ خوجا، كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش
جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، سۇلايمان گۇڭ ياردەمچى بەگ
بولىۋاتقان ئىنىسى مۇسا بىلەن ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش
ئۈچۈن 100 ئات يىغىپ ئىئانە قىلماقچى بولىدۇ. پادىشاھ چيەن-
لۇڭ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ
بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كۆپ يۆتكىلىپ جاپا چەككەنلىكىنى، مال
- چارۋىلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىئانە
قىلغان ئاتلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1761 - يىلى) بۇگۇر

ناھىيىسىدىكى پۇقرالار ھاكىمبەگ ئابلەي ئۈستىدىن مال مۈلۈك،
چارۋىلىرىمىزنى قاقتى - سوقتى قىلىپ تارتىۋالدى دەپ ئەرز
قىلغاندا، سۇلايمان قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى ناشى-
تۇڭ بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىپ چارە كۆرمەكچى بولىدۇ.
بۇ چاغدا سۇلايمان بۇگۈرنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمبېگى بولۇپ خىز-
مەت قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 27 -
يىلى (مىلادى 1762 - يىلى) ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋات-
قان ئەسكەرلەرگە ئىچكى ئۆلكىلەردىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى
يۆتكىمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە كېتىدىغان
خىراجەت كۆپ بولغاچقا ئامال قىلالمايدۇ. سۇلايمان قول ئاستى-
دىكىلەرگە تۆمۈر رودىسى قازدۇرۇپ تۆمۈر تاۋلىتىدۇ. ئەسكەر-
لەر پەقەت ساپان ياساشنى بىلىپ، باشقا سايمانلارنى ياساشنى
بىلمىگەچكە، سۇلايمان تۆمۈرچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەسكەرلەر-
گە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشنى ئۆگىتىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ
30 - يىلى (1765 - يىلى) ئۇچتۇرپاندىكى خان ئامبىلى سۇ-
چىڭ يەرلىك ئاھالىلارنى بوزەك قىلىدۇ. پۇقرالار قوزغىلاڭ
كۆتۈرگەندە، سۇلايمان قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ ۋە ئۇچ-
تۇرپانغا بېرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنى تاۋار - دۇردۇن بىلەن
مۇكاپاتلايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلىدە مۇسانى ئىلىنىڭ ھا-
كىمبەگلىك ۋەزىپىسىگە قويغان ئىدى. ئۇ كېسەل بىلەن ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىمىن خوجىنىڭ 4 - ئوغلى غۇلامزاپنى
ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىلى
ئىشخان بېگى ئاق بەگنىڭ ۋەزىپىگە ۋاقتىدا بارالمىغانلىقى سەۋە-
بىدىن، سۇلايماننى ئىنىسىگە ياردەملىشىپ ئىلىنىڭ دېھقانچىلىق



ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىشنى بېكىتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ سۇ-
لايماندىن پىكىر ئالغاندا خۇشاللىق بىلەن ۋەزىپىنى قوبۇل قى-
لىپ، بىر - ئىككى يىل ياردەملىشىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتى-
دۇ. پادىشاھ ئۇنى 4 توپ گەزمال بىلەن مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈ-
رىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى (مىلادى 1771 - يىلى) تۇرغۇت
قەبىلىسى روسىيىدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن
ۋەتىنىمىزگە قايتماقچى بولىدۇ. ئۇلار قايتىش سەپىرىدە چاررو-
سىيە ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كۆپ جاپا چېكىدۇ.
ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىغا كەلگەندە ئەھۋالى ئېچىنىشلىق بولۇپ،
نامراتلىقتا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
باركۆل، قۇمۇل، تۇرپاندىن ئۇلارغا مال - چارۋا ھازىرلاپ
بېرىشنى قارار قىلىدۇ. سۇلايمان مۇشۇ ۋاقىتتا لۇكچۇندە بو-
لۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا مال - چارۋا جەھەتتە تۇرغۇتلارغا
ياردەم بېرىش، چارۋىلارنىڭ سانى بويىچە ھەق بېرىش توغرىسىدا
پەرمان چۈشۈرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (مىلادى 1777 -
يىلى) ئىمىن خوجا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ. چىڭ
سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېيتقاندا، سۇلايمان ئاتىسى
ئىمىن خوجىنىڭ جۇنۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن،
يەنە جىن گوگۇڭ، بەيسى، بېيلى دېگەندەك 4 دەرىجە ئارىلىقى
بار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇلايمان بىردىنلا 4 دەرىجە ئاتلاپ
جۇنۋاڭ بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئى-
مىن خوجىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۇلاي-
ماننى جۇنۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرىدۇ. سۇلايمان
ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرۈپ، قىلمىغان
ئەسكىلىكى قالمايدۇ. چاكارلارنى ئاقتا قىلىۋېتىپ، ئۆلۈشكە

سەۋەبچى بولىدۇ. ئاھالىلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ.
خوتۇن - قىزلار ئارىسىدىن ئۆزگە خوتۇن تاللايدۇ. ئاھالىلار
سۇلايمان ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندا، پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئەنزىگە
بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشكە تاپشۇرۇپ،
سۇلايمان قاتارلىقلارنى يالاپ بېيجىڭغا ئەكىلىشنى بۇيرۇيدۇ.
پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلغاندا مۇنداق دېگەن:
«ئىمىن خوجا كاڭشى مەزگىلىدە بىزگە ئىتائەت قىلغان. كېيىن-
چە ئۇ باش بولغان ئاھالىلارنى گۇاجۇ ناھىيىسىگە كۆچۈرۈپ
كېلىپ ئورۇنلاشتۇردۇق، ھەربىي يۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن-
دە، ئەمەل - مەنسەپ بەردۇق. كېيىنچە ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان
يۇرتقا قايتىپ كەلدى. تۇرپان ئەسلىدە جۇڭغارلارغا قاراشلىق
زېمىن بولۇپ، گۇاجۇدىن قايتىپ كەلگەن ئاھالىلار ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى ئاھالىلار ئىدى. بۇ جاي مەڭلىككە قارايتتى. كېيىن-
كى ۋاقىتتا مەڭلىك ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىمىن خوجىغا تەۋە بولدى.
بۇنداق بولۇشى دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن
مۇناسىۋىتى يوق، تۇرپانمۇ مۇشۇ زېمىندىكى مۇھىم ئۆتكەل..
.. بۈگۈنكى كۈندە سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزدى. مېنىڭچە،
ئىمىن خوجىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇ-
شى كېرەك. قالغان زېمىننى ئايرىپ چىقىپ باشقا بىر ھاكىمبەگ
قويۇش لازىم.»

چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىل 1 - ئايدا (مىلادى 1779 - يىلى)
سۇلايمان بېيجىڭغا يالاپ كەلتۈرۈلىدۇ. ھەربىي ۋەزىر ئۇنى سو-
راق قىلىپ، چاكىرىنى ئاختا قىلىپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان-
لىقى قاتارلىق جىنايەتلىرىنىڭ ھەقىقىي راستلىقىنى تەكشۈرۈپ
ئېنىقلايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە جۇنۋاڭلىق مەنسىپىدىن قالدۇرۇ-
ۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. پادىشاھ چيەنلۇڭ يەنىلا ئىمىن خوجى-



نىڭ تۆھپىسىنى ئېسىدىن چىقىرالماي، ئۇنىڭ مەنسىپىنى بېي-
لىلىككە تۆۋەنلىتىپ، بېيلىلىك دەرىجىسى بويىچە جەرىمانە قو-
يۇپ، بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق
زېمىنغا جاساق تەسىس قىلىپ، سۇلايمان جەمەتىدىن بىر ئەمەل-
دار قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇ يىلى سۇلايماننىڭ ئىنىسى
ئىسكەندەر جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن
بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ. يەنى ۋاڭلىق ئوردا
ئەزەلدىن تارتىپ لۈكچۈندە بولۇپ، تۇرپانغا ۋاڭلىق ئوردا سېلىن-
مىغان. ئىمىن خوجا 1756 - يىلدىن 1777 - يىلغىچە تۇرپان
ۋە قەشقەردە ۋاڭلىق مەنسىپى بىلەن ھاكىمبەگ بولىدۇ. ئوغلى
سۇلايمان دەۋرىگە كەلگەندە ئاران بىر يىلدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈپ جازالىنىدۇ. ئەسلىدىكى مەڭلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان
تۇرپان ئايرىم ناھىيە قىلىنىپ، باشقا بىر ھاكىمبەگ ھۆكۈمران
بولىدۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر جۇنۋاڭلىققا قويۇل-
غان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلار پەقەتلا لۈكچۈن،
پىچان، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىدىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇڭا
تۇرپاندا بىر مۇناردىن باشقا ۋاڭلارغا ئائىت قۇرۇلۇشلار سېلىنمى-
غان.

## 3. غۇلامزاپ①

غۇلامزاپ ئىمىن خوجىنىڭ 4 - ئوغلى. چىڭ سۇلالىسى
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئى-
مىن خوجا چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىش

① غۇلامزاپ «ئورانزىپ»، «ئەۋرەڭزىپ» دەپمۇ ئاتالغان—م.

ئۇچۇن ئالدىنقى سەپتە كۈچ چىقىرىدۇ. سۇلايمان بىلەن مۇسامۇ ئىش بىجىرىشتە كەسكىن بولۇپ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ جەريانىدا ۋاڭلىقىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى غۇلامزاپ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇردى، قول ئاستىدىكى ئاھالىلارنى كونت-رول قىلىشتا كۈچ چىقاردى، دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ھەم ئىككىنچى جەرەكلىك توز پېيى قادالغان ئەمەلدارلىق قالپى-قى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) مۇسا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا غۇلامزاپ ياردەمچى تەيجىلىك مەنسىپىدە ئىدى. مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. غۇلامزاپنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈ-رۈلىدۇ. بۇ ھەقتە چيەنلۇڭ خان مۇنداق دېگەن: «غۇلامزاپ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، بوز يەر ئاچتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق سېلىقىنى تاپشۇرۇش ئىشىنى مۇۋاپىق باش-قۇردى. ھاكىمبەگ غۇلامزاپنىڭ ھازىرقى دەرىجىسى 1 - جەرەك-لىك بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى مىلىكىزاتقا 5 - جەرەك-لىك مەنسەپ قالپىقىنى بېرىش كېرەك. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ غەمخورلۇقىمدىن مىننەتدار بولۇپ، بارلىق ئىشلاردا كۆ-ڭۈل قويۇپ داۋاملىق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپقا 1 - دەرىجە-لىك تەيجى مەنسىپى بېرىپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن-كى ماتېرىياللاردا غۇلامزاپ توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق.



## 4. ئىسراپىل

ئىسراپىل ئىمىن خوجىنىڭ 5 - ئوغلى. 1766 - يىلى مۇسا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپنى تەيىنلەپ قويىدۇ. غۇلامزاپتىن بوش قالغان ياردەمچى ھاكىمبەگلىككە چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى (مىلادى 1771 - يىلى) ئىسراپىل تەيىنلىنىدۇ.

1779 - يىلى تۇرپان جۇنۋاڭى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەسلى مەڭلىك بەگكە تەۋە بولغان يەر - زېمىنلارنى سۇلايمان جۇنۋاڭدىن تارتىۋېلىپ، باشقا ھاكىمبەككە بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىسراپىل چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا: «باشقا ھاكىم-بەگ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يەنىلا ئەسلىدىكى ھاكىمبەگلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ ئاھالىسى ۋە يەر - زېمىنىنى باشقۇرساق» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (مىلادى 1788 - يىلى) ئىسكەندەر قەشقەرنىڭ 3 - جەرەكلىك ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئىسراپىل تۇرپاننىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇرپان خان ئامبىلىغا «ئىسراپىلنىڭ ھالى-دىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش» نى تاپشۇرىدۇ. ئىسراپىلنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ماتېرىيال يوق.

## 5. بەھرام

بەھرام ئىمىن خوجىنىڭ 8 - ئوغلى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرىدە بەھرام توغرىلىق يېزىلغان ماتېرىيال

بەك ئاز. پەقەتلا جياچىڭنىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 1815 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇس جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بۇ چاغدا كىمنى ئۇنىڭ ئورنىغا جۇنۋاڭ قىلىش مەسىلىسىدە بەھرامنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان.

سۇڭ چۈەن يازغان دوكلاتتا غۇلامزاپىنىڭ 5 ـ ئوغلىنى جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدۇرساق دېيىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىشلارنى ئەمەلىي قىلغان، كۆپنى كۆرگەن، خەنزۇچە يېزىقنى پۇختا ئىگىلىگەن دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىتا پادىشاھ جياچىڭ «سۇلايمان، يۇنۇسلار جىنايەت ئۆتكۈزگىنى بىلەن جۇنۋاڭلىققا ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك» دېگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ 7 ـ ئوغلى پەردۇن بىلەن بەھرامدىن بىرنى جۇنۋاڭ قىلىش قارار قىلىنغان. نەتىجىدە پەردۇن جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا تاللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەھرام ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات قالمىغان.

## 6. ئىسكەندەر

ئىسكەندەر ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى (مىلادى 1779 ـ يىلى) جۇنۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) چيەنلۇڭ مۇنداق دېگەن: «تۇرپان جۇنۋاڭى ئىسكەندەر ئالدىنقى قېتىم ئوردىغا كەلگەندە، قابىلىيەت جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەندەك بىلىندى. قەشقەرنىڭ 3 ـ جەرەكلىك ھاكىمبېگى ئوسمان كې-



سەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالغانىدى.»

شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر قەشقەرگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرپاندىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىنىسى ئىسراپىل يار-دەملىشىپ بېجىرىدىغان بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسكەندەرگە 100 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈش ئىشىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ. ئىسكەندەر ئەسلىدىلا جۇنۋاڭ دېگەن مەنسەپتە بولۇپ، پادىشاھ تەرىپىدىن تەستىقلانغانىدى. لېكىن دەسلەپتە قەشقەرگە ھاكىم-بەگ بولغاندا مىڭ لىياڭ، بوشىڭلاردىن يولىيورۇق سوراشقا قالدۇرۇلىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا پادىشاھ چيەنلۇڭ مىڭ لىياڭنىڭ ھەر قايسى مەكتۇپلارنى يوللىغاندا ئىس-كەندەرنىڭ نام ـ ئەمىلىنى يازمىغانلىقىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ جۇنۋاڭ بولدى. ئۇنىڭ مەنسىپى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا يېزىلغان بارلىق مەك-تۇپلاردا مىڭ لىياڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ نام ـ ئەمىلى يېزىلىشى كېرەك». شۇنىڭدىن كېيىن چيەنلۇڭ يەنە مەنسەپ تەرتىپىنى ئورنىتىش بەلگىلىمىسىنى چىقىرىدۇ. «ئىسكەندەر ھەمدە كونا مەنسەپدارلاردىن جۇنۋاڭلىق مەنسىپىدە بولغانلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رەت تەرتىپىدە مىڭ لىياڭنىڭ ئارقىسىدا بوشىڭ تۇر-دۇ، ئىسكەندەر ئۇنىڭ كەينىدە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەيدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 54 ـ يىلى (1789 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا ئىسكەندەر بېيجىڭغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سالام قىلىدۇ. شۇ يىلى تۇرغۇتلار «سودىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات

ـ ئۇلاغلىرىنى تارتىۋالىدۇ» . مىڭ لىياڭ قاتارلىقلار ھەرىكەتلە-
نىپ، ئۇلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كاتتە-
بېشى بۇلات قاتارلىقلارنى قولغا ئالىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ «بۇ
ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بوپتۇ» دەپ مىڭ لىياڭ، ئىس-
كەندەر قاتارلىقلارغا نىلۇپەر نەقىشلىك مارجاندىن بىرنى، دا
خىباۋ[1]دىن بىر جۈپ، شياۋخىباۋ[2] دىن 4 دانە ھەدىيە قىلىدۇ.
1759 ـ يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ
توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چوڭ خوجىنىڭ ئوغلى سام-
ساق ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم
ئەۋەتىپ، قەشقەردىكى خوجىلار بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىدۇ.
ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزى ئۈچۈن باج ـ سېلىق يىغدۇرۇپ،
توپلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىدۇ. ئىسكەندەر مىڭ لياڭ
قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سامساق تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بارات
دېگەن كىشىنى تۇتىۋالىدۇ.
خانغا بولغان ساداقىتىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن چيەنلۇڭ
خان ئۇلارغا داخىباۋدىن بىر جۈپ، شياۋخىباۋدىن ئىككى جۈپ
بېرىپ مۇكاپاتلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 58 ـ يىلى (1793 ـ يىلى)
2 ـ ئايدا چيەنلۇڭ خان مىڭ لىياڭ قاتارلىقلارنىڭ ئوردىغا
يازغان مەكتۇبىدا ئىسكەندەرنىڭ نام ـ ئەمىلى يېزىلمىغانلىقىنى
كۆرۈپ قاتتىق نارازى بولىدۇ ھەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەر
مېنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمەلدارىم بولۇپ،
جۇڭغارلىق ئىشلىرىنى جايىدا بېجىرىپ كەلگەنىدى. مەن بۇرۇنلا
يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش

[1][2] داخىباۋ، شياۋخىباۋ — پۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا
قىممەتلىك نەرسىلەرنى سالىدىغان چوڭ ـ كىچىك قاپ ياكى ھەميان.



بولسىلا، مەكتۇبلاردا ئۇنىڭ نامى يېزىلىشى كېرەك ئىدى، دې-
گەن. مۇشۇ نۆۋەتتىكى ئىككى پارچە مەكتۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن
مۇناسىۋەتسىزمىكەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نام ـ ئەمىلى يېزىلماي-
دۇ؟ ئەمدىلىكتە ئىسكەندەر خان ئامبىلىنىڭ ياردەمچى ئىش
بېجىرگۈچىسى بولىدۇ. شۇڭا بارلىق مەكتۇپلارغا ئۇنىڭ نام ـ
ئەمىلى يېزىلىشى كېرەك» . شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەرگە نە-
سىھەت قىلىپ مۇنۇلارنى يازغان: «بۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەرگە
ھاكىمبەگ بولغانلاردىن يۇسۇپ قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ئىدى. ئىمىن
خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا يان
بېسىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە
ئىسكەندەرنىڭ خان ئامبىلىنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچىسى
بولۇشى ئەتىۋارلىغىنىمدىن بولدى. مېنىڭ ھىممىتىمگە ياخشى
جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسكەندەر ئۆزىگە قاراشلىق تۇرپانلىق-
لارنى قاتتىق باشقۇرۇشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا دىيانەتلىك بولۇ-
شى، قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ھەرگىزمۇ بوزەك قىلماس-
لىقى، ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئىشلىشى، ئۆز مەنپە-
ئىتىگە بېرىلمەسلىكى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا كىشىلەر چىن
كۆڭلىدىن قايىل بولىدۇ. مېنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىمگە ئۇزاق-
قىچە ئېرىشەلەيدۇ» ، دېگەن.
چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى (1794 ـ يىلى) چېگرا ئۆتكۈ-
تەكشۈرگۈچى خۇ جىنشاۋ، ساجىت قاتارلىقلار ئەنجانلىق سودى-
گەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ساختىپەزلىك قىلىدۇ. چيەنلۇڭ خان
بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، «چېگرا ئۆتەڭلەردىكى لەشكەر ـ ئە-
مەلدارلار سودىگەرلەرنىڭ چېگرادىن كىرىپ چىقىشىنى تەكشۈر-
دۇ. ئەمما ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىگە سادىق بولماي، خىيانەت
قىلغان، پارا ئالغان. ئەنجانلىق سودىگەرلەر بىلەن كېلىشىۋې-

لىپ، ماللارنى ئاز تىزىملاش ئارقىلىق باجنى كېمەيتكەن. ئۇلار
قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان. مۇشۇ ئەنزىگە چېتىشلىق كىشلەرنى
قاتتىق بىرتەرەپ قىلىش كېرەك» ، دەپ جىددىي يارلىق چۈشۈرد-
دۇ. ئىسكەندەر يوشۇرۇپ قويغان ماللارنى جىددىي سۈرۈشتۈرۈپ
تېپىپ چىقىشتا ناھايىتى جاپالىق ئىشلەيدۇ. شۇڭا پادىشاھ چيەن-
لۇڭ ئىسكەندەرنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇ يىلى ئىس-
كەندەر بېيجىڭغا بېرىپ پادىشاھنى تاۋاپ قىلىدۇ. چيەنلۇڭ خان
زىياپەت بېرىپ، ئىسكەندەرنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ ھەمدە «سې-
رىق بەلباغ» ھەدىيە قىلىدۇ.

1796 ـ يىلى پادىشاھ جياچىڭ تەختكە ئولتۇرىدۇ. چيەن-
لۇڭ شاھىنشاھ بولىدۇ. شاھىنشاھ چيەنلۇڭ گويۇتەي راۋىقىدا
ئىسكەندەر قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ.
غەربىي قۇۋۇق سىرتىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. جيا چىڭنىڭ
2 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاھىنشاھ چيەنلۇڭ بىنەپشە
نۇر راۋىقىدا ئىسكەندەر قاتارلىق 16 كىشىنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بېرىدۇ. ھەمدە «سىلەرنىڭ خىزمىتىڭ-
لاردا نەتىجە كۆپ بولدى» دەپ ماختايدۇ.

چيەنلۇڭ خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر بەك
قايغۇرىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئائىلد-
سىدىكىلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئىچكىرىنىڭ ئادىتى بويىچە
قارىلىق تۇتىدۇ. پادىشاھ جياچىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىس-
كەندەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئوغلى يۇنۇسنى پايتەختكە بېرىپ،
پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشقا قوشۇلىدۇ. جيا-
چىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىلى) ئىسكەندەر بېيجىڭغا
بېرىپ، ئوردىغا سالامغا كىرىدۇ. گويۇتەي راۋىقىغا چىقىپ سەي-
لى ـ تاماشا قىلىدۇ. ئىسكەندەر قاتارلىق 4 كىشى غەربىي



قۇۋۇق سىرتىدا سالام بېرىدۇ ھەمدە باۋخېگۇڭ سارىيىدا زىياپەتكە
قاتنىشىدۇ. ئىسكەندەر ئادەت بويىچە ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن
ئالىدۇ.

جياچىڭنىڭ 16 ـ يىلى (مىلادى 1811 ـ يىلى) ئىسكەندەر
كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 300 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ.
ئىسكەندەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى يۇنۇس جۇنۋاڭلىققا
تەيىنلىنىدۇ.

## 7. يۇنۇس

يۇنۇس ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇرپاندا ئاتىسىنىڭ
ئورنىغا جۇنۋاڭ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە بېرىپ، ھاكىم-
بەگلىككە تەيىنلەنگەن ھەم شۇ جاينىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇ-
رۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.
ئۇ جياچىڭنىڭ 17 ـ يىلى پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، خاننىڭ
دىدارىنى كۆرۈشكە ۋە پادىشاھنىڭ كۈتىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولد-
دۇ. يۇنۇس قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولغاندىن كېيىن، چوڭ ـ
كىچىك خوجىلارنىڭ تىرىلىش كۈچلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت ۋەتەننىڭ
بىرلىكى ئۈچۈن ئېغىر خەۋپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچ-
كە، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا
شاھ دوست، ھوشۇر، ئەمەر، موللا سوفى قاتارلىق 4 كىشىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن سامساقنىڭ
ئوغۇللىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇن-
غان جىنايى پاكىتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى ئوردىغا

مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ تۆت كىشىنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ
قىلىدۇ. شۇڭا يۇنۇس پادىشاھ جياچىڭنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەس-
سەر بولىدۇ.

خوجىلارنىڭ تىرىلىش كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈ-
چۈن، يۇنۇس يەنە خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى سۈرۈش-
تۈرۈشكە قوقەندگە ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا ئەۋلادلىرىنى ئۆتكۈزۈپ
بېرىش توغرىسىدا قوقەند خانى ئۆمەر بىلەن سۆزلىشىدۇ. بۇ
چاغدا قوقەند خانلىقى كېڭەيمىچىلىك داۋامىدا قۇدرەت تېپىۋات-
قان، قوقەند سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايىسى
شەھەرلەردە كۆپلەپ قاتىراپ يۈرگەن بولۇپ، قوقەند خانى ئۆمەر-
دىمۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى پەيدا بولغا-
نىدى. 1814 - يىلى ئۆمەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سامساق-
نىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا قەشقەرگە بېسىپ كىرمەكچى بولغان-
دا، ئۆزىنىڭ ئۇنى توسۇپ قايتۇرىۋەتكەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ
ۋە بۇنى باھانە قىلىپ، قەشقەردە سودا - سېتىق قىلىدىغان
سودىگەرلەرنى باشقۇرۇشقا ئاق سۆڭەك ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاشكارا
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. روشەنكى بۇنىڭدا خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ پارا-
كەندىچىلىكىنى پەش قىلىپ، قىستۇرۇلۇپ كىرىش مەنىسى بو-
لۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قىلىن-
غان تاجاۋۇزچىلىق ئىدى. بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي
ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇ چاغدىكى ئېلى
جياڭجۈنى سۇڭ يۈەن ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا يۇنۇستىن
غەزەپلىنىپ، ئۇنى «بىھۇدە ئىشقا ئارىلىشىپ، بىزنى ئاھانەتكە
قالدۇردى» دەپ ئەيىپلەپ، يولسىزلىق بىلەن ۋەزىپىسىدىن قال-
دۇرىدۇ ھەمدە يۇنۇسنىڭ پۇقرالارنى ئەزگەن جىنايەتلىرىنى سۈ-
رۈشتۈرۈش كېرەك، دەپ داۋراڭ سالىدۇ. شاھ دوستنىڭ شى-



رىكلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوقان كۆتۈرۈپ، شاھ دوست
ئۈچۈن داد - پەرياد ئېيتىشىپ، دۇنيادا سامساقنىڭ ئوغلى
دېگەن بۇنداق ئادەم يوق دەپ جار سالىدۇ. ئۇلار يەنە يۇنۇسقا
بوھتان چاپلاپ، ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇ-
رۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يالغان جىنايى پاكىت ئويدۇ-
رۇپ چىقىرىپ، شاھ دوست قاتارلىقلارنى ناھەق ئۆلتۈردى، دەپ
شىكايەت قىلىشىدۇ. سۇڭ يۈەن بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئوردىغا
دەرھال مەكتۇپ يوللاپ، يۇنۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى سۇڭ يۈەننىڭ يۇنۇس توغرى-
سىدىكى ئەيىبنامىسىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، يۇنۇسنىڭ تۆھپىكار
ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى
ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئىلىغا يالاپ ئاپىرىپ ئۆمۈر-
لۈك قاماققا ئالىدۇ. ئەمما يۇنۇسنىڭ ئايالى سىكىنىخانغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىدۇ.

سۇڭ يۈەن يۇنۇسنى ئەيىبلەپ ناھەق ئەنزە پەيدا قىلىدۇ
ھەمدە سامساقنىڭ ئوغلى يوق دەپ تۇرىۋالىدۇ. لېكىن بىر نەچچە
يىل ئۆتمەيلا سامساقنىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا قەشقەرنىڭ چېگ-
رىسىغا بېسىپ كىرىشكە باشلايدۇ. چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئارقا
- ئارقىدىن مەلۇمات يوللىغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ
ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرى بۇ ئىش ئۈستىدە باش قوشۇپ مۇزاكى-
رە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلاردا ئىختىيارسىز سۇڭ يۈەن
سامساقنىڭ ئوغلى يوق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈر-
گەنىدى، ئەمدى قانداقسىگە بار بولۇپ قالدى؟ دېگەن سوئال
تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئىلى جياڭجۈنى بولغان چىڭ شياڭ ئۆزى
قەشقەرگە بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن ئۆزلىرى-
نىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىدۇ. 1810 - ، 1824 - ۋە 1825

- يىللىرى جاھانگىر خوجا قوقەند فېئوداللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر چېگرىسىغا كەينى - كەينىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە تەۋرىنىش ۋە ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىدۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ داۋگۇاڭ شۇ چاغدىلا ئاندىن يۇنۇسنى ئېسىگە ئالىدۇ. يۇنۇس ئىلىدا 5 يىل قامىلىدۇ. 1819 - يىلى يۇنۇس قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇنى 4 يىل قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. پادىشاھ داۋگۇاڭ ئىلى جياڭجۈنى چاڭ شياڭغا يۇنۇسنى تۇرپاندىن ئىلىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ قەشقەر ئالدىنقى سەپپىدە ئىشلەشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى تاپشۇرىدۇ. بۇ چاغدا يۇنۇس توققۇز يىل قامالغان، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانىۋەيران بولۇش ئازابى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان، ناھەق مۇئامىلىمۇ ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ، «ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ» ئەمەلدىن قالغان بەگ سالاھىيىتى بىلەن قەشقەر ئالدىنقى سېپىگە دەرھال ئاتلىنىدۇ. ئۇ يەردە جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى پارچىلاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. بەختكە قارشى 1826 - يىلى كۈزدە جاھانگىر خوجا قوقەند تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىدۇ. قەشقەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن، يۇنۇس قۇربان بولىدۇ.

كېيىن چىڭ سۇلالىسى يۇنۇسقا 3 - دەرىجىلىك تەيجى، 1 - جەرەكلىك مەنسەپدار دېگەن مەرتىۋىلەرنى بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك تەيجى قاتارىدا نەپىقە بېرىدۇ. لېكىن سۆڭ يۈننىڭ يۇنۇسقا چاپلىغان بەتناملىرى باشتىن - ئاياق ئاقلانمايدۇ.



## 8. پەرىدۇن

پەرىدۇن ئىمىن خوجىنىڭ 7 - ئوغلى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا تەيجىلىك مەنسىپى بېرىلىپ تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان. جياچىڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1819 - يىلى) جۇڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، 1 يىلغا يېقىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 9. مۇھەممەت سەئىد

مۇھەممەت سەئىد پەرىدۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، جياچىڭنىڭ 24 - يىلى جۇڭۋاڭلىق مەنسىپى بېرىلگەن ھەم قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولۇپ ئىشلىگەن. 1826 - يىلى قەشقەردە جاھانگىر خوجا توپىلىڭى يۈز بەرگەندە توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 10. ئەفرىدۇن

ئەفرىدۇن مۇھەممەت سەئىدنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى جۇڭۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. داۋگۇاڭنىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1838 - يىلى) ئەفرىدۇن تۇرپان شەھەر قۇرۇلۇشىنى ياساشتا ئىئانە بېرىپ كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن پۆپۈكلۈك تاج بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئەفرىدۇن 1821 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا

سالام بىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قارىتا «ئەفرىدۇننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سۇلالىمىزنىڭ ھىممىتىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. ئۇ جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن بۇيان، ئاستانىگە (بېيجىڭغا) كېلىپ باقمىدى. ئەمدىلىكتە مۇشۇ يىلى ئوردىغا سالامغا كەلگۈچىلەر بىلەن بىرگە پايتەختكە كېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سەمىمىي سادىقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ يىل ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان بەگلەر بىلەن بىرلىكتە پايتەختكە كېلىپ سالام بەرسە بولىدۇ» دەپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. 2 - يىلى ئەفرىدۇن بېيجىڭغا كېلىپ پادىشاھقا سالام بېرىدۇ. داۋگۇاڭ خان ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم 3 - دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك تاج ئىنئام قىلىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 27 - يىلى (مىلادى 1847 - يىلى) مەمەت ئىمىن ۋە ئېلىخان باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر يېڭى شەھەر جىددىي تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان تۇرپان جۇنۋاڭى ئەفرىدۇن ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئۇچۇن ماددىي جەھەتتىن كۈچ چىقىرىشنى ۋە ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش رايونىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن يول يىراق بولغانلىقى ئۇچۇن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەفرىدۇن ئۆز تەۋەسىدىكى خەلقلەر ۋە چېرىكلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئالدىنقى سەپ ئۇچۇن ھارۋا، قورال جابدۇق، ئاشلىق قاتارلىق ماددىي بويۇملارنى تەييارلاتقۇزۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى تۇرپان جۇنۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ ئىش -



ئىزلىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ. 1851 - يىلى ئەفرىدۇن نەۋرىسى سوۋرنى ئېلىپ پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «باشقا جايلارنىڭ يىل نۆۋىتى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ، پادىشاھقا سالام بەرسە بولىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى 12 - ئايدا (مىلادى 1865 - يىلى 1 - ئايدا) قوقەندلىك ياقۇپبەگ ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىگە بېسىپ كىرىدۇ. ئۇ ئەفرىدۇننى قەشقەرگە چاقىرتىپ ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا تەييارلاپ قويغان بارلىق سوۋغا - سالاملىرىنى - تارتىۋالىدۇ ھەم ھەبسىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ئەفرىدۇن ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ھەم 1872 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىش ئۈستىدە شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى ياڭ زىڭشىن ئىزدىنىپ «تۇڭجى دەۋرىدە شىنجاڭ راسا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاڭى (تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋاڭى ئىمىن خوجا) نىڭ پۇشتى ئەفرىدۇن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭغا سۈيۈرغال قىلىنغان زېمىنلار يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىندى. كېيىن باش ۋالى ليۇ جىنتاڭ مۇشۇ ۋاڭنىڭ ئەۋلادى ماۋتىنى ئىزدەپ تاپتى ھەم ئوردىغا ئۇنى مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ھەققىدە مەلۇمات يازدى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

## 11. زوھۇرىدىن

زوھۇرىدىن نۇرمۇھەممەتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، زوھۇرىدىن چوڭى، ئۇنىڭدىن كىچىكى ناسىردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىك-

كىلىسى لۈكچۈندە تۇغۇلغان. ئاتىسى نۇر مۇھەممەت ئۇلار كە-
چىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. زوھۇرىدىن بىلەن ناسىرلار چوڭ
دادىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئوردىسىدا چوڭ بولغان. زوھۇرىدىن
كىچىكىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ، دەسلەپ ئوردا موللىسىدا ئوقۇپ
ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىگە كى-
رىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا خېلى چوڭقۇر
بىلىم ئالغان. دىنىي كىتابلاردىن باشقا سوپى ئاللايار، ناۋائى،
قىسسۇرى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇ-
غان. پارسچە ئۆگىنىپ، پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بى-
لەن تونۇشقان، ئەرەپچىمۇ ئۆگەنگەن.

زوھۇرىدىننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سەئىد چىڭ
سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن تۇرپان ۋاڭلى-
قىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. مۇھەممەت سەئىد
زوھۇرىدىننى ئۆزى بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئوردا
ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتۇرىدۇ. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن،
مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ شەھرىبانۇ ئىسىملىك ئايالىدىن بىر
ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەفرىدۇن دەپ ئات قويۇلىدۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردە جاھاڭ-
گىر خوجا توپىلىڭى يۈز بېرىپ، مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ توپىلاڭ-
چىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

توپىلاڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئوغلى
ئەفرىدۇننى بىرقانچە كىشىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا تۇرپانغا ئە-
ۋەتىدۇ. ئەفرىدۇن لۈكچۈنگە ساق - سالامەت يېتىپ كېلىپ،
تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

قەشقەردىكى توپىلاڭ ۋاقتىدا زوھۇرىدىن ئات باققۇچىلار
قاتارىغا قوشۇلۇۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئىككى نەپەر



يېقىن ئادىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىپ
كېتىدۇ. ئۇ سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە
ئۈچ يىلدىن كۆپرەك سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا ياشاپ، ئاخى-
رى شەمەي ئارقىلىق چۆچەككە يېتىپ كېلىدۇ. چۆچەكنىڭ شۇ
ۋاقىتتىكى ئامبىلى ئۇلارنى تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىل-
گەندىن كېيىن، ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىدۇ.
ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمى-
تىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، زوھۇرىدىننى قەش-
قەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ بەلگىلەيدۇ. زوھۇرىدىن قەشقەرگە ھا-
كىمبەگ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەس-
تايىدىل يەكۈنلەپ، شۇ زامانىدىكى ئالىم - ئۆلىمالار، شائىرلار
ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، يۇرت باشقۇرۇش
ئىشلىرىدا ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى
كۆپرەك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئاتاقلىق ئالىم، شائىرلاردىن ئابدۇ-
رېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى
قاتارلىقلارنى ئوردىغا جەلب قىلىپ، ئوردا قارمىقىدا مەخسۇس
دىۋان (كاتىباتلىق ئورنى) تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ئېتىبار بى-
لەن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە تۇرمۇشىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ
ھەم ئۇلارغا ئىلىم مەرىپەت، خەلق ئىشلىرى ۋە جەمئىيەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن ئىلمىي - بەدى-
ئىي كىتابلارنى يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم
نىزارىنى ھاكىمبەگ ئوردىسىغا باش كاتىپ (دىۋان بېگى) قىلىپ
بەلگىلەيدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ.
ھىجرىيە 1255 - يىلى (مىلادى 1839 - يىلى) زوھۇرىدىن
قەشقەر شەھىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش بىلەن بىللە، قەشقەر

تاشقارقى شەھىرىگىمۇ سېپىل سوقتۇرۇپ، 400 يىلدىن بۇيان شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان مەھەللىلەر بىلەن قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزىدۇ ھەم ھېيتگاھ جامەسىگە مۇناسىپ ھالدا يېڭى تۈس بېرىپ كۆركەملەشتۈرۈپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرىدۇ. قىسقىسى، زوھۇرىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيتىپ، ئۇزۇن، چوڭ ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرگەن. ئىلىم - مەرىپەت، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويغان. يەنە قەشقەر خەلقىگە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. بۇ ھەقتە شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

كى بىرمىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىخىي پەيغەمبەر،
بىنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھۇرىدىن بەلەن ئەختەر.
رىئايە خىلنىڭ ھالىغا رەھىمە ئەيلەپ ھاۋادىسىدىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم كى گويا سەددى ئىسكەندەر.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەردە ئىشلەۋاتقان پەيتتە تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن زوھورىدىنغا خەت يېزىپ، بىرقانچە كىشىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆز خېتىدە: ئاكا، ھاكىمبەگ بولدىڭىز، ئىشلار رەتكە چۈشۈپتۇ. بۇرۇنقى مالىمان يىللاردا ئاتام ۋاپات بولدى. ئانام كېسەل بىلەن ۋاپات بوپتۇ. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى تولۇق بايان قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، كاتىپلىرى ئابدۇرېھىم نىزارى دېگەن ئالىم كىشىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. زوھۇرىدىن ئەفرىدۇننىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، كاتىپى ئابدۇرېھىم نىزارىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن لۈكچۈن ئەلچىلىرىگە قوشۇپ يولغا سالىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ لۈكچۈنگە سالامەت يېتىپ كېلىدۇ. تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن شائىرنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆز ئوردىسىدىن ئورۇن بېرىدۇ. لۈكچۈندىكى شائىرلار، چوڭ ئۆلىمالار بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. شائىر لۈكچۈندە لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسە، تويۇق ئەسھابۇلكەھف، دۆلەتباغ، چاھارباغ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان لۈكچۈننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشىدۇ ھەم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ قەشقەردە قەتلى قىلىنىش ئەھۋالىنى يارقىن شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، بارلىق ئەقىل پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، «قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىننىڭ تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇنغا يوللىغان سالىمى»، «ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە قىسسە»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «مەسئۇد دىلئارا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى پاساھەتلىك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا يېزىپ تاماملانغان ئىدى.

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت پېشۋاسى ۋە شائىر ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. قىسسۇرىنىڭ لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسە ھەققىدىكى

شېئىرى، تۇيۇق ئەسھابۇلكەفكە بېغىشلاپ يازغان مۇخەممەسلىرى، دۆلەتباغ ئوردىسىغا ئاتاپ يازغان مۇخەممەسلىرى ۋە ۋاڭلارغا قىلغان نەسىھەتلىك شېئىرلىرى، جۈملىدىن «رەۋزاتۇز زوھەرا» ناملىق داستانىنى كۆرگەندىن كېيىن قىسسۇرىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شائىر نىزارى لۈكچۈندە تۇرغان مەزگىلىدە ئۇستا خەتتاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى بىرقانچە نۇسخىدىن كۆپەيتىپ كۆچۈرگۈزىدۇ. نىزارى لۈكچۈندە ئىككى يىلدەك تۇرۇپ، لۈكچۈندىكى مەرىپەت ئەھلىلىرى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالىدۇ. قىسسۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبەيت ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن ئالاھىدە يېقىن دوستلۇق ئورنىتىدۇ. شائىرنىڭ لۈكچۈنگە كېلىپ تۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن 1835 ـ ، 1836 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شائىر نىزارى كىتابنى يېزىپ تاماملاپ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەفرىدۇن ۋاڭ شائىرغا تون كەيدۈرۈپ، ياخشى ئات تەييارلاپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن قەشقەرگە يولغا سالىدۇ. شائىر قەشقەرگە ساق ـ سالامەت بارغاندىن كېيىن، يەنە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەر ئوپالغا كاتتا بىر مەدرىس بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ مۈلۈك ۋەخپە قىلىدۇ. ئاخىرى 20 يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ، لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاردىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لۈكچۈن دېھقانسۇ يېزىسىنىڭ ۋەخپە تۈگمەن دېگەن يېرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەسىتى تۇيۇق ئەسھابۇلكەفنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.



# 12 . سۇلتان مامۇت

1878 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى 13 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت شىنجاڭدا قايتىدىن ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنى يەرلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولغان ۋاڭلىق تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئىدارە قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا تۇرپان، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمران بولىدىغان ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادلىرىنى ئىزدىگەندە، ئىلىدا بوۋاق ھاكىمبەگ بولىدۇ، تۇرپاندا بولسا ئىشەنچلىك ۋارىس چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا 20 نەچچە يىل ۋەزىر (تەيچى) بولغان مەئىن تەيجى دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ «مەن ئۇزۇن يىل ۋەزىر بولدۇم، ئەمدى لۈكچۈندە ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك ھەقىقىي ۋارىس يوق، مەن ۋاڭلىق ئورنىنىڭ ۋارىسى بولۇشۇم كېرەك» دەپ ۋارىسلىق دەۋاسى قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياشىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن خۇشنارە خېنىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مېنىڭ ئوغلۇم ئەفرىدون 1864 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىن يەكەنگە بارغاندا يەكەندىن بىر قىزنى ئەمرىگە ئالغاندىكەن. خۇدا بەرگەن بولسا، بىرەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بېرىپ سۈرۈشتە قىلمەن» دەپ غەيرەتكە كېلىپ تەييارلىق بىلەن يەكەنگە يول ئالىدۇ. ياشىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن، 90 ياشتىن ھالقىغان خۇشنارە خېنىم مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ بېرىپ نەۋرىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يەكەنلىك كېلىنىنىڭ بىر ئوغۇل تۇغقانلىقىنى

بىلىدۇ. ئۇ بالا شۇ چاغدا 12 ياشتا بولۇپ ئىسمى سۇلتان مامۇت ئىدى. لېكىن ئۇ بالا يوشۇرۇن بېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشسىز، تەربىيىسىز قېلىپ، پادا بېقىپ چوڭ بولغانلىقتىن، تازچاق بالا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشنارە خېنىم نەۋرىسى سۇلتان مامۇتنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋاڭلىقنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە لۈكچۈن دۆلەتباغدا تەربىيىلەيدۇ. بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىپ، گۇاڭشۇ خانغا يوللايدۇ. 1881 - يىلى گۇاڭشۇ خاندىن يارلىق چۈشۈپ، سۇلتان مامۇت تۇرپاننىڭ ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

گۇاڭشۇنىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1884 - يىلى) سۇلتان مامۇت قەشقەردە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاتىسى ئەفرىدۇننىڭ قەبرىسىنى قايتا ياساشنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باش ۋالىيسى ليۇجىنتاڭغا پەرمان چۈشۈرۈپ، مامۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا كەتكەن بارلىق چىقىملىرىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇنىڭ ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن خىراجەتلىرىنى يىللىق نەپىقە قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىش» ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 15 - يىلى (مىلادى 1889 - يىلى) سۇلتان مامۇت پايتەخت بېيجىڭغا سالامغا بېرىپ ئۆتكەندە بارالمىغان نوۋىتىنى تولۇقلايدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1892 - يىلى) سۇلتان مامۇتنىڭ يېشى تېخى 30 غا يەتمىگەن بولسىمۇ تۆت خوتۇن ئالغانىدى. بىرىنچى خوتۇنىنىڭ ئاتىسى ئادەتتىكى پۇقرا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاپىسى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىدى. مامۇت ۋاڭنىڭ ئاپىسىمۇ يەكەنلىك بولۇپ، ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىدى. 2 - خوتۇنى ۋاڭنىڭ ئۆز جەمەتىدىن بولۇپ، نەۋرە سىڭلىسى ئىدى. قالغان ئىككى خوتۇنى ئادەتتىكى باجگىرلارنىڭ قىزلىرى ئىدى.



مامۇت ئوردىدا ئىش بېجىرگەندە چىڭ سۇلالىسى خانى تەقدىم قىلغان گۈللۈك تونىنى كىيەتتى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 83 - جىلتىدە: «مامۇت ۋاڭنىڭ ئۈچ ۋەزىرى بار، ئۇلارنىڭ بىرى ۋاڭنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە، بىرى سول قول تەرىپىدە، يەنە بىرى ئارقا تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ۋاڭلارنىڭ ئۆز جەمەتىدۇر. ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئىسمى مىلىك بەگ، سول قول ۋەزىرىنىڭ ئىسمى چاپىزات بەگ، ۋاڭنىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرىدىغان ۋەزىرىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بەگ» دەپ خاتىرىلەنگەن. مامۇت ۋاڭ ئۆز خانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىغان، ئوردا ئىشلىرىنى ھېلىقى ئۈچ نەپەر ۋەزىر بېجىرگەن. ھەتتا باج - سېلىق يىغىشقا ئائىت يارلىق ۋە پەرمانلارنىمۇ ۋەزىرلەر چۈشۈرگەن. مامۇت ئۆزىنى قوغداش ۋە خىزمىتىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 50 - 60 تەك قوغدىغۇچى ئالغان. مامۇت ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ قاراپ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزى بىلگىنىنى قىلغان. خەلقنىڭ دەرت - ئەلىمى بىلەن قىلچە كارى بولماي، ئۇلار ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلەتكەن. پۇقرالارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئۆزى خالىغانچە بۇزەك قىلغان.

مامۇت گەرچە 30 ياشقا توشمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ياشلار ئىدى. ئۇنىڭ كاھىلىرى (مۇھاپىزەتچىلىرى) ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭىنىڭ 40 ياش، ئوتتۇرىدىكىلەرنىڭ 20 - 30 ياش، ئەڭ كىچىكلىرى 16دىن 20 ياشقىچە ئىدى. مامۇت ھەرقانداق چوڭ ئىش بولمىسۇن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بېجىرەتتى. مامۇت ھەرقانداق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرەلمەيتتى. ئۆلۈم جازاسى تۇرپاندىكى خان ئامبىلىغا قاراشلىق بولۇپ، مامۇت ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا پېتىن-

نالمايتتى.
ۋاڭ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ چىڭ سۇلا-
لىسى پادىشاھىغا سالام بېرەتتى. بۇ قەدىمدىن تارتىپلا شەكىللە-
نىپ قالغان قائىدە ئىدى. ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئولپانلىق
سوۋغا - سالام ئېلىۋالاتتى. بۇ ئولپانلىق سوۋغا - سالاملار
قۇرۇق ئۈزۈم 900 جىڭ، قوغۇن قېقى 9 تاغار، لۈكچۈندە
توقۇلغان رەخت 9 توپ، يانتاق شېكەر 9 تاغار، يولۋاس تېرىسى
9 پارچە، بۆرە تېرىسى 9 پارچە، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كىچىك
پىچاق 9، كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن كىچىك پىچاق 9 دانە
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.
سۇلتان ماھمۇتنىڭ تۇرپان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇ-
لۇمى ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ. خەلق ئۈستىدىكى ھەر خىل سېلىق-
لار بارغانچە كۆپىيىدۇ. ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ ئەيش - ئىشرەت
بىلەن كەيىپ - ساپا سۈرۈشى ئارقىلىق تۇرپان خەلقىنىڭ تۇر-
مۇش سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. سۇلتان ماھمۇتنىڭ زورلۇق
- زومبۇلۇق قىلىپ خەلققە سالغان جەبرى زۇلۇمىدىن تۇرپان
خەلقىنىڭ سۇلتان ماھمۇتقا بولغان نارازىلىقى كۈچىيىپ چېكىگە
يېتىدۇ. تۇرپان تارىخىدىكى لىگارلار قوزغىلىڭى مۇشۇ ۋاڭ دەۋ-
رىدە يۈز بېرىدۇ ۋە ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپى-
دىن باستۇرۇلىدۇ.
تۇرپان خەلقى ئەنە شۇنداق ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە
جان تالىشىپ ئاران كېتىۋاتقاندا سۇلتان ماھمۇت ۋاڭ تېخىمۇ
ھەددىدىن ئېشىپ، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، ئۆز كۆڭلە-
نى ئاچىدىغان ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپا بىلەن بولۇپ
كېتىدۇ. 1899 - يىلى پىچاننىڭ مۇرەن مەھەللىسىدىكى جىلىل
دېگەن يىگىت بىلەن ئانانۇرخان دېگەن قىز بىر - بىرىنى ھەقىقىي



ياخشى كۆرۈشۈپ ئاشىق - مەشۇق بولۇشقاندا ئۇلارنىڭ بۇ خىل
ھەقىقىي ساپ مۇھەببىتىنى يۇرت ئەھلى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش
بىلەن ئىككى تەرەپتىكى ئاتا - ئانىلارمۇ رازىلىق بېرىپ ئۇلارنىڭ
توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. شۇ ئارىدا ئوردا پايلاق-
چىلىرىدىن بىرى ئانانۇرخاننىڭ بەك لىۋەن، ئوماق، چاچلىرى
ئۇشىقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان، گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى سۇلتان
ماھمۇتقا يەتكۈزىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ماھمۇت ئانانۇر-
خاننى كىچىك خانىشلىققا ئېلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە
ئەلچى كىرگۈزىدۇ. ئۇ يۇمشاق، قاتتىق ۋاستىلارنى قوللىنىش
ئارقىلىق، ئانانۇرخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى قورقۇتۇپ، قىزنى
جىلىلدىن تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئاخىرى سۇلتان ماھمۇتنىڭ
چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئانانۇرخان ئىلاجىسىز
يىغلاپ تۇرۇپ سۇلتان ماھمۇت بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇپ، ئاتا
- ئانىسىغا رازىلىق بىلدۈرىدۇ. توي بولىدىغان كۈنى بۇ ۋاپادار،
ئاق كۆڭۈل قىز يېنىغا بىر تال ئۇستۇرىنى يوشۇرۇن ئېلىۋال-
دۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا:

زەم - زەم سۈيى بۇلاقتا،
ئالتۇن ھالقا قۇلاقتا.
ئىستىكىنە ئانانۇر،
دۆلەت باغدا سولاقتا.

دېگەن قوشاق ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە.
توي تۈگەپ كەچتە ھۇجرىغا كىرگەندە ئانانۇرخان سۇلتان
ماھمۇت بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنىڭ قورساق، يوتا قىسىملىرىغا
ئۇستۇرىنى ئۇرۇپ گۆشلىرىنى تىلما - تىلما قىلىپ تاشلايدۇ.
بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى بىلگەن ئوردىدىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلەر
دەرھال ئانانۇرخاننى زىندانغا تاشلاپ، سۇلتان ماھمۇتنى خەلقتىن

يوشۇرۇپ، «ۋاڭ غوجامغا يىرىڭلىق جاراھەت چىقىپ قاپتۇ. ئۇنى سالقىنراق ئۆرتەڭ غولىدىكى ئارشاڭدا داۋالىتىمىز» دەپ، ئۆرتەڭ غولىغا ئېلىپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1900 - يىلى 4 - ئايدا 35 ياش ئەتراپىدا ئۆلىدۇ.

## 13. ئىمىن ۋاڭ

ئىمىن ۋاڭ سۇلتان مامۇتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى (مىلادى 1907 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە «ۋاڭلىقىمىزغا تەۋە بولغان يەر ۋە باج سېلىقنى ناھىيە يىغىۋالدى. جان باقمىقىمىز تەسكە توختاۋاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ سۇنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىمىن ۋاڭ سۇنغان مەكتۇپقا ئاساسەن «مۇشۇ ۋاڭغا تەۋە تېرىلغۇ يەرلەر ۋە باج سېلىقلار ئېنىق ئايرىلغانمۇ يوق؟ ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خىراجەت كېرەكمۇ يوق؟ تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرگەن ھەم تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىمىن ۋاڭغا تەۋە بولغان يەر، زېمىن، يايلاق قاتارلىقلار ئاجرىتىپ بېرىلگەن.

گۇاڭشۇنىڭ 30 - يىلى ئىمىن ۋاڭ قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ قىزى خان فۇجىن خېنىمغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تويلۇق بەرگەن:

100 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، 1000 تۇياق قوي، 220 تاغار بۇغداي، 100 تاغار خورما، 100 تاغار زاراڭزا ئۇرۇقى، 100 تاغار كەندىر، 1000 جىڭ يېشىل ئۈزۈم، 1000 جىڭ گۈلە قاق، 1000 سەر كۈمۈش، 5000 سەر تەيزە، بىر يىلنى 3



ئايدىن 4 پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر پەسىلنى 90 كۈنگە بۆلۈپ، ھەر كۈنگە بىر ياقىدىن كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت، بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق 90 كۈنگە ھەر خىل تۈلكە، بۆرە، سۇلۆسۈن، سۆسەر تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن - قىسقا جۇۋا، پىنجەك، كۈزلۈك، يازلىق، ئەتىيازلىق كىيىملەر. بۇنىڭدىن باشقا 100 جوزىلىق مېۋە - چېۋە، كۆكتات بەرگەن ھەم 41 كېچە - كۈندۈز توي - بەزمە قىلىپ بەرگەن.

1911 - يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يەرلىك فېئودال ۋاڭلارنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ھوقۇق يۈەن شىكەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەچكە، يۈەن شىكەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىمىن ۋاڭنى قايتىدىن چىنۋاڭلىققا ئۆستۈرىدۇ ھەم ئۇنى نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىدۇ. بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بارلىقى مەلۇم.

ئىمىن ۋاڭلىق تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا پۈتۈن تۇرپان دىيارىدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن ئەھلى - ئىلمىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاڭ ھوزۇرىدا قول قوشتۇرۇپ ئۇنىڭ يارلىقىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا يۇرتتا جازانىخورلۇق ئەۋجەپ كېتىدۇ. زۇلۇم ئېغىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامىر دورغا باشچىلىقىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بېرىدۇ.

## 14. مەتسايىت (مۇھەممەت سىيىت)

مەتسايىت ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى. 1933 - يىلى 2 - ئايدا ئۇنىڭ ئاتىسى شېڭ شىسەينىڭ توپ ئوقىدا ئوردىدا كۆيۈپ

ئۆلگەندىن كېيىن، ۋاڭلىق تامغىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى «سا-
چىنۋاڭ» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپى بويىچە تەستىقلىغان بول-
ماستىن، بەلكى ئۇ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ۋاڭ ئاتىلىپ قالغان.
ئۇ خەنزۇچە مەكتەپتە 3 يىل، دىنىي مەكتەپتە 4 يىل، جەمئىي
7 يىل تەلىم ئالغان.

ئۇ 1932 - يىلى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كەلگەندە ئۇنىڭغا
ھەربىي مەسلىھەتچى بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ 1000 ئەسكەر تۇتۇ-
شى ئۇچۇن كۈچ چىقارغان. بۇ ئەسكەرلەر داۋانچىڭغا يېتىپ
كەلگەندە 400 دەك ئەسكەر سوغاق ۋە ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن
ياكى مەجرۇھ بولغان. ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كەلگەنلەرنى ما
جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ئۇ 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قورۇلتاينىڭ ۋەكىلى
بولغان. قورال - ياراقلارنى ئېنىقلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بو-
لۇپ، پىچاندىكى قورال - ياراقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، شېڭ
شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىل-
غۇ يېرى بار ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈز-
گەندە مەتسايىت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى
بولغان.

ئۇ ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللان-
غان. 1947 - يىلى گومىنداڭ جۇنتوڭ 2 - باشقارمىسىغا
ئالاقىچى بولغان. ھەمدە ئىنىسى ئىسكەندەرنى جۇنتوڭ ئىشپى-
يونلىقىغا تونۇشتۇرغان. تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوز-
غىلىڭى مەزگىلىدە ئۇ مالەنسۇڭ (پىچان ناھىيىسىنىڭ چوڭ
پومېشچىكى) بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئىنىسى ئىسكەندەرگە



(پىچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرۈش ھەق-
قىدە تاپشۇرۇق بەرگەن. 1948 - يىلى گومىنداڭنىڭ مەملىكەت-
لىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ نەنجىڭگە بېرىپ، سۇن كې،
چېڭ چيەن، بەي چۇڭشىلەر بىلەن رەسىملىرىنى ئالماشتۇرغان.
ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىشىغا تېلېگرامما
يوللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئازادلىقتىن
كېيىن 1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن 400 دەن
ئاشلىق ئارىيەت بېرىشنى ئېيتقاندا قارشىلىق كۆرسىتىپ بەرمى-
گەن. ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىپ، 24 سەر ئالتۇنغا ئولتۇراق
ئۆي - جاي سېتىۋالغان. ھېسامىدىننى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ،
ئۆلكىلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئاشلىرىغا زەھەر سېلىپ 200 دەك ئادەمنى زەھەرلىگەن. 1951
- يىلى لۈكچۈنگە خوجىدار ئەۋەتىپ يەر ئىجارىسى يىغقان. ئۇ
مال - مۈلۈكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، چەت
ئەلگە قاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى
تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇنى پىچان ناھىيىلىك ج خ ئىدارى-
سىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى
پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازا-
سىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

1984 - يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
ئەسلىدىكى ھۆكۈمگە قارىتا قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، كې-
يىن مەتسايىتقا ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى قاتارى-
دا مۇئامىلە قىلىشنى بېكىتىپ، 1951 - يىلى چىقىرىلغان
ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەتسايىتنىڭ نامىنى ئەسلىگە
كەلتۈرگەن.

ئىزاھاتلار:

① «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»، 23 ـ جىلد، 17 ـ بەت.

② «تەزكىرەئى خوجىكان» غا قارالسۇن.

③ «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» ئالدىنقى قىسىم 23 ـ جىلد.

④ «تارىخىي ھەمىدىيە» گە قارالسۇن.

⑤ چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىل 12 ـ ئاي (كۈيىۋىي) «قارا دىۋان ۋەزىرىگە چۈشۈرۈلگەن يارلىق».

⑥ «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 30 ـ جىلد.

⑦ (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ جۇن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد.

⑧ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم»، 3 ـ جىلد.

⑨ (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ جۇن «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد.

⑩ (چىڭ سۇلالىسى) خې يىڭ: «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، 3 ـ جىلد.

⑪ «مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئائىت قائىدە ـ نىزاملار»، 5 ـ جىلد.

(«تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» مەخسۇس توپلام، 2 ـ قىسىم، «تۇرپان ۋاڭلىرى» دىن ئېلىندى)



# كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

مەتتىمىن بائىزى

## كىرىش سۆز

بۇنىڭدىن 2 يىل بۇرۇن كۇچادىكى داۋۇت مەخسۇت ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قىسقىچە نەسەبنامىسىنى يېزىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇ كىشىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بويىچە خاتىرە يېزىۋالغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار بىلەن قىسقا نەسەبنامە يېزىپ چىققىلى بولمايتتى. شۇڭا داۋاملىق ئىزدىنىشكە باشلىدىم. مەھپۇز ۋاڭنىڭ يېقىن ھەربىي ئەمەلدارى مەتتىمىن شاڭزۇڭ ۋە مۆمىن كاھ بەگلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلەپ خاتىرە يازدىم. ۋاڭلار تارىخىنى بىلىدىغان پېشقەدەم ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىيلاردىن پىكىر ئالدىم. كۇچادا تۇنجى قېتىم ۋاڭلىق مەنسىپىنى ئالغۇچى مىرزا ھودىبەگ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىگە قاراپ چىنۋاڭلىق مەنسىپىگە ئۆسكەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن، ئۇيغۇر تارىخچىسى موللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدىيە» ناملىق كىتابىدىن، مەۋلانە مۇھەممەدسادىق قەشقىرىنىڭ «زەبدەتۇلماسائىل» ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسىرىدىن، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن، ئافاق خوجا

ئەۋلادلىرى تەزكىرىسىدىن، يەكەن ھۆكۈمرانلىرى شەنگە يېزىلـ
غان تارىخىي ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، بۇ نەسەبنامىنى تۈنجى
قېتىم يېزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. نەسەبنامە پۈتكەندىن
كېيىن كۇچاغا بېرىپ مەرھۇم ۋاڭنىڭ ئايالى نىياز خېنىم،
ئاخىرقى ۋاڭ داۋۇت مەخسۇت (كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېـ
ڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ھاپىز خوجىنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا
كۇچانىڭ پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم زىيالىيلىرى ئەھەت ناـ
يۈپ، ئەمەت بايىز، سابىر بەكرى، ئىسمائىل شەمسىدىن قاتارـ
لىق يولداشلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تولۇقلاش پىكرىنى
ئالدىم. بۇ بىر باشلىنىش، نۇقساندىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە.
ئەھۋالدىن خەۋەردار يولداشلارنىڭ نەسەبنامىنىڭ بىر پۈتۈن تو-
لۇقلىنىشىغا ياردەم بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. مىرزا ھودىبەگنىڭ چىنۋاڭلىق مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈشى

ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان
قەشقەردە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە كۇچا،
ئاقسۇ، بايدىن ئىبارەت 3 شەھەرنىڭ باش ھاكىمى مىرزا ھودىـ
بەگ بۇرھانىدىن خوجىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ قارشى
چىقتى ۋە ئىلى تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇرھانىدىن مىرزاھودىـ
بەگنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ھەممىنى ئۆلتۈ-
رۈۋەتتى.

مىرزا ھودىبەگ چەمى تەتۈر (ئالدىغا ماڭسا كەينىگە ماڭغاند-
دەك ئىز چىقىدىغان) ئاياغ كىيىپ، شەھەردىن قېچىپ چىققان
14 كىشىنى باشلاپ بېيجىڭغا بېرىپ، بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھاند-
لار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلۇڭـ
دىن ياردەم سورىدى، چيەنلۇڭ خان ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالدى.



چيەنلۇڭ خان 1758 ـ يىلىنىڭ بېشىدا غەربىي تىنچلاندۇرۇش
ئۈچۈن 10 مىڭ كىشىلىك جازا قوشۇنى چىقاردى. بۇ قوشۇنغا
يارخاشەننى قوماندان، خانىڭئا بىلەن تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنى
مەسلىھەتچى ئامبال، شۇيدىن، ئەيلۇڭ ۋە قۇمۇللۇق جاساق يۇ-
سۇپ بەگنى قوشۇن باشلىقى ئامبال، مىرزا ھودىبەگنى يول
باشلىغۇچى قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى جازالاشقا بۇيرۇـ
دى. بېيجىڭدىن چىققان قوشۇن 5 ـ ئايدا كۇچاغا كېلىپ شەـ
ھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. خوجا جاھان كۇچادىكى ئادەملىرىگە
ياردەم بېرىش ئۈچۈن 500 دىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ كۇچاغا
كەلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۇچانى ئۇزاققىچە مۇھاسىـ
رە قىلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن خوجا جاھان ئۇزاق تۇرالماي
قېچىپ كەتتى. مىرزا ھودىبەگ خوجا جاھاننىڭ قاچار يولىنى
توسۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆگەن دەرياسىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش
تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، يارخاشەن ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن
خوجا جاھان قېچىپ كەتتى. چيەنلۇڭ خان بۇنىڭغا كايىپ يارخاـ
شەننى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا جاۋ خۇيىنى ئەۋەتتى.
بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھانلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ
قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، 1759 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ
7 ـ كۈنى بەدەخشان چېگرىسىدىكى يېشىلكۆل دېگەن جايغا چېـ
كىندى. ئۇرۇش ئاياغلىشىپ 6 شەھەر تىنچىغاندىن كېيىن ئۇ-
رۇشقا قاتناشقان تۆھپىسى بار 14 ئادەمنى چيەنلۇڭ خان بېيجىڭغا
چاقىرتتى. ئۆز تۆھپىسىگە لايىق خىزمەت بەردى. مىرزا ھودىـ
بەگنىڭ جازا قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ شىنجاڭنى تىنچلاندۇ-
رۇشتا مۇھىم تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، چىنۋاڭلىق ئۇنۋان
بېرىلدى ھەم 6 شەھەرنىڭ مەركىزى يەكەنگە باش ھۆكۈمران
قىلىپ بەلگىلەندى. ۋاڭلار بىۋاستە بېيجىڭغا قارايدىغان بولدى.

بۇلار 2 يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خانغا تازىم قىلىدىغان،
ۋاڭلىق مەنسەپ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بولدى.

## 2. مىرزا ئوسمان بەيسىبەگ

مىرزا ئوسمان بەيسىبەگ مىرزا هودىبەگنىڭ ئىككىنچى
ئوغلى بولۇپ، ئاساسەن قەشقەردە هۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ
دىيانەتلىك مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەهكاملىرىغا كۆپ
ئەهمىيەت بېرىدىغان پۇقراپەرۋەر كىشى ئىدى. مەۋلانە مۇهەممەد
سادىق كاشغىرى ئېيتىدۇ: يەكەننىڭ هۆكۈمدارى مىرزا هودى-
بەگنىڭ ئوغلى ئوسمانبەگ قەشقەرگە هاكىم ئىدى. ئۇنىڭ دەۋ-
رىدە قەشقەر ئاۋات - پاراۋان بولۇپ، خەلققە زىيانداشلىق قىلىدى-
غان زالىملارغا جازا بېرىلىپ تۈزىتىلگەن، خەلقتىن زۇلۇم بى-
لەن مال - مۈلۈك ئالىدىغانلار ۋە ئىنساپسىز قاراقچىلار تۈگى-
تىلگەنىدى. ئالىملار، بىلىملىكلەر هۆرمەت بىلەن جاهىللاردىن
پەرقلىنەتتى. ئادالەت - ئىنساپلىق كىشىلەر پەرقلىنىپ زالىم-
لاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. هەممە خەلق ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەئى-
شىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز هوقۇقىغا ئېرىشىپ شەرىئەتنى
ئىجرا قىلاتتى ۋە هاكىم ئوسمانبەگكە بېغىشلاپ دۇئا قىلى-
شاتتى... («تارىخىي خوجاكان» غا قارالسۇن).

مۇهەممەد سادىق كاشغىرى «زۇبدەتولماسائىل» ئەسىرىنى
مۇشۇ مىرزا ئوسمانبەگ نامىغا يازغان هەم مىرزا ئوسمانبەگ ۋە
ئاتىسى مىرزا هودىبەگنى مەزكۇر كىتابىدا كۆپ تەرىپلەپ تىلغا
ئالغان.

## 3. رىزاشاه سىتىۋالدى بەيسىهېكىم

مىرزا هودىبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن، رىزاشاه سىتىۋالدى
بەيسىهېكىم يەكەن هۆكۈمرانى بولدى، قانچە ئۇزۇن هۆكۈمراد-
لىق قىلغانلىقى هەققىدە خاتىرە يوق. ئىشنى ئادالەت بىلەن



يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئادىللىقتا نامى چىققان، ئۆز دەۋرىدە
غوپۇر، ئابدۇشۇكۇر قاتارلىق ئۇچىغا چىققان زالىملارنى، پارد-
خورلارنى ئەدەپلىگەن. يەكەن هۆكۈمرانلىرى تارىخىي ئەشئارىدا:
«ئاندىن قىلىبان بەيسىهېكىمبەگ سىتىۋالدى، ئادىللىقى مەشهۇر
زالىمگە جازا بەرگۈچى رەئىيەتنى بېقىش بار، ئۇل هاكىم دانا
مىردابە بىلەن، تۇڭچى غوپۇر، ئابدۇشۇكۇرنى يوق قىلدى. جا-
هاندىن زۇلمەتلەرنى تىنچ قىلىپ، يەرگە كىرىش بار، جەننەت
ئاڭا مەئىۋا» دېيىلگەن.

## 4. هەزرىتى ئاپپاق بەيسىهېكىم

ئاپپاقبەگ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەكەن گۈللەپ ئاۋات
بولغان، يۇرت ئاۋاتلىشىپ كىشىلەر كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىش-
كەن. ئات - ئۇلاغسىز كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىق بولغان. بۇ
هاكىم دەۋرىدە چۆل - باياۋاننى كۆكەرتىپ لەنگەر ياسىغان،
مەسچىت - مەدرىسلەرنى بىنا قىلغان. دەل - دەرەخ قويۇپ
جايلارنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرغان، زۇلۇمنى يوق قىلغان.
سۇ چىقمىغان دەشتى - باياۋانلارغا ئۆستەڭ چېپىپ سۇ چىقىرىپ
ئاۋات يۇرتقا ئايلاندۇرغان. يەكەن شائىرلىرىنىڭ «يەكەن بەگلى-
رىگە باها» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالاردىن ئېنىق كۆرۈ-
ۋېلىشقا بولىدۇ:

«ئاندىن قىلىبان هەزرىتى ئاپپاقبەگ هاكىم بولدى، يەكەن
بولۇپ ئاۋات، ئول ۋاقتىدا ئاتسىز كىشىلەر ئاتقا مىنىش بار،
كەڭرىدى دۇنيا. ئاۋات قىلىپ چۆل - باياۋاننى كۆكلىتىپ،
لەنگەرلىرى مەشهۇر، هەم مەدرىس - مەسچىت، دەرەخلەر يولغا
سېلىش بار، يوق ئېردى زۇلما. هەر يەردە، ئەگەر دەشتىلەرگە
سۇ چىقمىسا ناگاه چاپتى ئاڭا ئۆستەڭ، يۇرت قىلماق ئۈچۈن،
چۆللەرنى ئاۋات قىلىش بار، شاهىن ئاڭا شۇ بار. ئالۋانچى بۇ

بەگ موللا قەلەندەر، ئامان ئەردى قويغا بۆرە چاپماي، خوش .
. . هاكىم . . . قۇۋۋەت. . . بەرىكەت. . . ئەندى بىلىك بار،
ئۇنداق كىشى قايدا؟ ! »

## 5. مىرزا ھۇسەيىن بەيسبەگ

مىرزا ھۇسەيىنبەگ سېخىي، مەرت، قولى ئوچۇق، ھەر كىمگە، بولۇپمۇ ئاچ، ئوزۇقسىز دېھقانلارغا كالا، ئاتلارنى ھېسابسىز بەرگەن، خەلقپەرۋەر ھاكىم بولغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باھا بېرىلگەن تۆۋەندىكى شېئىردىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ:

«ئاندىن قالىبان بەيسېھكىمبەگ ئۆلدى 6 ئاي كۆرۈبان
ئۆمۈر، سۇلتان مىرزا ھۇسەيىن زوھورگە كەلدى قىلىك بار،
ئۇل قادىرى زىبا. ئېھسان كېرەم جۇد ساخاۋەت خەيرى قىلىك
بار، ھاتەم ئاڭا شاگىرت، ھەر كىم تىلىسە ئۇي بىلەن ئات،
تولا بىرىك بار، ئاچ بىرلە يالاڭغا» .

## 6. مۇھەممەت ھۇسەيىن بەيسبەگ

بۇ بەگنىڭ دەۋرىدە زامان تارلاشتى، ھۆكۈمى راۋانلاشتى، قەرزگە بوغۇلدى، ياخشى بۇلمەن دەپ ئەمەلدارلارنى پۇلغا تويغۇزالمىدى، چارىسىز قېلىپ مەدرىسلەرنى تىزىملاپ سېتىشقا بۇيرۇق چىقاردى. ئاز - تولا ئەدلى - ئادالىتى بولسىمۇ ئىچىشى هاراق، ئوينىشى قىمار، پاسىق بەگ ئىدى.

بۇ ھەقتە يەكەن شائىرى تۆۋەندىكىچە تارىخىي خاتىرە قالدۇرغان:

«تار كەلدى كۈچادىن بولىبان ھاكىم مۇھەممەت ھۇسەيىن-
بەگ مەنسەپلىرى،
تار بولدى زامان، ھۆكۈمى راۋان قەدىر قىلىك بار،
پەس قىلغىلى قەۋغا.



پانى بولۇشنى بىلمەي شۇنداق ئۆتمەن دەپ غەپلەتتە بولۇپ
شاھ،
يىللاردا داۋام زۇلۇمى بىلەن ئوردا ياساڭ بار، ئول سادda
تەتەييا.
ھەر يەردە ئەگەر مەدرىسلەر بولسا باھالاپ ساتماقنى
چىقاردى،
ئۇل بولسا خۇدا فاڭزا بېرىپ يامبۇئىلىك بار ئەۋسەت ئەدنا.
سالتاڭ كىبان بولدى تاۋانكىر گاھى سۇقۇشتى،
بۇ پانى جاھان، لولى زامان خانى بۇلۇڭ بار تاپقىلى شەيدا.
ئەدلى بار ئىدى، ئازغىنە لېكىن ئىدى پاسىق، ئىچمەكلىرى
باقسۇم،
ئويناشى قىمار لولىبازلىق كۈچ ئىلىك بار، خەلق ئىچى
ھۇۋەيدا.
قەرزنى تۆگەتمەي كىربان گۇمبەز ئىچىگە ئۆزى ئامان
قالدى،
قەرىزنى قويۇپ كەتتى قېچىپ گۆرگە كىرىك بار ئۆلمەك
ھامان. »

بۇ بەگ دۇنيادا يامان ئىشلىرى ئۇچۇن يامان نام قالدۇرۇپ كەتتى. تارىخچى، شائىرلار ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىپ قالدۇردى.

## 7. مىرزا ئىسهاق (ئىززاق) ۋاڭ

مىرزا ئىسهاق ۋاڭ كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى سوراپ ئۆتكەن. 1759 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىسيانى تىنجىتىلغاندىن كېيىن بۇرھاندىن خوجىنىڭ ئوغلى سامساق خوجا بۇخاراغا قېچىپ بېرىپ يەنە تىرىلىش قەستىدە 1784 - يىلى قەشقەر بەگلىرى بىلەن مەخپىي ئەلچىلىشىپ ئىسيانغا تەييارلان-

دى. سامساق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى يۈسۈپ خوجا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىدى. يۈسۈپ خوجىنىڭ جاھانگىر خوجا، باھاۋۇدۇن خوجا دېگەن 2 ئىنىسى بولۇپ، جاھانگىر خوجا 1820 - يىلىدىن باشلاپ 1828 - يىلى 6 - ئايغىچە 5 قېتىم چوڭ ئىسيان قوزغىدى. 1826 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ جياڭجۈنى چاڭ لىڭنى باش قىلىپ شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ يۈجۈڭ ۋە شەندۇڭ باش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى ۋۇ لۇڭئانى ياردەمچى قىلىپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن 36 مىڭدىن ئوشۇق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر يۆتكەپ كۈچالىق جۇڭۋاڭ ئىسھاق بەگنى يول باشلاشقا بەلگىلەپ توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى. بۇلار ئاقسۇغا توپلاندى. بۇ چاغدا توپىلاڭچىلار ئاقسۇنىڭ 80 چاقىرىم جەنۇبىدىكى قۇمباش دەرياسىغا قىستاپ كەلگەنىدى.

جاھانگىر خوجا 6000 دىن ئوشۇق كىشى بىلەن ئاقسۇنى ئېلىش ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ 16 - ، 17 - ، 18 - كۈنلىرى قۇمباش دەرياسىدىن ئۆتۈشكە كۈچەپ كۆردى. لېكىن دەريادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىدى. شۇڭا، بىر قىسىم كۈچى بىلەن ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى توپىلاڭچىلار يەنە 4 كە بۆلۈنۈپ، قۇمباش دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 2 كېچە - كۈندۈز توساپ زەربە بېرىپ قۇمباش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، باي، كۇچا تىنچىدى. 11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كەلپىندىن ئۆتكەن چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ 3 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادىمىنى يوقاتتى.

1827 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى



بىرلەشمە قوشۇنلىرى ئاقسۇدىن چىقىپ ياڭىرىق، بارچۇق، شۇۋۇزى دېگەن جايلار ئارقىلىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دەريا قولتۇقىدا جاھانگىر خوجىنىڭ 3 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، 50 مىڭ ئىسيانچى ساقلاۋاتقان پەيزىۋاتقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 20 - كۈنى 3 يولغا بۆلۈنۈپ يېڭىئاۋاتقا بېسىپ كىردى. 21 - كۈنى پەيزىۋاتقا كىرىپ مىڭدىن ئوشۇق توپىلاڭچىلارنى يوقاتتى. 3200 دىن ئوشۇقراقى ئەسىرگە ئېلىندى. 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شاپتۇل يېزىسىغا بېسىپ كىردى. بۇ جايىنى جاھانگىر خوجىنىڭ يېقىنلىرىدىن يۈز نەچچە مىڭ كىشى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار باشلىقلىرىدىن سۇپىچاق، جانبەگ، سېتىۋالدىبەگ قاتارلىقلار يوقىتىلدى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يۈز مىڭ توپىلاڭچى ساقلاۋاتقان ئاۋات يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قەشقەرگە 70 - 80 چاقىرىم كېلىدىغان ياندۇما دەرياسىغىچە سۈرۈپ باردى. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم باشلىدى. جاھانگىر خوجا دەريا بويىغا سەپ تۈزۈپ ئوق ئېتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ زەمبىرەكتىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوت ئاچتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دەسلەپ يېڭىشەھەرنى ئاندىن كونىشەھەرنى ئالدى. جاھانگىرخوجا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تامامەن ئوڭۇشسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تاڭ سەھەردە بىرقانچە 10 ئادىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىن قېچىپ كەتتى. 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېڭىسار ھۇجۇمسىزلا قولغا كەلدى. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەننى قايتۇرۇپ ئالدى. جاھانگىرخوجا ئىلاجسىز كەلگەن يولى بىلەن قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھەربىي

قوماندانلىرىدىن ياڭ فاڭ چىرىك ۋە خەلقتىن بولۇپ 6 مىڭدىن
ئارتۇق كىشى بىلەن جاھانگىر خوجىنى قوغلىدى. ئامالسىز قال-
غان جاھانگىرخوجا ئىشىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ نائىلاج:
«ئىسھاق ۋاڭ، سىز كېلىپ مېنى باغلاپ خانغا ئاپىرىپ ئىنئامنى
ئېلىڭ!» - دېدى. ئىسھاق ۋاڭ قولى باغلاغلىق جاھانگىرخوجى-
نى يېتىلەپ، چىڭ سۇلالىسى قوماندانى ياڭ فاڭنىڭ قېشىغا
ئاپاردى. 1828 - يىلى 6 - ئايدا جاھانگىرخوجا بېيجىڭغا
ئەۋەتىلىپ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇش تۈگەپ 6 شەھەر
تىنچلانغان خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن داۋگۇاڭ خان خۇشاللىقى-
دىن بىر شېئىر يازدى. ئۆلتۈرۈلگەن ئىسيانچى خوجىلارنىڭ
باشلىرى بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، تۆمۈر قەپەزگە سېلى-
نىپ كۆرگەزمە قىلىندى.

## 8. مىرزا ئەھمىدى ۋاڭ

مىرزا ئەھمىدى ۋاڭ كۇچا، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق شەھەر-
لەردە ھۆكۈمران بولۇپ يۇرت سوراپ ئۆتكەن. بۇ كىشى كەس-
كىن، روھلۇق، مەيدانى ئېنىق ۋە مۇستەھكەم، خەلققە يارامىلىق
پۇقراپەرۋەر كىشى ئىدى. بۇخارالىق موللا كېرەم داموللا مىرزا
ئەھمىدى ۋاڭغا بېغىشلاپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «ئەقا-
يىن» دېگەن كىتابتا مىرزا ئەھمىدى ۋاڭنى «دۆلەتمەن، پۇقرا-
پەرۋەر، سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان، قەتئىي، بىر سۆزلۈك كىشى
ئىدى. دىنىي ئالىم، ئىشان ھەزرەت، ئەپەندىلەرگە ئىخلاسمەن-
دى. مەسچىت - مەدرىس بىنا قىلدۇرغان، يولۇچىلارغا قونالغۇ
سالدۇرغان، غېرىپ - مىسكىنلەرگە نەزىر - نىياز قىلىپ تۇرى-
دىغان، قولى ئوچۇق پەزىلەتمەن كىشى ئىدى» دەپ تەرىپلىگەن.
ئەمما مىرزا ئەھمىدى ۋاڭ ھىجرىيە 1281 - يىلى (مىلادى
1862 - يىلى) يەكەننىڭ ھاكىملىقىدىن بىگۇناھ قالدۇرۇلۇپ،



كۇچادا يارلىق ساقلاپ تۇرغان كۈنلىرىدە 1864 - يىلى كۇچادا
ئۇيغۇر ئاللاياربەگ، خۇيزۇ ماشىزاخۇن باشچىلىقىدا دېھقانلار
قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ غەلىبە قازانغان. قوزغىلاڭچىلار مىرزا
ئەھمىدى ۋاڭغا ئىلتىجا قىلىپ: «جانابلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن
تارتىپ يۇرت سوراپ، ھۆكۈمەت تۇتۇپ كەلگەن، ھېلىمۇ بىزلەر-
گە ئاتىدارچىلىق قىلىپ ھۆكۈملەرنى جارى قىلىپ بەرسىلە. بىز
جان - دىل بىلەن پەرماندارلىق قىلىمىز. . . . » دېگەندە، مىرزا
ئەھمىدى ۋاڭ: «ھەي خالايىق، مەن بولسام نەچچە ئاتا - بوۋام-
دىن تارتىپ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ مەنسەپ تۇتۇپ،
يەر - سۇلۇق بولۇپ كەلگەن. خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن 3 قېتىم
كۆرگەن. يېگەن تۇزنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق لازىم. مەن خان-
دىن يۈز ئۆرۈمەيمەن، كىمنى خالىساڭلار باشلىق قىلىۋېلىڭلار،
مېنىڭ يېشىم 70 كە يەتتى، مەندە ئارزۇ - ھەۋەس قالمىدى.
. . » دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ سۆزنى قوزغىلاڭچىلار ئاڭلاپ
غەزەپلىنىپ، ئۇلىشىپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن،
جەسىتى كۇچا كۆككۈمبەزدىكى «ۋاڭلار قەبرىستانلىقى»غا دەپنە
قىلىنغان (تەپسىلاتى «تارىخ ھەمىدىيە» گە قارالسۇن).

## 9. مىرزا ھامۇت ۋاڭ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى 1878 - يىلى ياقۇپبەگنىڭ
14 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچلاندۇر-
غاندىن كېيىن مىرزا ئەھمىدى ۋاڭنىڭ ئوغلى مىرزا ھامۇت
ۋاڭنى ئىزدەپ تېپىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا چىنۋاڭلىق ئۇنۋان
بەردى. قېپقالغان نەچچە يىللىق كۆلەڭ - يامبۇ، كۇمۇش تەڭگى-
لەر تولۇقلاپ بېرىلدى. مىرزا ھامۇت ۋاڭ ئاقسۇ، خوتەن ۋىلا-
يەتلىرىنى سوراپ، 11 يىل ۋاڭلىق قىلدى.

## 10. مىرزا مامۇت ۋاڭ

مىرزا ھامۇت ۋاڭنىڭ ئوغلى مىرزا مامۇت ۋاڭ كۇچانى 10

يىل سوراپ چىنۋاڭلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئۆتتى.

## 11. مەمتىمىن ۋاڭ

مىرزا مامۇت ۋاڭنىڭ ئوغلى مەمتىمىن ۋاڭ 23 يىل چىنۋاڭلىق ئۇنۋانى ۋە قوشۇمچە «ئۇچتۇرپاندا چېگرا باققۇچى» ھەربىي ئەمەلدارلىق مەنسىپىدە قوش تامغا تۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇچتۇرپاندىكى چېغىدا چەت ئەلدىن چېگرا ئاتلاپ كىرگەن شاپدان باتۇر دېگەننى تۇتۇپ ئادەملىرى بىلەن قورالسىزلاندۇرغان خىزمىتى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىننىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بىلەن قەشقەرگە ئەسكەرلەرنى ئېلىپ بېرىپ ماشياۋۇ دېگەن خۇيزۇنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىتارىست ماتتەيىنى ھىيلە بىلەن زىياپەتتە تۇتۇپ، ئۇنىڭ 14 يىللىق ئىستىبداتىغا خاتىمە بەرگەن. خەلق ئاغزىدا: «ماتتەيىنىڭ چېرىكلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك، ماتتەي ئۆلۈپ قاپتۇ جاڭگالدىكى تۇڭگۇزدەك» دېگەن غەزەل ياڭرىغان. دېمەك، خەلق خۇشال بولغان. مەمتىمىن ۋاڭ 1923 - يىلى ئۇچتۇرپاندا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە كۇچاغا ئەكىلىپ كۆككۈمبەزدىكى ئەجدادلىرى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## 12. مەھپۇز چىنۋاڭ (1923 - 1937 - يىللار)

مەمتىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى يوق ئىدى. 2 - ئىنىسى مەخسۇت خوجىنىڭ مەھپۇزخوجا، ھاپىزخوجا، مەمتاۋلا خوجا، مۇھەممەت ھاشىم خوجا دېگەن 4 ئوغلى بولۇپ، مەمتىمىن ۋاڭ مەھپۇز خوجىنى كىچىكىدىن تەربىيىلەپ ئوغۇل قىلىۋالغانىدى. چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ مەرەم خېنىم دېگەن قىزىنى چېتىپ، يۇقىرىغا يوللاپ «تەيجى» لىككە ئىگە قىلدى. مەمتىمىن ۋاڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەھپۇز خوجا 1923 - يىلدىن باشلاپ كۇچادا ۋاڭلىق



مەنسىپىگە ئولتۇردى.

ۋاڭنىڭ ھوقۇقى ئاساسەن دىنىي ئىمتىياز بولۇپ، مەھكىمە شەرئىيدىكى ئاخۇنلارنى ئېلىش، قويۇش، مەدرىسلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىنى ئېلىش، قويۇش، چوڭ مەسچىت - جامەلەرنىڭ ئىمام - خاتىپلىرىنى ئېلىش، قويۇش ۋە مەسچىت، مەدرىس، مازارلارغا تەئەللۇق ۋەخپە يەر، دۇكان، تۈگمەن، باغ - ۋاران قاتارلىق كىرىمى بار ئورۇنلارنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئېلىش، قويۇش قاتارلىق ھوقۇقى بار ئىدى. يىلدا بىر كېلىدىغان روزا تۇتۇلىدىغان باش كۈننى بەلگىلەش ھوقۇقى ھەم ۋاڭدا بولۇپ، ئاخۇنلار ۋاڭنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئېلان قىلاتتى، ۋاڭ ئوردىسى ناغرا بىلەن جاكارلايتتى. ھەر ھېيتتا مەخسۇس دۇمباقچىلار (12 بوم، 12 زىل، 1 چوڭ دۇمباق، 4 چوڭ كاناي، 2 سۇناي بىلەن) 3 كۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىدە نەغمە - ناۋا قىلاتتى. قېرى - چۆرىلەر ئۇسسۇلغا چۈشەتتى.

1933 - يىلدىن بۇرۇن مەھپۇز ۋاڭ ئادەتتە بېشىغا قارا شىلەپە ياكى ئاق شىلەپە كىيەتتى. ئۇچىسىغا ئۇزۇن - قىسقا مانجۇچە چاپان، پۇتىغا قېلىن ئاق چەملىك خەي كىيىپ، قولىدا غاڭزا كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ھېيت نامىزى كۈنلىرىمۇ ئاشۇ قىياپەت بىلەن مەسچىتكە كىرەتتى. ۋاڭ چىقمىغىچە خەلق ھېيت نامىزىنى ئوقۇيالمايتتى. ۋاڭنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىدىغان يېقىن بەگلىرى 6 - 7 كىشى بولۇپ، ئۇلار «كاھ بەگ» دەپ ئاتىلاتتى. ۋاڭ زېرىكسە كەپتەر ئۇچۇرۇپ ئوينايتتى، ئوۋغا چىقاتتى. شۇڭا نۇرغۇن قۇش، قارچۇغىلىرى بار ئىدى. 7 - 8 دەك قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى.

ھېيت كۈنلىرى ۋاڭ سىرتقا چىقسا ياكى سىرتتىن كىرسە

ناغرىچىلار چېلىۋاتقان پەدىسىنى «شادىيانە» گە ئۆزگەرتىپ چالاتتى، ئەگەر بىخەستەلىك قىلسا جازالىناتتى. ئەمما مەھپۇز ۋاڭ ئەسلىدە كەمتەر، چوڭچىلىقى يوق كىشى ئىدى. مەسىلەن، كۈز ئايلىرىدا مەكتەپ موللىلىرى ۋاڭ بېگىمنىڭ قونىقىنى سويۇپ بېرىشكە ئوقۇغۇچى باللارنى ئاپىراتتى. مەھپۇز ۋاڭ ئۆزىمۇ بىللە ئولتۇرۇپ باللار بىلەن بىللە قوناق سوياتتى. نان - چاي، غىزا - تاماق بېرەتتى، ھەر بىر بالىنىڭ ئۆز قولىغا پۇل ئەجرى بېرىلەتتى.

مەھپۇز ۋاڭدا تارىختا ئۆتكەن بەزى ۋاڭلاردەك شەھۋانىي ھەۋەس يوق ئىدى. ئايالى بىرلا نىياز خېنىم بولۇپ باشقا ئەمەلدارلاردەك 2 _ 3 خوتۇنى يوق ئىدى.

1933 - يىلى تۆمۈر ئېلى كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن مەھپۇز ۋاڭ مانجۇچە كىيىملەرنى سېلىپ تاشلىدى. ھاراق، تاماكا، غاڭزىلارنى چۆرۈۋەتتى. ئۈستىگە قارامۇتىلدىن ياكى قارا مەخمەلدىن ھەربىيچە كىيىم، بېشىغا كالۋۇتۇن تۇتۇلغان ھەربىيچە شەپكە، ئايىغىغا ھەربىيچە ئۆتۈك كىيدى. 40 نەپەر مەھرەم (مۇھاپىزەتچى يىگىتلىرى) بولۇپ، بۇلارغا ئابلىزخان باشلىق ئىدى. ھەممىسى 18 _ 20 ياشلىق چىۋەر ياش يىگىتلەر بولۇپ، ھەممىسىگە كۆك رەختتىن بىر خىل كىيىم بېرىلگەن. ھەممىسىدە بىردىن تاپانچا، بىردىن خەنجەر، بىردىن قىلىچ بار ئىدى، يانلىرىغا بومبا ئېسىلغانىدى.

تۆمۈر ئېلى يۇرۇپ كەتتى. مەھپۇز ۋاڭ كۇچادا بارلىق كۈچى بىلەن قورال - ياراغنى كۈچەيتىش ۋە قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. شەھەر سېپىلى ئۈستىدە 4 بۇرجەكتە بىردىن 4 تۈچ توپ، 4 دەرۋازىدا بىردىن 4 دانە چوڭ چويۈن توپ بار ئىدى. بىرنى ئەكەلدۈرۈپ چاق بېكىتىپ ئوق قىردۇرۇپ توپچى قىسىم



قۇرۇپ ھەسەن ھاجىمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. توپچىلارغا قىزىل مۈت ياكى قىزىل مەخمەلدىن چوغدەك قىزىل كىيىم، قىزىل ئۆتۈك بېرىپ ئۇلارنى تەربىيىلىدى. يولداش تۆمۈرچىنىڭ كۈيئوغلى بۇلبۇل ئاخۇننى باش قىلىپ مىلتىق زاۋۇتى قۇردى. بەشئاتار، توققۇزئاتار مىلتىقلارنى چەت ئەل زاۋۇتلىرىدا ئىشلىنىپ چىققان نۇسخىسىدىن ئېسىلرەك ياساتتى. تىغلارنى تېشىدىغان ئىستانوكلىرى بار ئىدى. چاقماق، زاتۇرلىرىمۇ بەك سۇپەتلىك، بەك كۆركەم ياسىلاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي خوجىنىياز ھاجىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇقتۇرۇشتا: مەھپۇز ۋاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ تۇرپانغا كېلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. مەھپۇز ۋاڭ قاراشەھەرنى ئېلىپ، تۇرپانغا يۇرۇش قىلدى ۋە ئىلانلىقتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ كۇچاغا چېكىندى.

شۇ يىلى كەچ كۈزدە ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ كۇچاغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى كۇچادىن پىدائىي تەشكىللەپ توساپ زەربە بېرىشكە چىقاردى. نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇغا ماڭدى. ما جۇڭيىڭ قىسمى باي تەۋەسىگە چىققاندا خوجىنىياز ھاجى چارۋا ئۆتكۈزۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىگۇار قىلغان قورال - ياراغ، ئوق ئۇچتۇرپان ئارقىلىق يېتىپ كەلدى. مەھمۇت سىجاڭ يېڭى قورالغا ئىگە بولۇپ، باينىڭ ياتۇر كەنتىنى بازا قىلىپ، سايرام توقسۇن مەھەللىسى بىلەن ياتۇر ئارىلىقىدىكى «قاراغول» دېگەن سايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن سوقۇشتى. سوقۇش قاتتىق بولدى. يەنە ما جۇڭيىڭ تەرەپ ئۈستۈن كېلىپ مەھمۇت سىجاڭمۇ ئاقسۇغا چېكىندى. ئاقسۇ، قارىيۇلغۇن، تاجىخوراز تەرەپلەرنى باي سىجاڭ

(مۇھەممەت ئىسمائىل باي) قاتتىق مۇداپىئە قىلدى، باي سىدجاڭغا ئوق تەگدى. ما جۇڭيىڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا مەھپۇز ۋاڭ ئاقسۇدىن ئاۋات يولى بىلەن شايارغا كېلىپ تارقاپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ دەريانى چېگرا قىلىپ كۇچادىكى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شايار تەۋەسىگە يولاتمىدى. تاكى 1937 - يىلى بىكتەيوپ باشچىلىقىدىكى روس قوشۇنلىرى توپ - زەمبىرەكلەرنى سۆرەپ كېلىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى تامام تازىلىغانغا قەدەر مەھپۇز ۋاڭ شايارنى ئىدارە قىلدى. شېڭ شىسەيدىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ مەھپۇز ۋاڭنى شايارغا قوشۇمچە ھاكىملىققا بەلگىلىدى. 1937 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەردىكى 6 - دىۋىزىيە، خوتەندىكى 37 - دىۋىزىيىلەر بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەر، يەكەن، خوتەننى ئېلىپ ئاقسۇغا كېلىپ، يېڭىشەھەرنى ئالالماي ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، باي قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ كۇچاغا كەلدى. بىر كېچە قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن كۇچانى ئىشغال قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ خوتۇننىڭ ئىنىسى ۋاڭ زىدۇيجاڭ كارىزغا قېچىپ چىقىپ ئاقگۇمبەز ئەتراپىغا توكلۇق سىم تارتىپ مۇداپىئەلەندى. شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن بۇلارغا ئوزۇق - تۇلۇك، ئوق - ياراغ توشۇپ بېرەتتى. ئۇرۇش قاتتىق بولدى، ئايروپىلان كۈندۈزلىرى بومباردىمان قىلاتتى. كارىز سوقۇشى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە 3 ئاي داۋام قىلدى. 2 تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. 2 تەرەپ بىر - بىرىدىن گۇمانسىراپ، 37 - دىۋىزىيىدىكىلەر شايار بىلەن خوتەنگە قاراپ، 6 - دىۋىزىيىدىكىلەر توقسۇ بىلەن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى.

كۇچادىن خوتەنگە قاراپ قاچقان 37 - دىۋىزىيىدىكىلەردىن 50 ئاتلىق ئادەم مەھپۇز ۋاڭنى ئالدىغا سېلىپ خوتەنگە ھەيدەپ



ماڭدى. ئۇلار تارىم دەرياسى بويىدىكى «نايۇپىنىڭ كېمىسى» دېگەن جايغا چۈشكەن بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەھپۇز ۋاڭ 40 ئادەمى بىلەن ئارقىغا يېنىپ شايار تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەمدى ئاخۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇھ دەپ چاي ئىچەيلى دېيىشكەندى، بىر ئاق ئاتلىق كىشى: 100 ئاتلىق ئەسكەر ۋاڭ نەدە دەپ ئىزدەپ يۈردۇ، ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقى كالتە ئىكەن، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەھپۇز ۋاڭ دەرھال شەرققە قاراپ جاننى قۇتقۇزۇش يولىغا كىردى. ئايالى نىياز خېنىمنىڭ كىيىم - كېچەك، مال - دۇنياسى يۈكلەنگەن خېچىرنى يېتىلىگەن مەمۇتۇم دېگەن كىشى خېچىرنى قاچۇرۇپ قويۇپ، 10 جىڭدىن ئارتۇق ئالتۇن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە مەھپۇز ۋاڭنىڭ ئابلاجان دېگەن ئادىمى ئۇلارغا قارىتا ئوق چىقاردى. ئۇلارمۇ ئوق چىقىرىپ ئۆز ئارا جىدەللىشىپ قالغاندا مەھپۇز ۋاڭ جۇمباق ئېقىنىغا كىرگەن. شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئېھتىيات قىلىپ قايتقان. 10 كۈندىن كېيىن ۋاڭ جەمەتىدىن توختى خوجا بىلەن مەھپۇز ۋاڭنىڭ تەربىيە بالىسى مۇلكىزات قاتارلىقلار يېمەك - ئىچمەك، سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىپ مەھپۇز ۋاڭغا شەھەرگە قايتىپ كېتەيلى دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەھپۇزۋاڭ شەھەرگە قايتىدىغان بولدى. لېكىن، ھاپىز خوجا ئۇنىمىدى. ھاپىز خوجىنى قالدۇرۇپ مەھپۇز ۋاڭ شەھەرگە كەلدى ھەم ئۆز ئۆيىگە چۈشتى. ئەتىسى ۋاڭ زىدۇيجاڭ 20 ئەسكىرىنى تىزىپ قويۇپ مەھپۇز ۋاڭنىڭ رەسىمىنى ئالدى. ھەر كۈنى 2 ئادەمنى مەھپۇز ۋاڭنىڭ ئۆيىدە قاراۋۇللۇققا قويدى.

2 ئايدىن كېيىن ۋاڭ زىدۇيجاڭ يۆتكىلىپ كۇچانى روسلارغا

ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا بىر كىشى كىرىپ: «ۋاڭ بېگىم، ئۆزلىرىنى بىر ياققا تارتمىسىلا بولمىغۇدەك. بۇلار يۆتكىلىپ كەتكۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم» دېدى. شۇ كېچىسى مەھپۇز ۋاڭ سېپىلنى تېشىپ چىقىپ ئاتلىق مېڭىپ توقسۇلۇق ئىسلام دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىدۇ. شېڭ شىسەي قىسىملىرى ھەربىي، ساقچى ۋە ئايروپىلانلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ مەھپۇز ۋاڭنى ئىزدەيدۇ. مەھپۇز ۋاڭ تارىم جاڭگاللىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلايدۇ، مەھپۇز ۋاڭ تۇتۇق بەرمەيدۇ. 12 ـ ئاينىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى مەھپۇز ۋاڭ تارىمنىڭ چىمۈندى دېگەن يېرىدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى كېچىسى ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ تۈرمىگە سولىدى.

شېڭ شىسەي 1941 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى، شېرىپخان تۆرە، يۇنۇسبەگ، ما شاۋۋۇ، خۇاڭ رۇشىڭ، مەھپۇز ۋاڭ، بۇغدا باي، تۇرسۇن بابا، تۇرداخۇن باي، سۇپى ھاكىم، سالى دورغا، باقى نىياز ھاجى، ھەيدەر ئەپەندى، سۇفى زادە، تۆمۈر ئېلى، خېلىل رەپقەت، شىن دەيلى قاتارلىق 895 نەپەر ئادەمنى تۈرمىدە ئۆلتۈردى.

### 13. داۋۇت چىنۋاڭ

مەھپۇزۋاڭنىڭ پۇشتىدىن ئوغلى يوق ئىدى. 3 ـ ئىنىسى مۇھەممەت ھاشىم خوجىنىڭ داۋۇت خوجا دېگەن ئوغلىنى تەربىيىلەپ ئوغۇل قىلىۋالغان ئىدى. 1941 ـ يىلى كۇچا ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەت سىيىت خوجا، توختى خوجىلار شېڭ شىسەيگە ئارقىمۇ ئارقا ئەرىز يېزىپ ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇن، لامالارنىڭ ھوقۇق ۋە ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاش سىياستى بويىچە



ۋاڭلىق بىزگە بېرىلسە، دەپ تەلەپ قويدى. شېڭ شىسەي كۇچا ھاكىمى خەن يۈڭچىڭغا بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى لايىق، ئىلاجى بولسا ئۆز بالىسى بولسۇن، ياشراق بولسۇن دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن داۋۇت خوجا لايىق كۆرۈلۈپ يوللاندى. 6 ـ ئايدا تەستىقنامە كەلدى. خانىقادا چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، داۋۇت خوجىنىڭ ۋاڭ بولغانلىقى جاكارلاندى. دېمەك، داۋۇت ۋاڭ 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كۇچا ۋاڭلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ، 1945 ـ يىلغىچە ئۆلكىلىك 1 ـ گىمنازىيىدە ئوقۇدى. ئاندىن كۇچاغا كېلىپ 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۇچا، شايار، توقسۇ 3 ناھىيە مەركىزىي بانكىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولدى (بۇ ۋەزىپىنى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل يەنى 1951 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئۆتىدى). ئۇ يەنە كۇچا، توقسۇ، شايار 3 ناھىيە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ تەپتىشى، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ دېۋىزىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ئازادلىقتىن كېيىن خانقىتام رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى، لىن جىلۇ خاتىرە سارىيى، ئاسارە ـ ئەتىقە مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىدى. 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئىزاھات: بۇ ماقالە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىل 1 ـ سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(«كۇچار تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ توپلامدىن ئېلىندى)

# ئىلى گۇڭ ـ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى

تېيىپجان ھادى

چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، 1762 ـ يىلى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ھەم شىمالىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي مەمۇرىي ئورگان ـ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بۇ ئورگاننى شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىقى بىر نەپەر جياڭجۈن بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىلى، تارباغاتاي، يەكەن، ئۈرۈمچى ھەم شەرقىي يول (گۇچۇڭ، قۇمۇل، بارىكۆل. . . ) لاردا مەسلىھەتچى، باشلامچى ھەم ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىق ئامباللىرى[1] تۇراتتى. بۇ ئامباللارنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەرلەردە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئەمەلدارلار قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە يارلىق بىلەن بېكىتىلەتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسى تەركىبىدىكى بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئەمەلدار بولۇش بىلەن، چېگرا مۇداپىئە، ئىچكى تىنچلىقنى قوغداش، بوز يەر ئېچىش، ئەسكىرىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن ھەربىر شەھەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت (ھاكىمبەگلىك) ۋە خان ئوردىسى



تەرىپىدىن مەخسۇس يارلىق بىلەن تەيىنلەنگەن ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بېيلى، بەيسىگە ئوخشاشلارنىڭ ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرغانىدى.

ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بېيلى، بەيسىغا ئوخشاش يەرلىك مەنسەپدارلار چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن مەنسەپ ھەم ئۇنۋانلاردۇر.

خەنزۇچە قامۇسنىڭ 970 ـ بېتىدە: «ھاكىمبەگ ـ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئالىي مەنسەپ نامى بولۇپ، بۇ مەنسەپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، جاساق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بەگلەرنىڭ ھوقۇقى تۆۋەنلىشىپ، ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا يەر، قول قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلگەن. بەگلىك تۈزۈمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 31 شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. 1883 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 9 ـ يىلى) ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىتىۋېتىلگەن» دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

«چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دە: «ھاكىمبەگلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، مەسئۇلىيىتى بىرقەدەر ئېغىر، ئۇنىڭ ئورنىغا بەلگىلەش ئۈچۈن ئادەم چىقمىسا، رەسمىي مەنسەپنى بەلگىلەپ، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇش لازىم. ناۋادا تەيجىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئادەم قوشۇمچە ئىلىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا قالدۇرۇلسۇن»[2] دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدا دەلىل قىلىپ

كۆرسەتكەن نەقىلدىنمۇ پەرق ئېتىپ تۇرىدىكى، ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بېيلى، بەيسىگە ئوخشاش مەنسەپدارلار بىلەن ھاكىمبەگ باشقا - باشقا مەنسەپلەردۇر. ۋاڭ، گۇڭ، تەيجىلەر چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنسەپلەر بولۇپ، ھاكىمبەگ بولسا بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان ئورۇندۇر. ھەر ئىككى مەنسەپ ئىگىلىرى باشقا - باشقا شەخسلەردۇر.

چىڭ سۇلالىسى 1762 - يىلى ئىلى جياڭجۇن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش بىلەن تەڭلا، شۇ يىلى «ئىلى گۇڭ - بەگلىگى مەھكىمىسى» نىمۇ قۇردى. گۇڭ ۋە ھاكىمبەگلىك مەنسىۋىنى تولاراق بىر كىشى بېجىرگەن، پەقەت خالزاتخان تەيجى زامانىدىلا ھاكىمبەگلىكنى باشقا كىشىلەر ۋاقىتلىق بېجىرگەن بولسىمۇ، كېيىن خانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گۇڭ، تەيجى بولغان كىشىلەر ھاكىمبەگلىكنى بىللە ئېلىپ باردى.

1762 - يىلدىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە 140 يىل ئىچىدە ئىلى گۇڭ - بەگلىكىنى بىر جەمەتتىن 9 كىشى ئۆتىدى. بۇ ئائىلە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ فېئودال ئائىلىلەردىن بىرى بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ يىراقتىكى چېگرىسى بولغان ئىلى ۋادىسىنى ئاۋات قىلىشتا ئۆزىگە چۇشلۇق خىزمەت ئەجىرلىرى بار.

مەن ئىلى گۇڭ - بەگلىرى ھەققىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆگىنىپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىمنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئاپەتلىك يىللاردا ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، ئېسىمدە قالغان ۋە يېقىندا توپلىغان بەزىبىر ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ ماقالىنى يېزىپ، ئىلى گۇڭ - بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن بىرقانچە يىلغىچە بولغان ئىش ئىزلىرىنى كۆرسەتمەكچى



بولدۇم. بىراق يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرقانچە ئورۇنلار تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولماي قېلىشى مۇمكىن، ئىلى گۇڭ - بەگلىرى تارىخىدىن خەۋىرى بار يولداشلارنىڭ ماتېرىيالىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ياردەم بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. ئىمىن ۋاڭ

ئىلى گۇڭ - بەگلىرى — ئىلىدىكى ھاكىمبەگ خوجا ئەجدادلىرىنىڭ ھاكىمبەگ ئاتالغان بىرىنچى ئاتىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «لۈكچۈن ۋاڭى» ئۇنۋانىنى ئالغان تۇرپان قاراغوجىلىق ئىمىن ۋاڭدۇر. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىمىن ۋاڭ 1694 - يىلى تۇغۇلغان. «ئۇيغۇر زىمىنى تەزكىرىسى» نىڭ 4 - جىلتىدا بۇ زاتنى ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى «ئىمىن خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇردۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى سوفى - خوجىلار بولۇپ، قاراغوجىنىڭ ئاخۇنلىرىدىن، دادىسى نىيازخوجا تۇرپاننىڭ ئاخۇنىدۇر، ئىمىن خوجا ئاھالىسى بىلەن لۈكچۈندە تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئافاق خوجا، شىمالىي شىنجاڭدا قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ھەر ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرى بىلەن ئاتىلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تالىشىپ، ئىچكى جېدەلگە كىرىشىپ كېتىشكەنىدى. ئافاق خوجىنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنىنى ئېلىش كويىدا بولۇپ كېلىۋاتقان رەقىپلىرى بولۇپ، بۇلار جەنۇبنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاباغازجان تۆرىگە «ئافاق خوجىنىڭ بالىلىرى جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىۋاتىدۇ» دەپ چېقىپ قويىدۇ. بۇ سۆز بىلەن جۇڭغار ھۆكۈمدارلىرى ئافاق خوجىنىڭ بالىلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئەخمەت دېگەننى

رەنە هېسابىدا ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. قۇنتەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى داباچى ئۆزىنى «جۇڭغارلارنىڭ تۆرىسى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى غالدان سېرىن قارشىلىق كۆرسىتىپ، مالىمانچىلىقنى كۈچەيتىدۇ. تىنچ ئاھالىلەرگە، شۇلار قاتارىدا تۇرپان ئاھالىسىگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ تالان - تاراج يۈرگۈزىدۇ. بۇ قىلمىشلار خەلقنىڭ، شۇنىڭدەك نوپۇزلۇق زاتلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇتۇلۇش كويىغا چۈشىدۇ. بۇ ئىشقا شۇ چاغدا تۇرپان رايونىدا دىنىي ۋە ئەمەلىي كۈچى خېلىلا چوڭ بولغان ئىمىن خوجا ئاتلىنىدۇ ۋە ئافاق خوجا ئوغۇللىرىغا ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەلنى «ئاق تاغ»، «قارا تاغ» (ئاق تۇغ، قارا تۇغ، ئاق تەقىيە، قارا تەقىيە) لىقلارغا بۆلۈپ ئىچكى يىغىلىقتا كىرىشىپ كەتكەن ئافاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىمىن خوجىنىڭ ئەلچىلىرىگە بىپەرۋا قارايدۇ، ئەلچىلەر يېنىپ چىقىدۇ.

ئىمىن خوجا ئاندىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ چاغدىكى خانى چيەنلۇڭ خانغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ هوزۇرىغا ئەلچىلەر ئۈمىكىنى ئەۋەتىدۇ. شىنجاڭغا قوشۇن چىقىرىش چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى چوڭ ئىشلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن يۈرۈش قىلماي كەلگەنىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئىمىن خوجا ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى خاننى تولىمۇ خۇرسەن ھەم خاتىرجەم قىلىدۇ. شۇڭا ئەلچىلەرگە ناھايىتى چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ كۈتىدۇ. نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئەلچىلەرنى قايتۇرىدۇ[1].

[1] ئىمىن خوجا كاڭشىنىڭ 58 - يىلى (مىلادى 1720 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن. بۇ يەردە ئىككى خاننىڭ ئىسمى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. چيەنلۇڭ خان 1736 - يىلى تەختكە چىققان. ئەسلى بۇ دەۋردىكى خان كاڭشى بولۇشى كېرەك — م.



ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، خانلىق يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) يارلىق بىلەن «جاساق بەگ» (ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدىغان مەنسەپ ئۇنۋانى) بىلەن تارتۇقلايدۇ. ئىمىن خوجا مۇشۇ ئۇنۋان بىلەن چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغىچە تۇرپاننىڭ جاساق بېگى بولۇپ قالىدۇ.

ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئاھالىسى بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى هاكىمىيىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بېسىمى ۋە زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆز يۇرتىنى ۋاقىتلىق تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۇڭخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئاچىدۇ، ئۆزلىرىنى تەمىنلەيدۇ. جۇڭغارلارنىڭ هۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۇڭجېڭنىڭ 11 - يىلى (1733 - يىلى) ۋە چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ فۇگوگۇڭ (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى گۇڭ)، «جىنگوگۇڭ» (دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى گۇڭ) دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) جۇنۋاڭ (ۋىلايەت بېگى) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، 2 - يىلى «جۇنۋاڭ» دەپ رەسمىي يارلىق بىلەن جاكارلايدۇ. بۇ ئارىلىقتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جېدەللەر يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ كەتكەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ئورۇنلار خانلىققا تەۋەلىك بىلدۈرگەن قولايلىق ۋەزىيەت ئاستىدا چيەنلۇڭ خان 1757 - يىلى شىنجاڭغا قوشۇن چىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جاۋ خۇينى قوماندان قىلىپ بېكىتىپ، يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئىمىن گۇڭ تۇرپاندا تەشكىل قىلغان ئۆز لەشكەرلىرى

بىلەن جاۋ خۇيىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا ئەۋەتكەن قىسىملىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يۇلتۇز بىلەن ئىلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. تاغ ئارىسىدا تۇرپان تەرەپكە قاراپ يانغان بىر بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى يولۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر «جۇڭغار قىسىملىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قىسىملىرىنى قىستاپ، ئابرال تېغى ئۈستىگە چىقىرىپ قويغانلىقى، تەمىناتتىن قىسىلغانلىقىدىن تەمىنات ھەم ياردەمچى كۈچ سوراپ كېتىپ بارغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ»③. ئىمىن گۇڭ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ «ياردەم ئۈچۈن كېتىپ بارغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ، يۈرۈشنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ، ئابرال تېغىغا سولىنىپ قالغان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە ياردەم بېرىپ، جۇڭغار قىسىملىرىنى تازىلاش بىلەن، قارادۆڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن سۈمەدە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مۇنگۇن سۈمەگە توپلانغان جۇڭغار قىسىملىرىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىن تازىلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبنى تىنچلاندۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىدۇ. جەنۇبنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئىلىغا قايتىپ چىقىپ، ئابرال تېغىنىڭ كۈنگىيى، قاش دەرياسىنىڭ لېۋىدە سېپىل سوقتۇرۇپ قورغان ياسايدۇ ۋە بۇ يەردە تۇرىدۇ④.

ئىمىن گۇڭ مەسلىھەتچى ئامبال ئاگۇيلار بىلەن قاش سېپىلىدا تۇرۇپ، كەڭ ئىلى ۋادىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرىدىغان يىڭپاڭ (گازارما)، جياڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلىرىنى بەلگىلەپ بېكىتىش بىلەن بۇلارنىڭ تەمىناتىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان دېھقانلارنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، دېھقانلار ئۈچۈن تۇراقلىق جاي ۋە تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى ۋە بۇلارنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە تۇرىدىغان بىر



شەھەر (غۇلجا شەھىرى)نى قۇرۇشقا خان ئوردىسىغا تەكلىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرى ئىلىدا بار ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، شۇنچە كۆپ ساندىكى قوشۇننىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقى ئۈچۈن جەنۇبتىن 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ چىقىشنى بېكىتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىش بىلەن چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن مەركىزىنى ئىلى قىلىپ بېكىتىپ، ھەربىي - مەمۇرىي ئورگان - ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىدۇ. مانجۇ مىللىتىدىن بولغان مىڭرۇينى جياڭجۈن، مەسلىھەتچى ئامباللىققا (سەنزەن داچېنلىققا) مانجۇ مىللىتىدىن ئاگۇينى بېكىتىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئىمىن خوجىنىڭ خانلىققا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەنلىكى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ھەم جەنۇبىنى تىنچلاندۇرغانلىقى ۋە ئىلىنى ئاۋات قىلىش خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى ۋاڭلىق ئۇنۋان بىلەن بېكىتىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارغا يەرلىكلەردىن ئەمەلدار تەيىنلەشكە توغرا كەلسە، ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادىدىن بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى يارلىقنى چۈشۈرىدۇ:

«... قۇمۇل، تۇرپان ئىككى ئورۇندىكى ئۇيغۇرلار دۆلەتنىڭ قۇللىرىدۇر، باشقا ئورۇندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرگەنلەردۇر، ئۇلار كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلگىلى 30 يىل بولدى. بۇلارغا ئايرىم ئىلتىپاتلار كۆرسىتىمەن. ۋاڭ، بېيلى،

بەيسى، گۆك ھەم تەيجى ئەمەللىرىنى بېرىمەن. بەزىلىرىگە ئۆمۈرلۈك، بەزىلىرىگە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدىغان ئورۇن ئىنئام قىلىمەن.»[5]

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمىن ۋاڭ تۇرپانغا قايتىدۇ. لۈكچۈندە تۇرۇپ مەشھۇر ۋاڭ ئوردىسى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، ۋاڭلىق خىزمىتىنى بۇ ئورۇندا تۇرۇپ ئىشلەيدۇ.

ئىمىن ۋاڭنىڭ سۇلايمان، ئاقبەگ، مۇسا ھەم ئورانزىپ قاتارلىق 10 غا يېقىن ئوغۇللىرى بولۇپ، سۇلايمان ئەڭ چوڭ ئوغلى[1]. سۇلايمان دادىسى ئىمىن ۋاڭ دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئورۇنغا ئىگە بولغان:

«تۇرپان ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايىدۇر. ئۇنىڭ قارمىقىدا 6 شەھەر بار. بۇلار: تۇرپان، لۈكچۈن، سىڭگىم، پىچان، توقسۇن ھەم قاراغوجا، بۇ 6 شەھەرنىڭ ئۇيغۇرلىرى پۈتۈنلەي سۇلايماننىڭ قۇللىرىدۇر. سۇلايمان جاساق ھاكىمبېگىدۇر.»[6]

شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلۇپ 6 يىلدىن كېيىن يەنى 1765 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇچتۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە قوشۇلۇپ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىقنى چۈشۈرىدۇ:

---

① بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ 2 - ئوغلى بولۇپ، بىرىنچى ئوغلى نۇرمۇھەممەت دېيىلگەن — م.



«چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) 6 - ئاي.
يەنە يارلىق!

ئۇچتۇرپاندا ۋەقە چىققاندىن كېيىن، سۇلايمان، مۇسالارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەمگىكى بولغان. بۈگۈن مىڭ رۇينىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا ھازىر قاتىللار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەزگىلدە، سۇلايمان، مۇسالار ياردەمگە ئېلىپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوغرىلارنى بېسىپ، ئۇلارنى قوغلاپ، خەتەرلىك جايغا بارغاندا، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، دەيدۇ.

سۇلايمان، مۇسالار ئىمىن خوجىنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئۇلار دادىسىنىڭ تەربىيىسىگە بىنائەن ھەقىقىي كۆڭلى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قوشۇمچە غەمخورلۇق قىلىپ، تاۋارلارنى بەرگىنىڭلار توغرا. ھازىر ئىمىن خوجىغا چوڭ - كىچىك خې باۋ ئالاھىدە تەقدىم قىلىنىدى ھەم مۇكاپاتلاش توغرىسىدا يارلىق چىقىرىلىپ، تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈلدى»[7] دەپ تەقدىرلەيدۇ.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىماستىن ئىلگىرىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ بالىلىرى چيەنلۇڭ خاننىڭ تۆۋەندىكى ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان:

«چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىل) 3 - ئاي.
يارلىق!

ئىمىن خوجا بىر يىلدىن بېرى ئەسكىرىي ئىشلارنى ئىشلەپ تۇردى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان، ئىككىنچى ئوغلى مۇسالار تۇرپانلاردا خىزمەت ئىشلىدى. ئۈچىنچى ئوغلى ئورانزىپ يۈك گۈينىڭ دوكلادىدا چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇلار خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى كۆزلۈك ئوتخان (توز پەي تاج) بېرىلسۇن.»[8]

ئىمىن ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن تولۇق ساداقەتلىك كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «چىنۋاڭ»لىققا مۇشەررەپ بولىدۇ[9] ۋە شۇ دەۋردە چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئىمتىيازلىق ۋە ئىشەنچلىك ئەربابى بولۇپ تونۇلىدۇ[1].

ئىمىن ۋاڭ 83 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1777 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. چيەنلۇڭ خان ئالاھىدە يارلىق بىلەن تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) 10 - ئاي.
يەنە يارلىق!

باۋجىڭنىڭ بايان قىلىشىچە: «ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ جۇنۋاڭى ئىمىن خوجا ۋاپات بولدى» دېيىلگەن.

ئىمىن خوجا كۆپ يىل كۈچ چىقىرىپ خىزمەت قىلغان. بۈگۈن ئالەمدىن ئۆتتى. چوڭقۇر ئېچىنىمىز ھەم ياد ئېتىمىز. دەپنىسىگە 500 سەر كۈمۈش ئىلتىپات قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن باۋ جىڭنى ھاراق - چاي نەزىرىسىنى قىلىشقا ئەۋەتتىم. تەقدىم قىلغان كۈمۈشنى سىزلەر تەرەپتىكى خەزىنىدىن چىقىم قىلغايسىزلەر.»[10]

ئىمىن ۋاڭ 83 ياشقا كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى - تۇرپان بېگى سۇلايمان ئىمىن ۋاڭ ھايات مەزگىلدە دادىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، رىزالىقىنى ئېلىش مەقسىدى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا بىر مەدرىس ھەم ئېگىز مۇنار سالدۇرغان. بۇ ھەشەمەتلىك، كۆركەم ۋە ئېگىز مۇنارلىق ئورۇنغا ئىمىن ۋاڭنىڭ جەستى دەپنە قىلىن-

① ئىمىن خوجا ھايات چېغىدا جۇنۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. چىنۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ — م.



غان بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇنار ۋە مەدرىسگە ئاتاپ ئورنىتىلغان خاتىرە تاش بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 132 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 72 سانتىمېتىر بولۇپ، خاتىرە تاشقا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا ھۆسنىخەت ئويۇلغان. ئۇيغۇرچىسىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ئول ئاللا بىزنىڭ ئىگىمىز،
ھەممە ئۇنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج.

زامان پادىشاھلىرى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ راۋاجلاندۇرغۇچىسى، مۇستاپا تەرىقىتىگە زىننەت بەرگۈچى سۇلايمان [  ] يەنى جاھان پادىشاھى ئىمىن خوجا ۋاڭنىڭ كۆز نۇرى بولغان پەھلىۋان يىگىت بۇ سائادەتلىك نۇرلۇق مەدرىسنى ۋە تەختىدار مۇنارىنى سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھدەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاتىسى، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ياردىمى بىلەن مۇبارەك تەن سالامەتلىكلىرى 83 ياشقا يەتكەن چاغدا، تەشەككۈر بىلدۈرۈش شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئول يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىنىڭ يولىدا ئاتاپ ياخشى نىيەت ۋە ئالىي ھىممەت بىلەن سەدىقە قىلدى. بۇ مەدرىس بىلەن مۇنار تارىخى ھىجرىيە 1181 - يىلى، ۋىلايەت ھېسابىدا چاشقان يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۆز يېنىدىن 7000 سەر كۈمۈش خەجلىگەن.»[11]

بۇ مۇنار ۋە مەدرىس ياسالغىلى 200 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، مۇشۇ چاققىچە بېجىرىم ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ مۇنار ھەم مەدرىسنى 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ

بېكىتكىنى بويىچە ئاسىرىلىپ كەلمەكتە.

ئىمىن ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن لى پەنيۈەن مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمانىنى دادىسىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئورنىغا قويماي، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن بۇنى چيەنلۇڭ خان رەت قىلىپ، تۆۋەندىكى يارلىق بىلەن بېكىتىدۇ:

«چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) 10 ـ ئاي.
يارلىق!

لى پەنيۈەن مەھكىمىسىنىڭ بايان قىلىشىچە: «ئىمىن خوجا جۇڭۋاڭنىڭ ئوغلىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ مەنسەپكە ئولتۇرغۇزۇش دېگەن مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئىمىن خوجا جۇڭۋاڭنىڭ ئەمىلىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئىمىن خوجا قوشۇن ئىچىدە كۆپ كۈچ چىقارغان. شۇڭا ئوغلى سۇلايمانىنى ئىلتىپاتىم بىلەن يەنىلا جۇڭۋاڭلىققا ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق قىلىمەن.»

چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا قىلغان باشتىكى ۋەدە ھەم ئىلتىپاتىغا ئاساسەن، سۇلايمانىنى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئورنىغا ئۆز دەرىجىسى بويىچە ۋاڭ قىلىپ بېكىتىدۇ. ئىمىن ۋاڭنىڭ باشقا ئوغۇللىرىنىمۇ ۋاڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ھەم كېيىن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ گۇڭ ـ بەگ، تەيجىلىككە تەيىنلەيدۇ.

## 2. مۇسا گۇڭ

مۇسا ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ، دادىسى بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. كېيىن چىڭ



سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىنى تىنچلاندۇرۇش يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئوردا تەرەپتىن چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا فۇگو گۇڭ (دۆلەتكە ياردەم بەرگۈچى گۇڭ) ئۇنۋانى بىلەن تۇرپان بېگى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. بەگ قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن كۈچ چىقىرىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى ئىككى كۆزلۈك توز پەي تاجى (ئوتخان) بىلەن مۇكاپاتلىغان.

ئىمىن ۋاڭ ئىلىدىكى مەزگىلدە مۇسا گۇڭ بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇغا چۈشۈپ، جەنۇبتىن ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا يۆتكەپ چىقىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ، ئاقسۇدا سەنزەن داچېن شۇخادە بىلەن بەگلەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا 7 ئورۇندىن تەرمىلەپ 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى يۆتكىدى. بۇلار 1761 ـ يىلى ئىلىغا يېتىپ چىقتى.

چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىش بىلەن تەڭلا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئىشىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە ئىلى ھاكىمبەگلىك ئوردىسىنىمۇ تەسىس قىلىشنى بۇيرۇق قىلىپ، شۇ يىلى مەخسۇس يارلىق بىلەن مۇسا گۇڭنى گۇڭ ۋە ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ، مانجۇچە، خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان گۇڭلۇق تامغىسىنى ئەۋەتتى[12].

مۇسا گۇڭ ئىلىغا كېلىش بىلەن لەڭزە بېشى قارا سۇيىنى ئاساس قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ، «ئىلى گۇڭ ـ بەگلىك ئوردىسى» نى شەھەر ئىچىگە (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى بار ئورۇنغا) سالدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ

شەھەرنى ئۇ چاغدا ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە ئوخشاشلا «غۇلجا»
دەپ ئاتىدى.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى جەنۇبتىن كۆچۈرۈپ چىقىدىغان
ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مۇسا گۇڭنى جەنۇبقا يەنە
چۈشۈردى. مۇسا گۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى)
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىر شەھەرلىرىدىن تەرمىلەپ، ئون شە-
ھەردىن جەمئىي 1500 تۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ چىق-
تى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەنلەردىن 26 ئائىلىنى بىللە ئېلىپ
چىقتى.

مۇسا گۇڭ جەنۇبتىن قايتىپ چىقىپ، تېخى تولۇق پۈتمى-
گەن ئوردىسىدا تۇرۇپ، جەنۇبتىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا تېگىشلىك
بولغان 6000 ئائىلىلىك كۆچمەن ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئىلى دەريا-
سىنىڭ شىمالىدىكى تاغ غوللىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئالتە
ئېقىن، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىن ئېقىپ چىقىدىغان
ئۈچ چوڭ ئېقىن بولۇپ جەمئىي 9 ئېقىننىڭ بويىغا ئېلىق ـ
سىلىق ۋە تۇرلۇك ئىشلاردا ئوڭاي ھەم ئىدىتلىق بولۇشىنى
كۆزدە تۇتۇپ، 100 ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلار-
نىڭ ئولتۇراقلىشىپ ماكان ۋە تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشىغا
رەھبەرلىك قىلدى. كۆچۈرۈپ چىقىلغان بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەر
بىرىگە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن خانلىقتىن (جۇڭ-
غارلاردىن غەنىمەت ئالغان چارۋا مالدىن) ئىككىدىن كالا، بىر
يىللىق ئۇرۇق، ئوزۇق ۋە 12 سەر ئاق كۈمۈش بېرىلدى[13]. بۇ
نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە دېھقانلارنىڭ ھەر يىلى خانلىققا 4 خو
بۇغداي (256 كىلوگرام) غەللە پاراق ھوسۇلى تاپشۇرۇشنى
بېكىتتى، كۆچمەنلەر دېھقانچىلىققا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئالغان
ئاشلىقلىرىنى كۆرگەن موڭغۇللار ئۇلارنى «تارانچى» (بۇغدايچى



ـ دېھقان) دەپ ئاتاشتى.

ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ قۇر-
غان يېزىلىرى قاينۇق ھەم بايتوقاي رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلى-
رىدۇر.

مۇسا گۇڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى-
نىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى «تارانچى» لارغا يەتكۈزۈپ، ئالۋاڭ
ـ ياساق ئىشلىرىنى بېجىرىش، شەرىئەت نىزاملىرى بويىچە ئىش
ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن دىنىي مەھكىمە تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ
ئەئلەم، مۇپتى، قازى ھەم موھتەسىپلىرىنى (تەپتىش) تەيىن-
لەش ۋە ئورنىدىن قالدۇرۇش، ئومۇمەن مۇسۇلمانلارغا ئائىت
ئىشلارنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل بولدى. غۇلجىدا تۇنجى مەھكىمە
شەرئىي قۇرۇپ، تۇرپانلىق يۇرتدىشى موللا روزى ئاخۇننى ئەئلەم
قىلىپ بېكىتتى.

1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىدى.
مۇسا گۇڭ دادىسى ئىمىن ۋاڭ ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن بۇ
قوزغىلاڭنى تىنجىتىشقا چۈشۈپ، خىزمەت كۆرسىتىپ قايتىپ
چىقتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىق
بىلەن مۇكاپاتلىدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى (1765 ـ يىلى) 6 ـ ئاي.
يەنە يارلىق!

بۇ قېتىم ئۇچتۇرپاننىڭ ئىشىنى بىرتەرەپ قىلغاندا، ئىمىن
خوجا ھەم ئۇنىڭ بالىلىرى سۇلايمان، مۇسالار ئادۇنىڭ بالىلىرى
ئوسمانلار. . . نىڭ بارلىقى خىزمەت كۆرسەتتى. مىڭ رۇي،
ئاگويلارغا ئالاھىدە بۇيرۇق بېرىلسۇن، ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بې-
رىچە شۇ يەرنىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرى بىلەن ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ،

تەقدىرلىسۇن. »[14]

مۇسا گۇڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىلىنى ئاۋات قىلىش، جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى تەمىنات بىلەن قامداش، يىڭفاڭ (گازارما) ۋە ئوردىلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىدا خېلى چوڭ كۈچ چىقارغانلىقى ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئىشلىرىدا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇكاپات يۈزىسىدىن ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىدىكى سۇپتاي غولىدىن تېكىلىخان غولىغىچە بولغان سۇلۇق 12 غولدىن سۇيى مول، يېرى كەڭدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىنى ۋە بۇ يەرگە ئۆز يۇرتى تۇرپاندىن 100 ئائىلىلىك يانچى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ يەردىن ئەبەدىي پايدىلىنىشنى بەخشەندە قىلىپ بېرىدۇ. گۇڭلۇق مەنسىۋى ئۈچۈن ھەر ئايغا 115 يېرىم سەر كۈمۈش، ئاغىچىسىغا 16 سەر كۈمۈش، يىلىغا جەمئىي 1578 سەر ئاق كۈمۈشنى مائاش قىلىپ بېكىتىدۇ.

مۇسا گۇڭ خانلىقتىن تەقدىم قىلىنغان سۇلۇق غولدىن ھازىرقى چۇلۇقاي غولىنى تاللىۋېلىپ، بۇنىڭغا يۇرتى تۇرپاندىن 100 ئائىلىلىك يانچى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ[15]. ئۆز تۇغقانلىرىدىنمۇ يىگىرمىگە يېقىن ئائىلىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئولتۇراقلاشتۇرىدۇ. بۇلارغا ئۆز شاخ دەپ نام بېرىدۇ. خەلق كېيىن «يانچى» سۆزىنى «قارىلار»، «ئۆزشاخ» نى «پارچە غوجىلار» دەپ ئاتىشىپ كەتتى.

ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ۋە بىرقانچە قولىيازمىلاردا مۇسا گۇڭ بېيجىڭغا بارغان دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن تەڭ بىر قانچە رىۋايەتلەر بايان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇسا گۇڭنىڭ بېيجىڭغا بارغانلىقىغا دائىر ھۆججەتلەرنى ئۇچرىتالمىدۇق. خاننىڭ تۆۋەندىكى يارلىقىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇسا گۇڭ ئاغرىق سەۋەبى



بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلالمىغان.

«چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) 5 - ئاي.

ھاكىمبەگ مۇساگۇڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆپ جاپا بىلەن خىزمەت قىلدى. ھازىر ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختكە كېلىپ پادىشاھ بىلەن دىدارلىشالماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىككى كۆزلۈك توز پەي تاجى مۇكاپات بېرىلدى، تاقىسۇن! »[16]

مۇسا گۇڭ كېسەلدىن شىپا تاپالماي ۋاپات بولدى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چيەنلۇڭ خان تۆۋەندىكىچە تەزىيە بىلدۈرگەن:

«چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) 9 - ئاي.

مىڭ رۇيلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھاكىمبەگ مۇسا گۇڭ ۋاپات بولغان . . . مۇسا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن 200 سەر كۈمۈش دەپنە خىراجىتىگە بېرىلسۇن. »[17]

مۇسا گۇڭ ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى ۋە دادىسى ئەمىن ۋاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جەسىتى لۈكچۈنگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاستانىغا دەپنە قىلىنغان. مۇسا گۇڭ ئىلىدا ئاران تۆت يىللا گۇڭ بولۇپ تۇرالىدى.

مۇسا گۇڭنىڭ جەسىتىنى تۇرپانغا ئېلىپ بارغان چاغدىكى ئادەم سانى توغرىسىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەر بولۇپ، تولاراق سۆزلىنىپ يۈرگىنى: «جەسەتنى 6000 ئادەم ئېلىپ بارغان. بۇ چاغدا ئاقئۆستەڭ چېپىلىۋاتقانلىقتىن، ئۆستەڭ ئىشى توختاپ قالغان، ۋاھاكازا. . . » دېگەنلەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن كۆردۈقكى، مۇسا گۇڭنىڭ ھاياتلىقىدا ئىلىغا تېخى 6000 ئۆيلۈك ئادەم كۆچۈپ چىقىپ بولمىغان

ھەم ئاقئۆستەڭ توغرىسىدا سۆزمۇ بولمىغان. مۇشۇ ئىككىلا پاكىت ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇسا گۇڭنىڭ جەسىتىنى تالدىن ئىككى دانە ئۇزۇن سېۋەت توقۇپ بىرسىگە سالغان. ئىككىنچى سېۋەتكە بىر قارى ئۆزىنىڭ كېرەك - يارىغىنى سېلىپ بىر تۆگىگە ئارتىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ماڭغان. بەش تۆگىگە ئوزۇقلۇق، كېرەك - ياراقلار ئارتىلىپ، ئاخۇنلار ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ جەمئىي 40 قا يېقىن كىشى ئاتلىق ئېلىپ بارغان.

## 3. ئورانزىپ گۇڭ (غۇلامزاپ)

ئورانزىپ ئىمىن ۋاڭنىڭ 3 - ئوغلى، مۇسا گۇڭنىڭ ئىنىسى. لېكىن خەلق ئىچىدە ئورانزىپنى «مۇسا گۇڭنىڭ ئوغلى» دەپ كېلىشمەكتە. مۇسا گۇڭنىڭ پەرزەندى بولمىغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى يارلىقتىن بىلىۋالالايمىز:

«چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) 9 - ئاي.

مۇسانىڭ پەرزەندى يوق، ئۇنىڭ ئىنىسى ئورانزىپقا 3 - دەرىجىلىك تەيجى ھەم مۇسانىڭ قالدۇرغان ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنى بېرىلسۇن.»[18]

دېمەك، مۇسا گۇڭنىڭ پەرزەنتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئورانزىپنى 1766 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن.

ئورانزىپ گۇڭ ۋاقتىدا جەنۇبتىن يەنە 2000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسى كۆچۈرۈپ چىقىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈل-



گەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى جەمئىي 8000 ئۆيلۈككە يەتكەن. بۈگۈنكى كۈنگىچە خەلق ئىچىدىكى «ئىلى 8000» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن قالغان.

يېڭىدىن كۆچۈرۈلگەن 2000 ئۆيلۈكتىن 600 ئائىلىنى ئارابۇز (ھازىر ئاروز ئاتىلىۋاتىدۇ) غا، قالغان 1400 ئۆيلۈكنى نىلقا ھەم توققۇزتارالارغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارغا خانلىقتىن ئىلگىرىكى 6000 ئۆيلۈككە بەرگەندەك تېرىلغۇ ئۇلاق، ئوزۇق، ئۇرۇقلۇق ۋە تۇرمۇش پۇلى بېرىلمىگەن: «بۇلارغا كونا يۇرتى (ئىلگىرى چىققان 6000 ئۆيلۈك) ئات، كالا، ئۇرۇقلۇق باڭلاشىپ (ھەمكارلىشىپ) چىقارغان.»[19]

توققۇزتاراغا بۆلۈنگەنلەر: تاشتۆپە، گۈرجىلغا، كونا ساڭ، تەمتى، شارغوجىلارغا؛ نىلقىغا بۆلۈنگەنلەر: سۇپتاي، چونجى، ئۇلاستاي. . . قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ، ئىسمى ئاتالغان يۇرتلارنى قۇرۇپ چىققان.

ئورانزىپ گۇڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جىرغىلاڭ سۈيى قۇيغۇنىدىن ھازىرقى ناغرىچى مەھەللىسىنىڭ ئاستىغىچە بولغان كەڭ، مۇنبەت يەرلەرنى ئىلى دەرياسىنىڭ لېۋىگىچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە لەڭزە بېشى سۈيىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىغان. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرى، لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز ئاق توپىلىق يار بويىنى ئېلىنىپ، قارادۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق گۈلشەنباغ تەرەپكە قاراپ ئاققان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭنى «ھېكىم ئۆستەڭ» دەپ ئاتاپ، جىرغىلاڭدىن تاش كۆۋرۈككىچە بولغان، ھازىرغىچە «تۈرك» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 5000 خولۇق يەرنى ئۆز خۇسۇسىغا ئايرىپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرغان ۋە يېقىنقى يىللارغىچە خارابىسى بولغان «ھېكىم ساڭ» يەنى

كېيىن «كونا ساڭ» دەپ ئاتالغان ساڭنى سالدۇرغان.

ئۆستەڭنىڭ يەنە بىرى، لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئاقىدىغان، خەنزۇ بازىرىدىن ئۆتكىچە بىر پۈتۈن بولۇپ ئېقىپ، ئايدۆڭ، تاشكۆۋرۈك، ناغرىچى تەرەپلەرگە تارماق بولۇپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭ «شاغىلىق ئۆستەڭ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن شاغبەككە تەۋە بولغان تاشكۆۋرۈكتىن ئايدۆڭ ئاستىغىچە ئارىلىقتىكى يەرلەر سۇغىرىلىپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلدى. شاغىلىق ئۆستەڭدىن 3 تارماق ئۆستەڭ (ئېرىق) ئېلىنىپ، بىرىنچىسىگە «بەگ ئېرىق»، ئىككىنچىسىگە «ئاخۇن ئېرىق» دەپ نام بېرىلىپ، شۇ دەۋردە بېكىتىلگەن بەگلەر ھەم ئاخۇنلارغا بېرىلگەن يەرلەرنى كۆكەرتتى. ئۈچىنچى ئېرىق سۇ بىلەن ھازىر قازانچى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئورۇنغا بىر يېزا قۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈز بېگىلىكىگە روزىنى تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، روزى يۈزى يېزىسى قۇرۇلدى.

يۇقىرىدىكى 2 ئۆستەڭ ۋە 3 تارماق ئېرىق مۇشۇ كۈندىمۇ شۇ چاغدا ئېلىنغان ئىزى بىلەن ئېقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىنى كۆكەرتىشتە يەنىلا ئاساسىي ئۆستەڭلەر بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ چېپىلىشى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشتە سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغانلىقتىن، غۇلجا شەھىرىدە ئاھالىلەر (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) كۆپىيىشكە باشلىغان. شەھەرنىڭ سىرتىدا لەڭزە بېشى ئەتراپىغا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن خۇلاڭزىچىلىق قىلىپ (كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغۇچىلار) چىققان تيەنجىنلىك خەنزۇلار ھەم خۇيزۇ مەسچىتى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار مەھەللىلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئورانزىپ گۇڭ تۇرپاندىكى چېغىدا چوڭ ئىشلارنى باشقۇر-



مىغانلىقى، ئىلىغا كېلىشى بىلەن ھەمكارلاشقىدەك ياردەمچىلىرى بولمىغانلىقى، ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ خىزمىتى كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ خان ئوردىسىغا قىلغان تەكلىۋىگە بىنائەن، ئورانزىپنىڭ تۇرپاندىكى چوڭ ئاكىسى ئاقبەگنى شاغبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە) بېكىتىش بىلەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئىختىيارىدا 2 ئوردا بېگى، 2 ياساۋۇل بەگ، 8 پۈتۈكچى، 8 دورغا، 20 نەۋكەر ھەم 20 ناغرىچى بېكىتىپ، بۇلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا يانچى، يەر - سۇ بېرىپ، بۇ ئائىلىلەرنى ئالۋاڭ - ياساقتىن خالى قىلغان.

شاغبەگلىككە تەيىنلەنگەن ئاقبەگ ئىلىغا كېلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئورانزىپنىڭ ئاكىسى، تۇرپان بېگى سۇلايماننى ئىلىغا كېلىپ ياردەملىشىشكە بۇيرۇغان. سۇلايمان كېلىپ بىرەر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاز ۋاقىت تۇرۇپ ئىشلەپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغاندا قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى (1768 - يىلى) 2 - ئاي.

ئاگۇينىڭ مەلۇماتىدا شاغبەگ ئاقبەگ خىزمەتكە ۋاقتىدا بارمىغان. . . سۇلايمان قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋېدى، يەنە بىر - ئىككى يىل ئىشلەشنى تەكلىپ قىلغاندا، سۇلايمان بۇنى سەمىمىيەتلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇڭا سۇلايمانغا 4 توپ تاۋار بېرىلسۇن.»[21]

مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن باشلاپ شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئىقتىساد يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ جۈمە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان چوڭ جامەسى يوق ئىدى. دەسلەپتە ھازىرقى 4 - دېۋىزىيە دوختۇرخانىسى ئورنىدا، كېيىن شەھەر ئىچى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئارقىسىدىكى نىزا-

باي، بوتابايېپلار قوراسى ئورنىدا مېھراپ ۋە ئازغىنە جامائەت
پاتىدىغان، ئالدىنقى تەرىپىنىڭ ئۈستى ئاددىلا يېپىلغان بىر جاي
بولۇپ، قالغان قىسمى ئوچۇق مەيدان ئىدى. شۇڭا ئورانزىپ
گۇڭ ۋە پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۈمىدى مۇقىم ۋە پۇختا بىر جامە
سېلىش ئىدى.

چيەنلۇڭ خان ئۆز تەۋەسىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنى ھەربىي - مەمۇرىي ۋاستىلەردىن باشقا، «يۇمشاق
ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ
دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرىدى.
ئېلى جياڭجۇن مەھكىمىسى خاننىڭ بۇيرۇقىنىڭ روھىغا ئاسا-
سەن، مەسچىت ۋە باشقا ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۇق-
رالارنى باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئورانزىپ گۇڭغا غۇلجىدا
چوڭ ۋە كۆركەم جامە قۇرۇش ئۈچۈن «بىر تۈمەن سەر كۈمۈش
بەردى.»[22] ئورانزىپ گۇڭ مەزكۇر پۇل ۋە ھەر يۇرتتىن ئېلىن-
غان يىمەك - ئىچمەك ئەمگەك كۈچى بىلەن ھازىرقى «ئېلى
بەيتۇللا» مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى پەشتاخ، ئىچكى مەسچىت مۇنا-
رىنىڭ ئاستىدىكى مۇسىدىلارنى (ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن) ھىج-
رىيىنىڭ 1186 - يىلى، چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى (مىلادىيە
1773 - يىلى) ياساپ چىقتى.

ئورانزىپ گۇڭ ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرغان يۈزلۈك يېزىلار يىل-
لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېرىلغۇ مەيدانلىرى كېڭەيگەنلىكتىن تەييار
تاغ سۇلىرىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقى ھەم بۇ تاغ سۇلىرىنىڭ مۇ-
قىمسىزلىقى سەۋەبلىك، مۇقىم ئۆستەڭلەرنىڭ بولۇشىنى ھېس
قىلىپ، شەرقتىكى ھېدىلىيۈزى (ئەسلى ھېيت ئىلى)، خۇداقۇل
يۈزى (ھازىر ئالتە ئۆي ئاتىلىۋاتىدۇ)، ئوينانيۈزى (ھازىر
ئونيار ئاتىلىۋاتىدۇ)، ھەم ئىسلامىيۈزلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھ-



تىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى ئاق ئۆستەڭنىڭ بېشى
بولغان «تاش ئۆستەڭ» نى پۈتۈن يۇرتتىن (يۈزلۈك يېزىلاردىن)
ھاشار ئېلىپ چاپتۇردى.

مۇسا گۇڭ ۋاقتىدا ھەر بىر ئائىلىگە بەلگىلەنگەن ھوسۇل
(پاراق) 4 خو بولۇپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە 6000 ئائىلە تۆگەل-
لىنىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن تولۇق تاپشۇرۇلمىغانىدى. ئورانزىپ
گۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە نوپۇسى تۇراقلىشىپ، 6000 ئائىلە ئۈ-
چۈن 96 مىڭ خو بۇغداي تاپشۇرۇش مۇقىم بەلگىلەندى. بۇ
ھوسۇلنى باشتا تولۇق تاپشۇرالمىسىمۇ، 1780 - يىللىرىدا تو-
لۇق تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ھوسۇل يىغىشتا ئورانزىپ قاتتىق
قوللۇق بىلەن ئىشلەپ، ئېلى جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ قىيىن-
چىلىقىنى ھەل قىلغانلىقتىن، ئېلى جياڭجۇنى يىلېتۇ خان ئور-
دىسىغا ئورانزىپنى تەقدىرلەش ھەققىدە ئىلتىماس قىلدى. چيەن-
لۇڭ خان تۆۋەندىكى يارلىق بويىچە ئورانزىپنى مۇكاپاتلىدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى) 11 - ئاي.
يەنە يارلىق!

يىلېتۇنىڭ بايان قىلىشىچە: بۇ يىل ئىلىدىكى دېھقانچىلىق
قىلىدىغان ئۇيغۇرلار تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى تاپشۇرۇپ بولدى.
ھاكىمبەگ ئورانزىپقا تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەر بېرىل-
سە، دېيىلگەن. تەلەپ بويىچە ئورانزىپقا تەقدىم قىلىپ رىغبەت-
لەندۈرۈلسۇن.»[23]

بەلگىلەنگەن ھوسۇلنى دېھقانلارنىڭ تولۇق تاپشۇرغانلىقىنى
كۆرگەن ئېلى جياڭجۇن مەھكىمىسى باشتىكى ۋەدىسىدىن يې-
نىپ، 6000 ئائىلىنىڭ يىللىق مەجبۇرىيىتى بولغان 96 مىڭ
خونى ھۆل - يېغىن نورمال بولغان يىللاردا تۆلىسۇن، ئەگەر
ھۆل - يېغىن تولاراق بولۇپ، مەھسۇلات ئادەتتىكىدىن ئوشۇق-

راق بولسا، يەنە 4 مىڭ خونى قوشۇپ جەمى 100 مىڭ خو هوسۇل تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ، ئورانزىپ گۇڭ باشلىق بەگلەرنىڭ ئېگىدىن ئۆتكۈزۈپ، خانلىقتىن تەستىق ئالدى. مۇشۇ تەستىق بويىچە دېھقانلاردىن هوسۇل ئېلىشقا كىرىشتى. ئورانزىپ بۇ ۋەزىپىنى سەممىي ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، خان ئوردىسى تەرىپىدىن «گۇڭ» ئۇنۋانى بېرىلدى.

«چيەنلۇڭنىڭ 55 ـ يىلى (1790 ـ يىل) 7 ـ ئاي.

ئىلى هاكىمبېگى، بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئورانزىپ ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى، ئىسكەندەرنىڭ ئاكىسى. ئىمىن خوجا بۇرۇندىن تارتىپ خان ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىپ خىزمەت قىلدى، هازىر ئىسكەندەرمۇ پىداكارانە خىزمەت قىلماقتا. شۇڭا ئورانزىپقا گۇڭلۇق مەنسۇۋى بېرىلسۇن.»[24]

ئورانزىپ گۇڭ گۇڭلۇق مەنسۇۋگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تۇرلۇك يارلىقلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ۋە شەھەرنى ئاۋات قىلىش ئىشلىرىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئورانزىپ گۇڭ ئىلىنىڭ قوڭۇر ئوبا دېگەن يېرىدە كۆمۈر بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خەلق ۋە چېرىكلەرنىڭ ئىسسىنىش مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن كان كولاشنى تەشەببۇس قىلىپ، 24 ئورۇندا كۆمۈر كان ئاچقۇزدى. ئىلى جياڭجۈنى يىلىتۇ بۇنى خان ئوردىسىغا تۆۋەندىكىچە مەلۇم قىلدى:

«چيەنلۇڭنىڭ 48 ـ يىلى (1783 ـ يىل) 1 ـ ئاي.

مۇشۇ ئايدا ئىلى جياڭجۈنى يىلىتۇنىڭ بايان قىلىشىچە:

ئىلىنىڭ قوڭۇر ئوبا دېگەن يېرىدىن تاشكۆمۈر چىقىدىكەن، هازىر كان ئاچىدىغانلار پەيدا بولدى. 24 ئورۇندىن كان ئېچىلىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، باج ئېلىش ئۆلچىمى بىلەن



ھېسابلىغاندا ھەر يىلى 324 سەر كۈمۈش ئېلىنىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 47 ـ يىلدىن (1782 ـ يىل) باشلاپ ئالىمىز. ۋاقىپ بولۇشىڭىزلار ئۈچۈن سۇنۇلدى.»

ئورانزىپ گۇڭ 39 يىل تەيجى ھەم گۇڭ بولۇپ ئىشلەپ، جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1805 ـ يىلى) ۋاپات بولدى. جەسىدى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە دادىسى ئىمىن ۋاڭ ۋە ئاكىسى مۇسا گۇڭلارنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈلۈپ دەپنە قىلىندى.

## 4. مېلىكزات گۇڭ

مېلىكزات ئورانزىپ گۇڭنىڭ ئوغلى. ئورانزىپ گۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن ۋە مەسلىھەتچى ئامباللار ئورانزىپنىڭ ئورنىغا مېلىكزاتنى ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا خانلىق ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇندى. ئوردا تۆۋەندىكى تەپسىلىي يارلىق بىلەن مېلىكزاتنى بېكىتتى:

«جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىل) 8 ـ ئاي.

يارلىق! ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە:

سۇڭ جۈن قاتارلىقلار ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەنسۇۋگە ئوغلى مېلىكزاتنى تەيىنلەشنى، ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ھاكىمبەگلىك مەنسۇۋىنىمۇ تەيجىلىك مەنسۇۋگە قوشۇپ ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە تەستىقلاپ بېرىشىمىزنى سورىدى.

ھاكىمبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، مەسئۇلىيىتى بىرقەدەر ئېغىر. ئۇنىڭ ئورنىغا بەلگىلەش ئۈچۈن ئادەم چىقمىسا، رەسمىي مەنسەپنى بەلگىلەپ يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىگە سۇنۇش لازىم. ناۋادا تەيجىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەي-

ىدىغان ئادەم قوشۇمچە ئىلىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان بولسا،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسى ئۆز قەبىلىسىنىڭ
ۋارىسلىق قىلىشىغا قالدۇرۇلسۇن. سۇڭ جۇن يۇقىرىغا ئىلى
ھاكىمبېگى مەنسۇۋىنىڭ ئورنى بوش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىلتى-
ماس سۇنۇپ، تەستىقلاپ بېرىشىمىزنى سورىسۇن. مىلىكزات
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىسە ھەمدە يېزا ئىگىلىك
ئىشلىرىنى باشقۇرالىسا، سۇڭ جۇن نامىدە بۇنى ئىزھار قىلىپ
تەستىقىمىزنى كۈتسۇن. بۇ تامامەن مۇمكىن.»[25]

جياڭجۇن سۇڭ جۇن خانلىقنىڭ يارلىقتا كۆرسەتكەن ئىشلى-
رىنى ئىجرا قىلىپ، خاننىڭ تەستىقىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
مىلىكزات بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانلىق خادىم ۋە قوشۇم-
چە ئىلى ھاكىمبېگى بولۇپ قالىدۇ.

مىلىكزات ھاكىمبەگ بولۇش بىلەنلا، ئەسلى بورۇسۇن سۇ-
يىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بۆلۈكەي يېزىسى بورۇسۇن سۇيى-
دىن ئۆستەڭ ئېلىشنى قويۇپ تۇرۇپ، بۆلۈكەي غولى سۇيى
بىلەن دېھقانچىلىق قىلىشقا كىرىشكەنىدى. لېكىن بۇ غولنىڭ
ئېقىنى بۆلۈكەي تېرىلغۇ يەرلىرىگە كەلگىچە ناھايىتى كەڭ ساي
ۋە ھېسابسىز چوڭ تاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يازنىڭ ئىسسىق
كۈنلىرىدە سايغا سىڭىپ ئازلاپ كەتكەچكە، بۇ يېزىنىڭ دېھقانچى-
لىق ئىشلىرى ئانچە راۋاجلىنالماي، ھوسۇل تۆكۈش ۋە ئوزۇق
- تۈلۈكتە ناھايىتى قىينالدى. شۇڭا مىلىكزات بورۇسۇن غولى-
دىكى تار مەھەللىسىدىن ئېدىر قاپتاللىرىنى كېسىپ، سۇلتان
ئۇۋەيس مازىرىنىڭ ئالدى بىلەن، كۈنگەيدىكى ئېدىر ئۈستىنى
ئايلاندۇرۇپ بۆلۈكەيگە كەلگىچە ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىدى ۋە
بۇنى چاپتۇرۇپ، بۆلۈكەي يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىقىنى خېلىلا
ئىلگىرى سۈردى ۋە يېزىنىڭ باغ - ۋارانلىق بولۇشىغا سەۋەبچى



بولدى.

بۇ مەزگىلدە، جەنۇبتىكى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئىخلاسمەن
مۇرتلىرىدىن تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن پادىشاھ قۇلى خەلپەم
قاش كەنتىدە، ھەمرايى نەزەر سوپۇم (قۇمۇللۇق) قاينۇقتا خەلپە
ئىدى. بۇلاردىن ئېشانلىق داشلىرىنى قايىنتىۋاتقان پادىشاھ قۇلى
خەلپەم ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئاللا قۇلى
خەلپەم تەرىقەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. مىلىكزات ھېكىم
ئىلى ئۆلىمالىرى بىلەن بۇ زاتنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ، شەھەرگە
يېقىن قادىر يۇزى (ھازىر ئارائۆستەڭ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ) دىن
يەر - سۇ بېرىپ، شۇ يەردە ماكانلىق بولۇپ، ئېشانلىق ئىشلىرى-
نى ماڭغۇزۇشقا تەكلىپ قىلىپ كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. بۇلاق بېشى-
دا خەلپەم مەھەللىسىنى قۇرىدۇ. ئاللا قۇلى خەلپەم ۋاپات بولۇ-
شى بىلەن «خەلپەم مازىرى»نى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان مازارلار-
نىڭ تۇنجىسى مۇشۇ مازار بولۇپ، بارا - بارا بۇ مازار مەشھۇر
زىيارەتگاھ ئورۇنلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدۇ.

مىلىكزات گۇڭ ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. ئۇ، 10
يىلدىن ئوشۇقراق گۇڭ، ھاكىمبەگ بولۇپ، تەخمىنەن 1814
- يىللىرى ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە جەستى
تۇرپانغا يەتكۈزۈلۈپ، دادىسى ئورانزىپ گۇڭنىڭ يېنىغا دەپنە
قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا مىلىكزاتنىڭ جەسىتىنى تۇرپانغا يەتكۈزۈش-
نى كەڭ خەلق ئاممىسى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ.

## 5. خۇشنىزات گۇڭ

مىلىكزات گۇڭنىڭ 2 ئوغلى بولۇپ، جياڭجۇن سۇڭ جۇن،

سەنزەن داچىن چاڭ لىڭلارنىڭ خان ئوردىسىغا قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن 1814 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ئوغلى خۇشنىزاتنى گۇڭ ھەم ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىنى بىللە ئۆتەشكە تەيىنلىدى. كىچىك ئوغلى نۇرزاتبەگ بەگلىكنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى باشقۇردى.

بۇ چاغدىمۇ گۇڭ - بەگلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۈزلۈك يېزىلارنىڭ تېرىلغۇ مەيدانلىرىنى كېڭەيتىش ۋە مۇقىم ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى يېڭى ئورۇنلاشقاندا بەزىبىر چوڭ بۇلاق ۋە تاغ سۇلىرىدىن ئۇيغۇر پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەر تەڭ پايدىلىناتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دېھقانلار كەينى - كەينىدىن ئۆستەڭ ئېلىش ئىشىغا كىرىشكەنلىكتىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئىلگىرىكى ئۆستەڭلەرنى ئەسكەرلەرگە قالدۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئۆز ئالدىغا ئۆستەڭلەر ئېلىشىنى بۇيرىدى. مانا شۇلاردىن بىرى، يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى پەنجىم يۈزى ھەم بايانداي قەلئەسىدىكى ئەسكەرلەر پىلىچى قارا سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. جياڭجۈن مەھكىمىسى مەزكۇر سۇنى ئەسكەرلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇپ، خۇشنىزات ھېكىمغا باشقا ئورۇندىن ئۆستەڭ چېپىشنى بۇيرىدى. نەتىجىدە خۇشنىزات ھېكىم پەنجىم يۈزى بەگلىرى ۋە مىراپلىرى بىلەن ئىزدىنىپ، جىرغىلاڭ غولىدىكى (جېلىلىيۈزىنىڭ غولى) قارا سۇنى تاغ قاپتاللىرى ئارقىلىق ئۆستەڭ ئېلىپ، تۇرپانيۈزى ئۈستىدىكى ئېدىر - قاپتاللارنى بويلاپ پىلىچى ئاغزىدىكى 150 ئۆيلۈك دېھقاننىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇنى



ئوردىغا تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى:

«جياچىڭنىڭ 21 - يىلى (1816 - يىل) جياڭجۈن سۇڭ جۈن، سەنزەن داچىن چاڭ لىڭلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: - ئىلى ... خۇينىڭ (بايانداي) شەھىرىدە قوشۇن ۋە ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق قىلىشتا، شەرق تەرەپ تاغدىكى پىلىچى بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىپ كەلگەنىدى. بۇلتۇر، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاكىمبەگ خۇشنىزات قاتارلىقلار ئۆستەڭ ئېچىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى... بۇنىڭدىن يېڭى ئېچىلغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 لىدىن كۆپرەك بولۇپ، غەربىي شىمالىدىكى جىرغىلاڭ تاغ بۇلىقىغىچە بارىدۇ. پىلىچىدىكى 150 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ يېرىنى سۇغىرىدۇ.»[26]

بۇ ئۆستەڭ تاماملانغاندىن كېيىن، خۇشنىزات گۇڭ جەنۇبتا «چاپچال ئۆستىڭى» نى ئالدۇرىدۇ.

خۇشنىزات گۇڭ ئارۆستەڭدىن ئاللا قۇلى خەلپەمنىڭ ئوغلى خۇدا قۇلى خەلپەم بىلەن قۇدىلىشىپ، خەلپەمنىڭ قىزىنى ئوغلى خالزاتخانغا ئېلىپ بېرىدۇ.

خۇدا قۇلى خەلپەم يۈزلۈك يېزىلاردىن نۇرغۇن مۇرىت توپلاپ ئۆز سۆھبىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ غۇلجا شەھىرىدە تەرىقەت (سوپىلىق - ئىشانلىق) نىڭ يوقلىقىنى مۇسۇلمانچىلىق شەنىگە بولغان نۇقسان ھېسابلاپ، شەھەردىمۇ تەرىقەت تۇرغۇزۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا نامى مەشھۇر بولغان بەدەخشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيانى غۇلجىغا تەكلىپ قىلىپ ئالدۇرۇشنى پىكىر قىلىدۇ. خۇشنىزات گۇڭ بۇنى قوبۇل قىلىپ، 20 گە يېقىن مۆتىۋەر ئاتالغان زاتلارنى سوۋغا - سالام ۋە مەكتۇپلار بىلەن بەدەخشانغا ئەۋەتىدۇ. ئىشانشاھ ئەۋلىيا: مۇرىت ۋە تالىپ-

ـلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تەلىم ۋە دەرستىن بوشىيالمايدىغانلىق ئۇز-
رىسىنى ئېيتىپ، ئىلى تەرەپكە تىجارەتكە كەتكەن سادىق مۇرىتى
گارا مۇھەممەتكە ئېرشات خەت يېزىپ قايتۇرىدۇ. خۇشنىزات
گۇڭ نۇرغۇن يەرلەرنى قايتا - قايتا ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنى
چوڭ كۇرە (كونا كۇرە) دىكى دەڭدىن تېپىپ، بەگ ئوردىسىغا
ئالدۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ ئېرشادىنى كۆرسىتىدۇ. گارا مۇھەم-
مەت: «بۇ ئىشنى پىرىم ئۆزى كېلىپ باشلاپ بەرمىسە، مېنىڭ
ھەددىم ئەمەس» دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. خۇشنىزات گۇڭ ئەلچىلەر-
نى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەۋەتىدۇ. بۇ نۆۋەت ئېشانشاھ ئەۋلىيا
قەشقەر ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىدۇ. خۇشنىزات گۇڭ ۋە ئەھلى
- ئىلىم ھەم يۇرتنىڭ ھەر ساھە زاتلىرى ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ
قول بېرىدۇ. ھازىرقى مەمىياريۇزىنىڭ شۇ چاغدىكى يۇز بېگى
(مەھەممەتيار) نىڭ شەھەر ئىچىدە باغلىق قورۇسى بولۇپ،
ياشانغان بۇ يۇز بېگىمۇ قول بېرىپ، مەزكۇر قورۇسىنى خانىقا
ئۈچۈن ھەدىيە قىلىدۇ[27]. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غۇلجا شەھىرى-
دە دەسلەپ قۇرۇلغان خانىقا مەزكۇر خانىقادۇر. ئېشانشاھ ئەۋلى-
يا ئۈچ ئاي مىقدارى تۇرۇپ، مەزكۇر خانىقادا گارا مۇھەممەتنى
خەلىپە قىلىپ قايتىدۇ. ئۇ ئىلىدىكى مازارلاردىن «تېرەك ما-
زار» نى ئالاھىدىن باغدادىنىڭ مازىرى دەپ ئېلان قىلىدۇ.

خۇشنىزات گۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا، شۇ چاغدىكى غۇل-
جىنىڭ ئەئلەم ۋە قازى كالانى ئابدۇلئەزىز ئەئلەم ۋە ئۆز ئوغلى-
غا: ئەگەر ۋاپات بولسا، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەتراپى-
نى مەجنۇنتاللار قاپلاپ تۇرغان، ئايلىنىپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېگىز
بوشلۇق دۆڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىشنى، مۇندىن كېيىن، ئەۋلاد-
لىرىدىن ۋاپات بولغانلارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا قويۇشنى، جەسەتنى



تۇرپانغا ئېلىپ بارماسلىقنى — خەلققە جەۋرى قىلماسلىقنى ۋە-
سىيەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھاياتلىقىدا دادىسى مېلىكزاتنىڭ
جەسىتىنى تۇرپانغا يەتكۈزۈشتە خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ۋە بۇ توغ-
رىدا چىققان قوشاقلارنى ئاڭلىغان خۇشنىزات گۇڭ تەخمىنەن
1818 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ۋەسىيەت قىلغان ئورۇنغا
دەپنە قىلىنىدۇ.

## 6. خالزاتخان تەيجى — تاجى ھېكىم

خالزاتخان خۇشنىزات گۇڭنىڭ يالغۇز ئوغلى. ئۇ چىڭ
سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقى بىلەن 1818 - يىلى دادىسىنىڭ
ئورنىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ.

ئىلگىرى يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆرمىگەن ياش خال-
زاتخان دادىسىنىڭ ئورنىغا گۇڭ بولۇش بىلەنلا، ئوردا قۇرۇلۇ-
شى ۋە خۇسۇسىي ھەشەمەتلەر ئۈچۈن تولاراق كۆڭۈل بۆلۈشكە
باشلايدۇ. خۇشنىزات گۇڭنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۇرپان، قۇ-
مۇللاردىن ياخشى ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ گۈمبەز تۇرغۇزۇپ،
«ئالتۇنلۇق» بىنا قىلىدۇ. مەزكۇر ئالتۇنلۇقتا دائىم دۇئا -
تەگبىر قىلىپ تۇرۇش ۋە خەلقنىڭ نەزىرلىرىنى قوبۇل قىلىش
ئۈچۈن، يەكەندىن 40 ئۆيلۈك دەرۋىشنى كۆچۈرۈپ چىقىپ،
ئالتۇنلۇق ئەتراپىدىن ئۆي - جايلىق يەر بېرىپ، «سوپۇم مەھەل-
لىسى» نى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ھازىرقى
تاللىق، ئايرودروم ئەتراپىدىكى يەرلەرنى تېرىلغۇ يەر قىلىشقا
بېرىپ، ئالۋاڭ - ياساق، پاراقتىن كەچۈرۈم قىلىدۇ. بۇ دەر-
ۋىشلەر ھەر پەيشەنبە كۈنى جەندە - كۇلالىرىنى كىيىشىپ،
ساپايىلار بىلەن پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاھالىسى ۋە رەستىلەردىكى

هۆنەرۋەن تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىغا بېرىپ، دۇئا ـ تەگبىر
قىلىپ قايتىشاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ قولىدىن نەقمۇ ـ نەق ھەدىيە
ئالمايتتى. ھەركىم نەزىر ئۈچۈن ئاتىغان نەرسىلىرى ۋە ھېيت
ـ ئايەملەردە سالغان ژىت (پوشكال) لىرىنى بۇلارنىڭ ئائىلىلە-
رىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. مەزكۇر پوشكاللارنى يەرلىك ئىمام ـ
مەزىنلەر «بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس» دەپ ئالمايتتى.

1815 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تېرىلغۇ يەرلەرنى
كۆپلەپ ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇرۇن چېپىلغان «تاشئۆس-
تەڭ» نى ئاساس قىلغان ھالدا «ئاقئۆستەڭ» قۇرۇلۇشنى باشلا-
پ، بۇنى باشقۇرۇشنى خالزاتخان گوڭغا تاپشۇرىدۇ. ئۆستەڭ ـ
سۇچىلىق ئىشلىرىدىن ئانچە تەجرىبىسى بولمىغان خالزاتخان
گوڭ، چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى
سۈرۈشنىڭ ئورنىغا، كۆپرەك جەۋرى ـ زۇلۇم بىلەن ئىش
يۈرگۈزگەنلىكتىن، دېھقانلار ھەم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ نەزىرى-
دىن قالىدۇ. تەخمىنەن 1820 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمە-
سى خالزاتخان گوڭنى شاغبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگلىككە)
چۈشۈرۈپ، باقى ئاخۇننى ئورلاڭ ھاكىمبەگ (ۋاقىتلىق ھاكىم-
بەگ) لىككە تەيىنلەيدۇ. ئۆستەڭ ھەم يۇرت ئىشلىرىنى باقى
ھېكىم باشقۇرىدۇ. بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنى
ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەيدۇ. دۆلەت ھېكىمنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ
قالغانلىقتىن چورۇقنى (مەھەممەت ئىمىننى) ھاكىمبەگلىككە
تەيىنلەيدۇ. خالزاتخان يۇقىرىدىكى ئۈچ ھاكىمبەگنىڭ مۇئاۋىنى
بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

چورۇق ھېكىم خەلقپەرۋەر، ئادىل، نەپسى يوق، سۇ ۋە
ئۆستەڭ ئىشلىرىنى پۇختا بىلىدىغان زات بولۇپ، ئۆستەڭ ئىش-
لىرى بۇ كىشىنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، تېز ئىلگى-



رىلەيدۇ. 1825 ـ يىلى ئۆستەڭ پۈتۈپ، باياندىي قەلئەسىنىڭ
جەنۇبىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۆستەڭگە سۇ باشلاش مەزگىلىدە، شاغ-
بەگ خالزاتخان «ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دەپ جياڭجۈن مەھكە-
مىسگە ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، جياڭجۈن ئىلى مەھكىمە شەر-
ئىينىڭ ئەئلىمى موللا قەمبەر ئاخۇن، مەھكىمە مۇپتىسى ۋە ئىلى
ئۆلىمالىرىنىڭ پېشىۋاسى ئاتالغان مەشھۇر مۇدەررىس مەسۇت
ئاخۇنلار باشلىق بىرقانچە كىشىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت ئالى-
دۇ. چورۇق ھېكىم سۇنىڭ راۋان ئاقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان
«دار» ياساپ، ئەمەلدارلارنى قايىل قىلماقچى بولىدۇ ۋە ئۆستەڭ
سۈيىدە بىللە ئېقىپ، «ئاق ئۆستىڭىم، ئاق!» دەپ پالاق ئۇرۇپ
باياندىي قەلئەسى سىرتىغا ياسالغان شىتەيگە بېرىپ، مۇراسىمنى
كۆرۈۋاتقان جياڭجۈنلەرگە خۇشخەۋەر يەتكۈزىدۇ (خەلق رىۋايەت-
لىرى بويىچە). چورۇق ھېكىم خانلىقتىن «كۆرمە» بىلەن
سوۋغاتلىنىدۇ ۋە سوۋغا بىلەن تەڭلا جياڭجۈن مەھكىمىسى چو-
رۇق ھېكىمغا قىيىنچىلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئىلگىرى ئېلىپ كې-
لىۋاتقان 4 خو ھوسۇلنى 8 خو قىلىپ بېكىتىۋېلىشنى بۇيرۇي-
دۇ. بۇنى چورۇق ھېكىم ئانچە قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، خۇش-
نىزات ھېكىم «جىرغىلاڭ ئۆستىڭى» نى چاپتۇرۇشقا كىرىشكەن-
دە جياڭجۈن مەھكىمىسى «بۇ ئۆستەڭنى چېپىش ئۈچۈن قانچە
يىل ۋاقىت كەتسە، ئۆستەڭ پۈتۈپ سۇ باشلانغاندىن كېيىن،
شۇنچە يىل ئۆستۈرمە سېلىق سالماسلىققا ۋەدە قىلغان ئىدى.
بۇ ئۆستەڭ 6 يىلدا پۈتتى. بۇنىڭ پۈتۈشىگە ئاق ئۆستەڭنى
چېپىش تەشەببۇس قىلىندى. بۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا
ۋەدە قىلىنغان ئىدى. ئىككى ئۆستەڭ 21 يىلدا پۈتتى. دېمەك،
جياڭجۈن مەھكىمىسى باشتىكى ۋەدىسىگە بىنائەن 21 يىل ئۆس-
تۈرمە سېلىق سالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا چورۇق ھېكىم

بۇ خەۋەرنى يۇرتقا — بەگلەرگە يەتكۈزدى. خەلقنىڭ پەريادى كۈچەيدى. بۇنى كەچۈرۈم قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇلدى.

چورۇق ھېكىمنىڭ ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى، خەلقپەرۋەرلىكى، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ھاشارغا ئېلىپ بارماسلىقى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئىشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ توغرىدا تارتقان ئەرزىيەتلىرى (جاپالىرى) كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئادىل ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كىشىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئاشۇردۇ. شۇنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېقىپ، خەلق ئۈستىدىكى ھاشارنىڭ تۈگىگەنلىكى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەتنى ئۇلغايتىدۇ. لېكىن بىرمۇنچە ھەسەتخورلارنىڭ پۇشقىقىغا پىت چۈشىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنسىز زورلۇق - زومبۇلۇقى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىشكە باشلايدۇ. جەنۇبتا جاھانگىر خوجا توپىلىڭى پارتلايدۇ. توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى چىڭ شياڭ داۋگۇاڭنىڭ 5 - يىلى (1825 - يىل) 11 - ئايدا قەشقەرگە داچېن (ھەربىي مەسلىھەتچى) بولۇپ يۆتكىلىپ، ئۆزى بىلەن بىرقانچە مىڭ چېرىكنى يۆتكەپ چۈشىدۇ. ئۇ داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى توپىلاڭدا ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا ھوسۇل ئاشقانلىقتىن، ئىلىدىمۇ ئەھۋال جىددىيلىشىشكە باشلايدۇ. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى شۇ يىلى مۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە، چورۇق ھېكىمدىن گۇمانلىنىدۇ ۋە ھېكىملىكتىن قالدۇرىدۇ. خانلىققا سادىق بولغان خالزاتخان شاغبەگنى ئەجدادلىرىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «گۇڭ» لۇق ئۇنۋانىدىن بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ «تەيجى» ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم ۋە 6 - دەرىجىلىك مىراب بېگى قىلىپ بېكىتىدۇ.



خەلق «تەيجى» سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، «تاجى ھېكىم» دەپ ئاتىشىدۇ. ھازىرقى كۈندىمۇ «تاجى ھېكىم» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان زات مانا مۇشۇ خالزاتخان تەيجىدۇر.

خالزاتخان تەيجى بولۇش بىلەن جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇيرۇغان 8 خو ھوسۇلنى تۆلەشكە كۈچەپ، يېزا - يېزىلارغا ئوردا خىزمەتچىلىرىنى چىقىرىدۇ. كۆپ ئۆتمەيلا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى خالزاتخاننى «مىراب بېگى» لىق دەرىجىسى بىلەن باشقا يۇرت بەگلىرىنىمۇ قوشۇپ، بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشقا يارلىق چۈشۈرىدۇ.

«داۋگۇاڭنىڭ 5 - يىلى (1825 - يىل) 12 - ئاي.

يارلىق!

... خوتەننىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى خۇدا بەردى قاتارلىق تۆت كىشى، قەشقەرنىڭ 4 - دەرىجىلىك شاڭبېگى پولات قاتارلىق بەش كىشى ... ئىلىنىڭ 6 - دەرىجىلىك مىرابېگى خالزاتلار شۇئەن ۋۇمىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىن خاننى تاۋاپ قىلسۇن. بۇلارنىڭ بېيخەيگە بېرىپ مۇز ھۇنەرلىرىنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنسۇن»[29].

خالزاتخان تەيجى بېيجىڭغا قىلغان سەپىرىدە قۇمۇلغا چۈشىدۇ ۋە قۇمۇل جۇڭۋاڭى بېشىرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە ھەشەمەتلىك كۈتۈپ، خاننىڭ ھوزۇرىغا يولغا سېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىپ قايتقاندا، يەنە قۇمۇلدا مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە بېشىر ۋاڭغا خالزاتخان كىچىك دادىسىنىڭ قىزى مېھرىبانۇمنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. مېھرىبانۇمنىڭ چىراي خۇلقى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئاڭلىغان بېشىر ۋاڭ چوڭ مىننەتدارلىقىنى

بىلدۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن خالزاتخاننى يولغا سالىدۇ. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، بېشىر ۋاڭ ئۆزى كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تويلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلەرگە خەنزجىرنى ھاۋالە قىلىدۇ. غۇلجىدا بىرقانچە ۋاقىت توي ئىشى بېرىپ خەنجەرگە نىكاھ قىلىدۇ. مېھرىبانۇمنى 50 ئائىلىلىك يېقىن تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن يولغا سالىدۇ. (ھازىر خەلق ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان «پۇچۇنخان ناخشىلىرى» مەزكۇر مېھرىبانۇمنىڭ ناخشىلىرىدۇر)[30].

مېھرىبانۇمنىڭ ئانىسى يالغۇز قىزىنىڭ دېغىدا ھاراققا ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن، «شارابچى خېنىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

مېھرىبانۇمنىڭ بىرلا ئاكىسى بولۇپ، ئۇ سىڭلىسىنى بېشىر ۋاڭغا قۇمۇلغا ياتلىق قىلىشقا ئانچە رازى بولمايدۇ. قىزىنىڭ دەردىدە ئاپىسىنىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا خاپا بولغان بۇ يىگىت (نۇساتبەك — نۇسرەتبەك) شارابچى خېنىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خالزاتخان بىلەن ئاچچىقلىشىپ قۇمۇلغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

خالزاتخان بۇ داغدۇغىلىق ئىشلار بىلەن ئىككى يىلچە مەشغۇل بولىدۇ. جەنۇبتىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى باستۇرۇلۇپ، 1828 - يىلى جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ تىنجىماي يەنە مالىمانچىلىق بولىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ئىلىغىمۇ كېلىدۇ. بۇنداق خەتەرلىك چاغدا، چورۇق ھېكىمنى كۆزدىن يوقىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جىياڭجۇنى دې يىڭئا داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) ئۇنى ئاقسۇغا 10 يىللىق پالايدۇ. بۇ ئىشنى خەلق جىياڭجۇندىن كۆرە، خالزاتخان ھېكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغان ئىش دەپ تونۇپ كۆڭلى قالىدۇ.



داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 8 - ئايدىن 11 - ئايغىچە (1830 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۆت شەھرىدە كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان توپىلاڭ پارتلايدۇ. بۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ ئاقسۇدا توختىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ئىچكىرىدىن كەلتۈرىدىغان ئاشلىقنى تېجەپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈرۈمچى ھەم ئىلىدىن ئاشلىق يۆتكەشنى بەلگىلەيدۇ. كۇچا خەلقى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاشلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن 1000 ئادەم، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا ھەم 1000 ئېشەك ئالۋاڭ بىلەن بۇ ئاشلىقنى ئاقسۇغا توشۇيدۇ.

ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدا ھارۋا يۇرەلمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. يۇقىرىقى ئاشلىقنى پەقەت ئات - ئۇلاق كۈچى بىلەنلا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئىلى جىياڭجۇن مەھكىمىسى بۇ ئاشلىقنى ئىلى دېھقانلىرىدىن 2000 كىشىنى ئاجرىتىپ، ھەربىر كىشى 50 جىڭدىن ئاشلىقنى كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا يەتكۈزۈشنى خالزاتخانغا بۇيرۇيدۇ، خالزاتخان تەيجى بۇنى ئىجرا قىلىدۇ. ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 1300 چاقىرىمچە يول بولۇپ، ئىلى تەرەپتىكى خان يايلىقىدىن ئاقسۇ تەۋەسىدىكى تامغا تاشقىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر مۇز داۋان بولۇپ، ئارىلىقتا 10 نەچچە ئۆتەڭ بولسىمۇ، بۇ ئۆتەڭلەردە 2000 كىشى ياتىدىغان ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۆتەڭ ئەتراپىدا، ئاي دالىدا يېتىپ - قوپۇپ بارىدۇ. ئاقسۇغا بارغۇچىلا بىرقانچە كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بىرقانچىلىرى كېسەللىك ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىلىغا — ئائىلىسىگە قايتىپ چىقالمايدۇ. بۇ ئەھۋاللار سەۋەبىدىن خالزاتخان تەيجىگە پۈتۈن يۇرت خەلقى ۋە مۆتىۋەر

زاتلارنىڭ قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828
ـ يىلى) «شىنجاڭدا ئۇلتۇراقلاشقىلى 10 يىلغا توشمىغان ئەنجان-
لىق مۇھاجىرلارنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش» ئىشىنى ئېلان
قىلدى. سەۋەبى: بۇلار خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان چاي
ۋە ئاشلىقلارنى بېسىۋېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈز-
گەن، دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككى نۆۋەتلىك
توپىلاڭدا بۇلارنىڭ قىسمەنلىرى توپىلاڭچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ
پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ چارە قوللىنىلغان ئى-
دى. مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن قەشقەر سەنزەن داچىنى سالۇڭ-
ئانىڭ داۋگۇاڭنىڭ 9 ـ يىلى (1829 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا خان
ئوردىسىغا مەلۇم قىلىشىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىن 2000 ئائىلىلىك
ئەنجانلىق مۇھاجىرلارنى ھەيدەپ چىقارغان.
ئىلى جياڭجۈنى دې يىڭئا ئىلى ـ تارباغاتايلاردا ئەنجانلىق
سودىگەرلەر بېسىۋالغان 38 مىڭدىن ئوشۇق قارا چاي، 4200
جىڭدىن ئوشۇق رەۋەننىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، 28
سودىگەرنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقارغان. غۇلجا ۋە ئۇنىڭ ئەترا-
پىدىكى ئەنجانلىق مۇھاجىرلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى
خالزاتخان تەيجىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغان. بۇنىڭغا ئاسا-
سەن، جياچىڭنىڭ 24 ـ يىلى (1819 ـ يىلى) دىن داۋگۇاڭ-
نىڭ9 ـ يىلىغىچە (1829 ـ يىلىغىچە) ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەن-
جانلىق مۇھاجىرلاردىن چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال بولۇپ
1463 كىشى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلگەن.
ئەسلى بەلگىلىمە بويىچە، ئولتۇراقلاشقىنىغا 10 يىل بولغان
ۋە خانلىق نىزاملىرى بويىچە تىنچ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار-
نىڭ چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن



بولسىمۇ، سالۇڭئا ھەم دې يىڭئالار سۈرۈشتۈرمەي، قارا ـ
قويۇق ھەممىنى ھەيدەپ چىقىرىشنى جېكىلىگەنلىكى ئۈچۈن،
خانلىققا ئىتائەتمەن ئەنجانلىق مۇھاجىرلارمۇ ھەيدەپ چىقىرىل-
دۇ. شۇنداقلا مەشھۇر ئېشان گارا مۇھەممەت خەلپەمنىڭ 11
ياشلىق نەۋرىسى، تۇرسۇنمۇھەممەت خەلپەمنىڭ ئوغلى ھېيت
مۇھەممەتنىڭمۇ ئائىلىرى بىلەن چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلىشى خال-
زاتخان تەيجىگە بولغان غۇلغۇلا، لەنەتنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.
خالزاتخان تەيجى تۇرغۇزغان «ئالتۇنلۇق»، يەكەندىن
شەيخ، جارۇپلارنى ئالدۇرۇش، ئۇلارغا يەر، سۇ بېرىپ ئورۇنلا-
شتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ئادەتتىكى خىراجەت بىلەن بولماس-
لىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھرىبانۇمنىڭ تويى، توي داستى-
خىنى ۋە ۋاڭ ئۈچۈن يوللانغان سوۋغا ـ سالاملار ھەددى ـ
ھېسابسىز بولۇپ، بۇلار ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد كېرەكلىكى
ھەممىگە ئايان.
مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن باشلاپ قانۇنلاشتۇرۇلغان 4 خو ھو-
سۇل گۇڭ ـ بەگلىك ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا يىغىۋېلىنىپ،
جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇيرۇغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈلەتتى. 4 خو
ھوسۇل يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەر بىلەن يىلدىن
يىلغا كۆپىيىپ، خالزاتخاننىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كەلگەندە 16
خوغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. خالزاتخان تەيجى ئوردا خىزمەتچىلىرى-
نى ھەربىر يۈزلەرگە چىقىرىپ، ھوسۇلنى ناھايىتى قاتتىق قول-
لۇق بىلەن يىغىپ، بىر قىسمىنى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئىختى-
يارىغا تاپشۇرغان بولسىمۇ، بىر قىسمىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ
ئۆتۈلگەن چىقىملىرىغا ئىشلىتىپ قويىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى
جياڭجۈن مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلماي، «ھوسۇلنى دېھقانلار
تېخى تولۇق تاپشۇرمىدى» دەپ يالغان مەلۇمات بېرىدۇ. جياڭ-

جۇن مەھكىمىسى «پۈتۈن چارىلەرنى قوللىنىپ، ئەسلى ۋە قو-
شۇمچە ھوسۇلنى تولۇق ئۆندۈرۈۋېلىشنى» بۇيرۇيدۇ. خالزاتخان
تەيجى دېھقانلارغا: «يەنە قوشۇمچە سېلىق سېلىندى» دەپ، تۆ-
لەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خەلق ئىلاجىسىز ھەممە نەرسىدىن ئايرى-
لىپ دېگۈدەك تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىش بىرمۇنچە ئادىل
زاتلار ئارقىلىق دېھقانلارغا يەتكۈزۈلگەنلىكتىن، كەڭ دېھقانلار-
نىڭ خالزاتخان تەيجىگە بولغان ھۆرمىتى يوقاپ، ئۆچمەنلىكى
ئاشىدۇ، لېكىن داد ـ ئەھۋال ئېيتالمايدۇ.
خالزاتخان تەيجىنىڭ خىزمەت بېجىرىش جەريانىدا يۇقىرىقى-
دەك يۈرتقا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئىشى كۆپ بولغانلىقى،
ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭمۇ ھەشەمەتلىك خۇسۇ-
سىي تۇرمۇش ئىشلىرى خەلقنى بىزار قىلغانلىقى، ۋەزىيەتنىڭ
كۆڭۈلسىزلىكى، ئەمما بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماي ئۆز خىزمىتىگە
بىجاندىل كىرىشىپ كەتكەنلىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ
خەلق نەزىرىدىن چەتنەپ قالىدۇ. لېكىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇ-
رۇۋېرىدۇ.
«ئۇ (خالزاتخان) جياڭجۈننىڭ ھىمايىسىدىن جاسارەت ئې-
لىپ، پۈرسەتلا كەلسە ئۆز خەلقىدىن بولغانلارنى ئېزىشكە باشلى-
غان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئۇزاقلاشقان ئىدى.
مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازا بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئاخۇنلار-
نى كۆپ قېتىم رەت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاخۇنلار جياڭجۈنگە
بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، گۇناھكارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ
قىلغان. جياڭجۈن سەمىمىي قوبۇل قىلغان. بۇ مەسىلىنى تەتقىق
قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك تارانچى مەمۇرلىرىدىن ئىبا-
رەت 5 كىشىلىك بىر كومىسسىيە تەشكىل قىلىشنى بۇيرۇغان.
كومىسسىيە خالزاتنى گۇناھلىق دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن،
جياڭجۈن جازا بېكىتىشنى ئاخۇنلارغا تاپشۇرغان. ئاخۇنلار شەرى-
ئەت بويىچە ھېكىملىكتىن ئېلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت جازا بې-



-رىشنى ئېيتىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ چارىنى يېنىك-
لىتىشنى ئۆتۈنگەن. شۇنداق قىلىپ، خالزاتنىڭ پۈتۈن دەرىجى-
لىرى قايتۇرۇۋېلىنغان ۋە ئۆزى تۇرپانغا سۈرگۈن قىلىنغان.»①
كېيىن خالزاتخان تەيجى تۇرپاندىن قايتىپ چىقىدۇ. يەنە
ئۆز ھېكىملىكىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
ئاقسۇغا 10 يىللىق پالانغان چورۇق ھېكىممۇ مۇددىتىنى 8
يىلدا تاماملاپ 1836 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتىپ چىقىدۇ.
خالزاتخان تەيجى چورۇق ھېكىمدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ بارماي-
دۇ. 1837 ـ يىلى چورۇق ھېكىم ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىزى-
غا غۇلجا شەھىرى ۋە ھەممە يۇرتنىڭ دېھقانلىرى بىرى قالماي
دېگۈدەك قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدى گارا مۇھەممەت خەلپەم
دەپنە قىلىنغان خەلپەم بۇزۇرۇكۋارغا دەپنە قىلىنىدۇ.
ئىلى ئەئلىمى قەمبەر ئاخۇنۇم تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، چو-
رۇق ھېكىمنىڭ ئۆلمەس ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە
ھەسەتخورلارنىڭ كەلتۈرگەن ئەرزىيەتلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ.
خالزاتخان تەيجى چورۇق ھېكىمنىڭ ئۆلۈمىگە مۇشۇ سائەتتە
قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە بۇقۇلداپ ياش تۆكىدۇ. گارا مۇھەممەت
خەلپەمنىڭ نەۋرىسىگە قىلغان بىھۆرمەتلىكىنى ئەسلەپ ئەپسۇس-
لىنىدۇ. ھەر ئىككى زاتنىڭ روھىغا ناماقۇللۇق بىلدۈرۈش ئۈ-
چۈن، تەيجى ئۆزى ۋاپات بولغاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئايغى
ئالتۇنلۇقتا دەپنە قىلماي، گارا مۇھەممەت ھەم چورۇق ھېكىم
قەۋرىلىرىدىن 40 چامدام تۆۋەنگە دەپنە قىلىشنى ئۈچۈق ۋەسىيەت
قىلىدۇ.
خالزاتخان تەيجى 1854 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ. ۋەسىيەت
ھەم تىلىكى بويىچە گارا مۇھەممەت خەلپەمنىڭ ئاياق تەرىپىگە
دەپنە قىلىنىدۇ.

① پروفېسسور ۋېلىھېلىم رادلوف:
«سىبىرىيىدىن تاللانمىلار» 333 ـ بەت.

## 7. مەزەمزات تەيجى

مەزەمزات خالزاتخاننىڭ ئارۋستەڭدە ئۆتكەن خۇدا قۇلى خەلپەمننىڭ قىزىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، ئۇ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بېكىتىشى بىلەن دادىسىنىڭ ئورنىغا تەيجىلىك ئۇنۋانى بىلەن ھېكىم بولۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغ دەل دۆلىتىمىز جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ھېسابسىز ئاشىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى كۆپەيتىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەيپىڭ تيەنگودەك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ. خانلىقنىڭ چەت ئۆلكىلەردىكى چېرىكلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىدىغان تەمىنات پۇللىرى توختاپ قالىدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە كېلىدىغان پۇلمۇ توختاپ قالىدۇ. جياڭجۈن مەھكىمىسى بۇنى يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى كۆپەيتىپ ئېلىپ تولدۇرۇش مەقسىتىدە، ئىلى دېھقانلىرىدىن ئۆستۈرۈپ ئېلىپ كېلىۋاتقان 8 خو ھوسۇلنى بىردىنلا 16 خوغا ۋە 1863 ـ يىلدا 32 خوغا كۆتۈرىدۇ. ئۆستۈرمە ھوسۇل ئۈچۈن، خەلق بارلىق نەرسىسىنى بېرىدۇ، ئەنە شۇ چاغلاردا ئېيتىلغان:

ئالۋاڭ ھوسۇلۇم تولا
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.



دېگەن قوشاقلىرىدا زارلانغىنىدەك، بىساتىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەرسىمۇ يەنە تۈگۈتەلمەيدۇ.

1864 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تەستىقى بىلەن مەزەمزاتنى «يېڭى ئۆستۈرمە سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرغۇزمىدىڭ» دەپ كۈرەگە چاقىرتىۋېلىپ زىندانغا تاشلايدۇ. مەزەمزاتنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇرۇسۇل شاغبەگنى ھېكىم قىلىپ بېكىتىدۇ. خەلقنىڭ چىداش تاقىتى قالمىغانلىقىنى بىلگەن ئابدۇرۇسۇل ھېكىم خۇيزۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شۇ چاغدىكى قازى كالان ناسىر ئەئلەمدىن پەتىۋا ئالىدۇ ۋە ئىلى دېھقانلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىڭىنى باشلايدۇ. قوزغىلاڭغا پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدىكى يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى تۈگەل ئاتلىنىدۇ. تېزلىك بىلەن چىلپەڭزە (شى چۈن) قەلئەسىنى ئالىدۇ ۋە باياندايغا يۈرۈش قىلىدۇ.

جياڭجۈن مەھكىمىسى باشتا قوزغىلاڭنى «ئادەتتىكى توپىلاڭ» دەپ ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. قوزغىلاڭچىلار چىلپەڭزىنى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ بىلەن باياندايغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ قەلئەگە دەھشەتلىك ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىنلا، خەلق قوزغىلىڭى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئالدىراشلىق بىلەن زىنداندىكى مەزەمزات تەيجىنى بوشىتىپ ئەپۇ سوراش بىلەن، مەزەمزاتنىڭ كۈرە كېمىسىدىن ئۆتۈپ، بەلدىكى يېزىلاردىن (چاپچال ناھىيە تەۋەسى) ئەسكەر ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ بېسىقتۇرۇشنى، بۇنىڭ بەدىلىگە تەيجىلىك ئورنىنى مۇقىم ساقلاپ قېلىش بىلەن كۆپ ئىنئاملار بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۈرە كېمىسى ئارقىلىق چاپچالغا يولغا سالىدۇ.

مەزەمزات تەيجى چاپچالغا ئۆتۈپ، ھەربىر يېزىلاردىن ئەس-

كەرلىككە ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ غالجاتلىق توقۇلەك يۈز
بېگىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاللىقاچان قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ
كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ[31]. ئۇ سىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، شۇ
كېچىسى دەريانى ئۈزلەپ چاپچال مازارغا بارىدۇ. كېيىندىن ئۆتۈپ
چىغلىق مازاردىكى ئەخمەتخان خوجا سىڭار كۆزنىڭ ئۆيىگە چۈ-
شىدۇ، قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئەخمەتخان خوجا سى-
ڭار كۆز ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا: كونا
ئاداۋەت. . . ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ قېيناتىسى ئەخمەتبەگنىڭ
كۆشكۈرتۈشى بىلەن جانابلىرىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىنى ئىگى-
لەش ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنى قوزغىدى. ئەخمەتبەگ غەزنىنچى بەگ
بولدى. ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ پۈتۈن ئىشنى ئەخمەت غەزنىنچى
بەگنىڭ مەسلىھەت، يولىيورۇقى بىلەن يۈرگۈزۈۋاتىدۇ دەپ قۇت-
راتقۇلۇق قىلىپ، مەزەمزات تەيجىنىڭ ئىچىنى ئۆرتەيدۇ. مە-
زەمزات تەيجى ئەخمەتخان خوجا سىڭار كۆزنى ھەمراھ قىلىپ
ئارۆستەڭ بۇلاق بېشىدىكى تاغىسى شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئۆيىگە
كېلىدۇ. سىڭار كۆزدىن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى مەخپىي تۇتۇپ
ئېيتمايدۇ.

شەمشىدىن خەلپەم ھەدىسىنىڭ ئوغلى بولغان مەزكۇر مە-
زەمزات توغرۇلۇق ئەندىشىدە بولغانلىقتىن، شەھەرگە كىرمەي
قوزغىلاڭچىلارغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئارۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن «نىياز باللار» (پىدائىيلار) نى تەش-
كىللەپ قويغان بولسىمۇ، ئارىلاشماي ئۆيىدە تۇرغان ئىدى.
مەزەمزاتنىڭ ئازاد بولغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان شەمشىدىن
خەلپەم ئەتىسىلا نىياز باللار ۋە مەزەمزاتنى ئېلىپ شەھەرگە —
قوزغىلاڭچىلار يېنىغا يۈرۈش قىلىدۇ.

چىلپەڭزىنى ئىگىلەش بىلەنلا، رەھبەرلەر مۇقىم رەھبەر-



لىكنىڭ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېڭەش ئارقىلىق نەزەر بەنتتە
تۇرغان مەزەمزاتنى سۇلتان، ياگور ئاخۇننى مۇئاۋىن، ئابدۇرۇ-
سۇل شاغبەگنى ئەمىر، موللا ناسىر ئەئلەمنى قازى كالان، موللا
شاۋكەتنى قازى ئەسكەر، ئەخمەتبەگنى غەزنىنچى ۋە باشقا ئىش
بېشىدىكىلەرنى سايلاپ بولۇشقان ئىدى. شەمشىدىن خەلپەم تەرد-
پىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن خەۋەر بويىچە خەنبىڭدە تۇرۇپ ئۇ-
رۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگدىن باشقا
يۇقىرىقى خادىملارنىڭ ھەممىسى مەزەمزاتنىڭ ئالدىغا — ھازىرقى
ئۆزبېك مەسچىتى تەرەپكە چىقىپ قارشى ئالىدۇ. شەھەرگە كى-
رىش يولىدا، مەزەمزات ئەخمەتخان سىڭار كۆزگە ئىككى نەۋرى-
سىنى باشلاپ چىققان ئەخمەت غەزنىنچى بەگنى جايلىۋېتىشنى
تاپشۇرىدۇ. سىڭار كۆز ئۆز كىشىلىرى بىلەن بىرئاز مېڭىپلا
ئەخمەت غەزنىنچى بەگنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈش بىلەن، چوڭ
نەۋرىسىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. كىچىك نەۋرىسى قېچىپ خەنبىڭدىكى
دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئەمىر تەرەپكە ئات سالدۇرۇپ كېتىپ بې-
رىپ، ھازىرقى تېببىي مەكتەپ ئالدىدىكى سۇغا سېلىنغان كۆۋ-
رۈككە ئېتىنىڭ پۇتى كىرىپ يېقىلىدۇ. سىڭار كۆز ئۆز ئادەملى-
رى بىلەن قوغلاپ كېلىپ، بۇ بالىنىمۇ چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ.
مەزەمزات خەلپەملەر بىلەن ئۆز ئوردىسىغا چۈشىدۇ ۋە سۇلتانلىق-
نى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ قېيناتىسى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ
دەپنە مۇراسىمىغا كىرىدۇ. ئۇلارنى دەپنە قىلغىچە پەقەت بىر
كۈنلا شەھەردە بولۇپ، بارگاھقا يانماق بولغاندا دادىسى ۋە ئىككى
ئوغلىدىن ئايرىلغان ئايالى قاتتىق ناله قىلىپ يىغلاپ، ئىنتىقام
ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمىر ئايالىنىڭ نالىسىغا تاقەت قىلا-
لماي «ئۇرۇش تۈگىسۇن، ئاندىن كۆرىمىز!» دەپ، ئۇرۇش

سېپىگە كېتىدۇ. بۇ سۆزنى سىڭار كۆز شۇ زاماتلا مەزەمزات سۇلتانغا يەتكۈزىدۇ. سۇلتان سىڭار كۆزگە ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى يوقىتىشنى، ئەگەر ئۇ يوقالمىسا، سىڭار كۆز ئىككىسىنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باياندايي ئۇرۇشى مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنىڭ قوماندانلىقى، سادىر پالۋاننىڭ سېپىلنى تېشىپ پارتلىتىشى بىلەن باياندايي قەلئەسى تولۇق ئېلىنىدۇ. مەزكۇر جەڭنىڭ قاتناشچىسى شائىر موللابىلال:

باھادۇر ئاتالدى بۇ جەڭدە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر شاھ ساھىپ سەدىر.
ئەمىردىن ھەممەنىڭ دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلىدى تاپتى غەمدىن نىجات.

دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرۇسۇل بەگدۇر دۇرۇست،
دىلى دۇرۇست ئۈچۈن تۈتتى خەلق ئانى دوست. ㉜

دەپ كۆرسەتكىنىدەك، باياندايي ئېلىنىشى بىلەن پۈتۈن خەلق ئالدىدا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئابرۇيى ئۆسىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ، مەزەمزات سۇلتان بىلەن ئەخمەتخان سىڭار كۆزنىڭ ئەندىشىلىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەمىرنى تېزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشىدۇ. يالغاندىن مانجۇچە يېزىلغان خائىنلىق خېتى تەييارلايدۇ. ئەخمەتخان سىڭار كۆز ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە، كەچتە بارگاھ ئىچىدە يېتىش ئالدىدا تۇرغان ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى



خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ ۋە ئەمىرنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ قازى كالان موللا ناسىر ئەئلەمنى ھەپسىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ ئارىلىقتا چەتتىن ئۆزىنى ئۇلۇغ خوجاملار نەسلىدىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ماخمۇت ئىسىملىك قېرى خوجا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى ئېيتىپ، كۆپنى ئۆزىگە تارتىپ مۇرىت قىلىۋالىدۇ. ياغاچتىن پو (زەمبىرەك) ياساپ، ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ سۇلتان بولۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ياسىغان پوسى ئېتىلىش بىلەنلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن «پوچى خوجا» باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ بولغان، ھازىر ھەپسىدە يېتىۋاتقان ناسىر قازى كالاننى ھەپسىدىن بوشىتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپ، سۇلتاندىن سورايدۇ. سۇلتان قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، پوچى خوجا ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن قۇراشتۇرغان ئەسكەرلىرى بىلەن ناسىر قازى كالاننى بوشىتىپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان مەزەمزات قازى كالاننى ئۆلتۈرۈۋېتىش تەرەددۇتىنى قىلىدۇ. پوچى خوجا سۇلتان مەزەمزاتنى يوقىتىشقا ئالدىرايدۇ. پوچى خوجا مەزەمزاتنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ كېلىۋاتقان ئەخمەت سىڭار كۆزنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. نەتىجىدە مەزەمزات ناسىر قازى كالاننى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. پوچى خوجا، سىڭار كۆزلەر 1866 ـ يىلى مەزەمزاتنى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ 17 ياشلىق ئوغلى خىزىرخاننىمۇ ئۆلتۈرۈپ، سۇلتان ئوردىسىغا كىرىپ، مەزەمزاتنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى تالاپ كېتىدۇ. سۇلتاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىلياسخان ئامان قالىدۇ. ئۇنىمۇ پوچى خوجىنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چۈلۈقايدىكى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىرىۋېتىدۇ. سۇلتاننىڭ بۇ ئوغلى ئامان قالىدۇ.

بۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ جىياڭجۈنى چاڭ چىڭ مەزكۇر قوزغـ-
لاڭنىڭ پارتىلىشىنى ئالدىنئالا توسيالمىغانلىقى ئۈچۈن خان
ئوردىسىدىن ئۆزىگە جازا بېرىشنى سوراپ يازغان بايانىغا خان
ئوردىسىنىڭ سالغان تەستىقى ۋە بولغۇسى جىياڭجۈن مىڭ شۇيگە
1865 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يوللىغان يارلىقىدا: «.
. . ئۆتكەندە چاڭ چىڭنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مەزمەزاتنىڭ مەز-
سىۋىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن سوراقتا تارتىش تەلەپ قىلىنغان.
بۇ قېتىم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ مەزمەزاتنى ۋاڭلىقتا سايلىماقچى
بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. مۇشۇ ئىشنى شۇ ئادەم قىلىۋاتامدۇ
ـ قانداق؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بېسىمغا چىدىماي قېلىۋا-
تىدۇ، دېيىشىدۇ. مىڭ شۇي ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ،
كېڭىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتسۇن. ئەمەلىي ئەھۋالغا
قاراپ، خان يارلىقىدىن خەۋەردار قىلسۇنكى، ئەگەر ئۆتكەنكى
ئەنزە ھەقىقەتەن ناھەق بولغان بولسا ئاقلاشقا بولىدۇ.» يەنە:
«تۇڭجىنىڭ 4 ـ يىلى 7 ـ ئاي (1865 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ
29 ـ كۈنى).
«ئىلى ھاكىمبېگى ئابدۇرۇسۇل ئەمەت ئىسيانچىلار بىلەن
تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن.»[33]
دەپ يارلىق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ چاغدا جىياڭجۈن مەھكىمى-
سى مۇھاسىرىدە قېلىپ، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىيە-
تىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلا يارلىق يەتكۈ-
زۈلمەيدۇ.

## 8. بوۋاق خوجا — ئىلياسخان تەيجى

مەزمەزاتنىڭ چۆلۈقايغا قاچۇرۇپ چىقىرىۋېتىلگەن ئوغلى-
نىڭ ئىسمى ئىلياسخان بولۇپ، 1853 ـ يىلى تۇغۇلغان. دادىسى



ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇ 13 ياشتا ئىدى. ئىلياسخاننىڭ يەنە بىر قوشۇم-
چە ئىسمى بولۇپ، «بوۋاق خوجا» دۇر. بوۋاق خوجا دەپ ئاتىلى-
شىنىڭ سەۋەبىنى كۆپىنچە كىشىلەر ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇ
كۈنگىچە: «بۇ بالا مەزمەزات ئۆلگەندە تۇغۇلغانلىقتىن، بۇ بالى-
نىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئات قويماي چۆلۈقايغا
چىقىرىۋەتكەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە بالىنى باققان يېزىدىكى
تۇغقانلىرى ئات قويماي «بوۋاق خوجا، بوۋاق خوجام!» دەپ
ئاتىشىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلياسخان دەپ نام
بەرگەن» دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى توغرا
بولسىمۇ، تۇغۇلغان ۋاقتى ئالماشتۇرۇلغان[34].
1864 ـ يىلى قوزغالغان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، 1867 ـ
يىلى ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئىلياسخان 14 ياشتا
ئىدى. ئىلى سۇلتانلىقى ئىلياسخانغا ھېچقانداق ئىش بەرمەيدۇ.
1871 ـ يىلى چاررۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ، ئىلىنى قورال-
لىق بېسىۋالىدۇ. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى باشقۇرغان 10
نەچچە يىل داۋامىدىمۇ، ئىلياسخان ھېچقانداق خىزمەت بىلەن
تەمىن ئېتىلمەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە بىلەن
10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سۆزلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى «ئىلى
ـ رۇسىيە شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدۇ. چار رۇسىيە دېگەن مۇد-
دەتتە چىقىپ كەتمەي، ئەڭ ئاخىرى گۇاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى 1
ـ ئايدا (1883 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) چىقىپ
كېتىدۇ، ئىلى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ، چىڭ سۇلالىسى
خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا يېڭىۋاشتىن ئۆتىدۇ.
چىڭ سۇلالىسى ئىلى جىياڭجۈنلىكىگە جىن شۇننى تەيىنلەي-
دۇ، جىن شۇن ئۆزى بىلەن 30 مىڭ چېرىك باشلاپ چىقىپ،
سۈيدۇڭگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىدىكى بارلىق ئەھ-

ۋالنى ئىگىلەپ خان ئوردىسىغا يوللىغان دوكلاتىغا خان ئوردى-
سى 1883 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى يارلىقى بىلەن:
«. . . كېيىنكى بارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل بېجىرىش بىلەن
ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تاللاپ، تەسىس قىلىش لازىم»
لىقى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىدۇ. ئوردىنىڭ كۆرسەتمىسىگە
بىنائەن، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنزىسى قايتا تەكشۈرۈلمەي قېپقال-
غان مەزەمزات تەيجىنىڭ ئوغلى ئىلياسخان مەزەمزاتنىڭ ئورنىغا
تەيجىلىك ئۇنۋانى بىلەن بېكىتىلىدۇ. بۇ چاغدا بوۋاق ھېكىمنىڭ
30 ياش مەزگىلى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ
ۋە چاررۇسىيىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئىلى خەلقىدىن 10 مىڭ
899 ئائىلە (50 مىڭ 55 جان) يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىقىپ
كېتىپ، يۇزلۇك يېزىلاردا ئادەم ناھايىتى ئاز قالىدۇ. ئېتىز -
ئېرىق، ئۆستەڭلەر بىرقانچە يىللىق ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن خاند-
ۋەيران بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ئەڭ مۇھىم
ئىشلار قاتارىدا تۇتۇلىدۇ.

ئىلى جياڭجۈنى جىن شۈن ئىلياسخان تەيجى بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ، «ئۇزۇن يىل تازىلانمىغانلىقتىن لاتقا تىنىپ كەتكەن
ئاق ئۆستەڭنى رېمونت قىلىش بىلەن بىللە، 12 تارماق ئۆستەڭ
ئېلىپ دېھقانچىلىققا كىرىشىش» توغرىسىدا گۇاڭشۈنىڭ 8 -
يىلى 7 - ئاي (1883 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) خانلىقتىن
تەستىق ئالىدۇ.

بوۋاق خوجا ئىلىدىكى ھەر بىر يۇزلەردە ئادەم سانى ناھايىتى
ئاز قالغان دېھقانلار بىلەن يۇقىرىدىكى 12 ئۆستەڭنى چېپىش
ئىشىغا كىرىشىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىگە تاپشۇرىدىغان يېڭى



سېلىقلارنى تاپشۇرۇش ئىشىنى ۋە غۇلجا شەھىرىنى ئاۋاتلاشتۇ-
رۇش ئىشىنى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ.

بوۋاق خوجا ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. ئۇ «پوچى
خوجا» دادىسى مەزەمزات ۋە ئاكىسى خىزىر خوجىلارنى ئۆلتۈر-
گەن چاغدا، قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، يۈرەك كېسىلىگە
گىرىپتار بولغاچقا، ئاخىرى مۇشۇ كېسەل سەۋەبىدىن 9 يىل
تەيجىلىك قىلىپ، 39 يېشىدا، يەنى 1892 - يىلى ۋاپات بولىدۇ
ۋە ئالتۇنلۇققا، ئەجدادلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## 9. نۇرنىسا خېنىم ۋە غىياسىدىن بەگ

نۇرنىسا خېنىم ئىلياسخان تەيجىنىڭ يالغۇز قىزى.

غىياسىدىن بەگنىڭ دادىسى قۇمۇل ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆر-
مەتلىگىرەكلىرىدىن بەھرام بەگ خوجا دېگەن زات بولۇپ، ئانىسى
ئىلى گۇڭ - بەگلىرىنىڭ چۇلۇقايدىكى «ئۆزشاخ» لىرىنىڭ
نوپۇزلۇقى بولغان مۆرىدىن شاڭبېگىنىڭ قىزى يۇنىساخان خو-
جامدۇر.

بەھرامبەگ خوجا قۇمۇلدىن ئىلىغا كېلىپ يۇنىساخان خوجام
بىلەن نىكاھلىنىدۇ. ئۈچ قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندىن
كېيىن، ئۆز يۇرتى قۇمۇلغا قايتىپ شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.
جەسىتى قۇمۇل ۋاڭ ئالتۇنلۇقىدىكى چىنەگۈمبەز ئىچىدە نامى
يېزىلغان «مەرھۇم بەھرامبەگ ھەزرەتلىرى» دېگەن مەقبەرىدۇر.

غىياسىدىن بەگ 1871 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. باللىق
چاغلىرىنى چۇلۇقاي ۋە غۇلجىدىكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپ، دىنىي
مەكتەپتە ۋە خەنزۇچىدا بىر ئاز ئوقۇغان، خەنزۇچە تىلنى خېلىلا
پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

بوۋاق خوجىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ھاياتلىقىدا يالغۇز قىزى نۇرنىسا خېنىمنى تەيجىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۇغقىنىنىڭ ئوغلى غىياسىدىن بەگكە ياتلىق قىلغان.

بوۋاق خوجا ۋاپات بولغان كېچىسى ئوردا خىزمەتچىلىرىدىن سىدىق شائىيۇ بوۋاق خوجىغا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن تەيجىلىك مۆھرىنى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى يوق دەپ، كۇرەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن[35]. مۇسىبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ھېكىم ئاغىچا نامىغا يېڭى تامغا ئويدۇرۇپ، نۇرنىسا خېنىمنى «ھېكىم ئاغىچا» قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ھېكىم ئاغىچا تەيجى ئوردىسىنىڭ دېھقانلار ۋە يۇرت بىلەن بولىدىغان ئىشىغا ئۆزى بىۋاستە ئارىلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، يولدىشى غىياسىدىن بەگكە ھاۋالە قىلىپ، تامغا بېسىش لازىم بولغاندا، تامغىنى ئۆزى يېنىدا تۇتۇپ، ئۆيىدە بېسىپ بېرىدۇ. غىياسىدىن بەگنى خەلق ھاكىمبەگ خوجا دەپ ئاتايدۇ. غىياسىدىن بەگ تا ۋاپات بولغۇچە مۇشۇ ھاكىمبەگ خوجا نامى بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى.

1911 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن ياڭ زەنشۇينىڭ رەھبەرلىكىدە كۇرەدە ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. بەش مىللەتنى ئاساس قىلغان خەلق ھۆكۈمىتى (مىنگو) قۇرۇلدى. ھاكىمبەگ خوجا، ھۈسەيىنباي ھاجى مۇسا بايوپ، ياقۇپباي ھاجى باباشۇپلار باشلىق بىر قانچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەڭ يېزىلاردىكى 80 شائىيۇ دېھقانلىرى بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. ھۈسەيىنباي، ياقۇپبايلار ئۆز زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىمدىن يېڭى



ئەسكەرلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئاياغ كىيىم، ئىگەر - جابدۇق ۋە پۇل ھەدىيە قىلىدۇ، ھاكىمبەگ خوجا ھەربىيلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاتلىرى ئۈچۈن ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ ۋە بۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

خۇشنىزات گۇڭدىن ھاكىمبەگ خوجىغىچە بولغان گۇڭ، تەيجىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەت بويىچە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ساداقەت بىلدۈرۈش ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان يالغۇز ئۆرۈمە چاچ قويۇشقان ئىدى. كۇرەدە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چاچلارنى ئالدۇرۇۋېتىش ئىشى باشلىنىدۇ. ھاكىمبەگ خوجا بىرىنچى بولۇپ ئۆز چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. يېڭى ھاكىمىيەت پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ چاچلىرىنى ئالدۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 150 يىلدىن كۆپرەك چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقىنىڭ ئىشەنچلىك يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئەجدادىنىڭ بۇ ۋارىسى يېڭى جۇڭخۇا ھاكىمىيىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان يەرلىك مۆتىۋەر ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە كېيىنكى چاغلاردا شيەن يامۇلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، دوتەي يامۇل (ۋالى مەھكىمە) تەسىس قىلىنمىغان ئىدى. 1896 - يىلى ئەتراپىدا دوتەي يامۇلى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئىش ئورنى (دوتەي يامۇل ئورنى) يوق ئىدى. ھاكىمبەگ خوجا مۇسا گۇڭ ۋاقتىدىن بۇيان ئوردا قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلى گۇڭ - بەگلىك ئوردىسىنى دوتەي يامۇلى قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلدى ۋە شەھەر ئىچى «كەسكەن يار مەھەللىسى» گە ئۆي - جاي سېلىپ كۆچۈپ باردى. خەلق بۇنى ئوردا، كەسكەن يار مەھەللىسىنى ئوردا مەھەللىسى دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭ بىلەن كەسكەن يار مەھەللىسىنىڭ نامى ئۇنتۇلدى.

جۇڭخۋا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئىلىغا تەۋە بولغان 80 شاڭيۇ (ئاساسەن غۇلجا ناھىيە يېزىلىرى، چاپچال، توققۇزتارا ۋە نىلقىلار) ۋە غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىجارەت، تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساق، پاراق، ئېرىق - ئۆستەڭ، دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرى، ھەربىر يۇرتنىڭ شاڭيۇ، مىڭبېگى، دورغا، مىراپقا ئوخشاش بەگ - خىزمەتچىلىرىنى بەلگىلەش ھەم قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشلار ئىدى.

ھاكىمبەگ خوجا دەۋرىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى يىلدىن - يىلغا كېڭىيىشكە باشلىدى. ھاكىمبەگ خوجا قارادۆڭ ئاقسۇ مەسچىتىدىن گۈلشەنباققىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە قارادۆڭنىڭ باش تەرىپىدىكى قەلەندەر مەھەللىسى (ئازادلىقتىن كېيىن «ئازاد يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى) ئورۇنلىرىنى جەنۇبتىن چىققان يوقسۇللارنىڭ مەھەللە قىلىپ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن ھەقسىز بۆلۈپ بەردى. چۇلۇقاي، تۈرك، توخۇچىيۈزى ھەم جىرغىلاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلىرىنى مۇۋاپىق ھەق تۆلەش شەرتى بىلەن دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بەردى.

ھاكىمبەگ خوجا ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەتلىرى ۋاقتىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ئەزاسى بولۇپ كەلدى.

1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپتە كۆرسەتكەن ساداقەتمەنلىكىگە ئاساسەن، ھاكىمبەگ خوجا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى قوللاپ، ئىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە ئىشلاردا



تەشەببۇسكارلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن:

1. ھەر مىللەت قاتارىدا، ئىلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قوللاپ، ئۇيۇشما تەرەپتىن قۇرۇلغان شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ راسخودى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ھەققى ئۈچۈن شەھەر پۇقرالىرى ۋە يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان دىنىي مەجبۇرىيىتى — ئۆشرە - زاكاتلارنى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا بېرىشكە دالالەت قىلدى.

2. قۇرۇلغان «كۇلۇپ ياساش ھەيئىتى» گە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مىللەتلەر كۇلۇبىغا ئىئانە توپلاپ، كۇلۇپنىڭ ياسىلىشىغا كۈچ چىقاردى.

3. ئىلىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى ۋە چوڭراق بىر مەكتەپ قۇرۇش مەقسىتىدە ھۆكۈمەت تەرەپتىن قىلىنغان تەشەببۇسقا ئاساسەن، ھەر مىللەت تىجارەتچى، چارۋىچى ۋە چوڭراق يەر ئىگىلىرىنى دالالەت بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 15 قوينى بىر پاي قىلىپ بېكىتىپ، ئاكسىينېرنى ئۇبشېستۋا (ھەسسىدارلار شىركىتى) نى تەسىس قىلىپ، 250 مىڭ ئەركەك قوي پاي توپلاپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتىنى ئالدۇرۇپ، ساي بويىدىكى بەش قەۋەتلىك ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ياساپ چىقىشقا ئاكتىپ قاتناشتى.

ئاكسىينېر شىركىتى يىغقان پايدىن ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئۇن زاۋۇتلىرىنى سېتىۋېلىپ ياساش بىلەن، ئاشقان قىسمىغا يەنە قوشۇمچە ياردەم توپلاپ، تۇنجى قېتىم كۆركەملىك «ئىلى گىمنازىيىسى» (ھازىرقى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ) نى ياسىتىپ چىقتى.

4. ھېلىگەر شېڭ شىسەي ئاينىپ، 1937 - يىلىدىن

باشلاپ ھەر مىللەت خەلقىنى «خائىن» نامى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورا ـ جاي، بايلىق، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سالدۇرغان «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىمۇ قوشۇپ ئۇياتسىزلىق بىلەن مۇسادىرە قىلدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، سېتىۋېلىشنى بۇيرۇپ، 10 مىڭ خو بۇغداي (بىر خو 64 كىلوگرام) ۋە 10 مىڭ قويغا باھاسىنى بېكىتتى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىلىرى بۇنى سېتىۋېلىشقا رازى بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 10 مىڭ خو بۇغداي، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى 10 مىڭ قوي بېرىپ، كۇلۇپنى قايتىدىن سېتىۋالدى. مەزكۇر بۇغداينى ھاكىمبەگ خوجا باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ھاللىقلىرى چىقاردى؛ قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ قازاق، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ ھاللىقلىرىدىن ياردەم ئېلىش ھەيئىتى تەشكىللەپ يۇقىرىقى قويلارنى يىغىپ ئۆتكۈزۈپ، كۇلۇپنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۇلۇپ «ئۇ ـ قا ـ ق» كۇلۇبى (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى) دەپ ئاتالدى.

كۇلۇپنى مۇسادىرە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر يۇرۇش دوخۇۋوي ئوركېستىر مۇزىكىسىنىمۇ مۇسادىرە قىلغان ئىدى، يولسىزلىق قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. شىڭ شىسەينىڭ قىيناتىسى چۇسىلىڭ (ئىلىنىڭ سىلىڭى) سىلىڭبۇغا ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ داغدۇغىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندە بۇ مۇزىكا ۋە ئۇنىڭ چالغۇچىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى (چالغۇچىلىرى ئاساسەن شىۋەلەر ئىدى).

5. ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سانايى نەپىسە بۆلۈمى (سەنئەت بۆلۈمى) 1935 ـ يىلدىن باشلاپ مەشھۇر «غېرىپ ـ سەنەم»، «پەرھات ـ شېرىن» ھەم «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا باشلاپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشى



ۋە قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. تەكلىپ قىلىنغان ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى ئويۇننى كۆرۈپ خۇش بولۇش بىلەن بىللە، دىكراتسىيە، گىرىمخانا ۋە كىيىم ـ كېچەكلەردە بولغان يېتىشسىزلىكلەرنى بايقاپ، ئائىلىسىدە بار بولغان كېرەكلىك جاھاز ـ مۈلۈكلەرنى تەقدىم قىلدى. ھاكىمبەگ خوجا بولسا پادىشاھ، ۋەزىر، ئاغىچىلار ۋە باش رولدىكىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈچۈن، ئوردىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان گۇڭ ـ بەگلەر ۋە ئاغىچىلارنىڭ تاۋار، كىمخاپ قاتارلىق كىيىملىرىنى تەقدىم قىلدى.

6. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «خەي ـ پايپاق»، «خەت ـ خالتا» ۋە «پۇل، مىلتىق، كۆچ چىقىرىش» دېگەن چاقىرىقلارغا بىنائەن ئىلىدا قۇرۇلغان «ئىئانە توپلاش ھەيئىتى» نىڭ رەئىسلىكىنى ھاكىمبەگ خوجا ئۈستىگە ئېلىپ، ياردەم توپلاپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى كۆرسەتتى.

7. 1940 ـ يىلى (تەخمىنەن) شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زايۇم تارقىتىشنى ئېلان قىلىپ، ۋىلايەتلەرگە پۇل سانىنى ئېنىق بەلگىلەپ چاقىرىق قىلدى ۋە مۇسابىقە ئېلان قىلدى. ئىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ياۋ شۈن (خەلق ياۋ سىلىڭ دەپ ئاتايتتى. شىڭ شىسەي 1941 ـ يىلى «ياۋ شۈن پارتىيىسى» دەپ ئۇنى ئىلىدا 40 كىشى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىپ، ھەممىسىنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى)، ھاكىمبەگ خوجىنى «زايۇم تارقىتىش ھەيئىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە تەكلىپ قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەركەت ئىلىدا بەس ـ بەس بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش بىلەن شىنجاڭ بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى. ھاكىمبەگ خوجىنىڭ بۇ ئىشتىكى

رولى چوڭ بولدى. بۇ ئىش شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى» ھەم
«شىنجاڭ گېزىتى» دە ئالاھىدە ئېلان قىلىندى.

8. ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش ئورنى
ئىلگىرى مىللەتلەر كۇلۇبىدا بولۇپ، بۇ ئورۇننى شېڭ شىسەي
ھاكىمىيىتى مۇسادىرە قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئىش ئورنى بولماي
قالدى. 1938 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزىدە بار بولغان پۇل
ۋە قالغىنىنى خەلقتىن ياردەم ئېلىش يولى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسى بىناسىنى ياسىتىپ چىقتى (ستالىن كوچىسىدىكى ھازىر-
قى ئوبلاستلىق ياشلار كومىتېتىنىڭ ئورنى). بۇ بىنانىڭ قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈنمۇ ھاكىمبەگ خوجا ئۆز نوپۇزى بىلەن چوڭ ياردەم
كۆرسەتتى.

9. پەنجىم غولىدىن كېلىدىغان پىلچى سۈيى شېڭ شىسەي
دەۋرىگىچە ئايرودروم، تاللىقلاردىكى ساي بىلەن ئېقىپ كېلىپ
غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، ساي قۇيۇلۇشى دېگەن
يەردە ئىلى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئەتىيازدا كەلكۈن كەل-
گەن مەزگىلدە، ئات، ھارۋا، ئادەملەر ئۆتەلمەي، يېڭى شەھەر
(نوۋى گورت — يېڭى شەھەر) بىلەن كونا شەھەر ئارىلىقى
ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي
ئەمەلدارى چۇزوڭچېڭ جياڭجۈننىڭ ھاكىمبەگكە قىلغان تەكلى-
پىگە بىنائەن، شەھەر خەلقى ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلاردىن ياغاچ،
شاخ ـ پاخال، تاش، ئەمگەك كۈچى ۋە پۇل ياردەم ئېلىپ،
پىلچى سۈيىگە دامبا (توسما) ياسىلىپ، ئاقتۆپە سېيىغا بۇرال-
دى. بۇنىڭ بىلەن سۇ ئاپىتى تۈگىتىلىپ، ئايرودرومدىن ئىلى
دەرياسىغىچە بولغان ساي ئورنى ۋە بوش يەرلەرگە مەھەللە،
قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ، شەھەر دائىرىسى كېڭەيدى.

10. ھاكىمبەگ خوجا ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن ھاكىمى-



يىتى دەۋرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە بولغان يىللاردا ئاق-
ئۆستەڭنى بىۋاسىتە باشقۇرۇپ، ھەر يىلى ئىككى (قاش دەريا-
سى بويىدىكى ئۆستەڭ ئاغزىدا) 2 ـ 3 ئاي يېتىپ ئۆستەڭ
بىخەتەرلىكى، كېڭەيتىش، تازىلاش ۋە توما ئۆلچەملىرىنى باشقۇ-
رۇپ، كەڭ يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشتە كۈچ چىقاردى.

11. ناغرا خۇشنىزات گۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھاكىمبەگ
خوجا دەۋرىگە كەلگۈچە ئوردا ئىختىيارىدا بولۇپ، ھېيت ـ ئايەم-
لەردە ئوردا دەرۋازىسى ئۈستىدە چېلىناتتى ۋە ساقلىناتتى.
1934 ـ يىلدىن باشلاپ ھاكىمبەگ خوجا ناغرىنى خەلق ئىختىيا-
رىغا ئۆتكۈزدى. مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ئىلى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ
پەشتىقى ئۈستىدە، كېيىنكى چاغدا مەخسۇس ياسالغان ناغرىخانىدا
چېلىنىدىغان بولدى.

ھاكىمبەگ خوجا 1937 ـ يىلى شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجا نىياز ھاجىنىڭ
ئەلچىلەر ئارقىلىق قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن قىزى گۆھەر بانۇ-
نى خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەئىدۇللا ئەپەندىگە چۇ سىلىڭ-
نىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ھەشەمەتلىك توي قىلىپ ئۇزاتتى.
شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئاز كۈندىن كېيىنلا بىر تۈر-
كۈم ۋەكىللەر ئۆمىكى ئارقىلىق خەنزۇچە خەت ئويۇلغان «سىز-
نىڭ ياردىمىڭىز ھامان يادلىنىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى لەۋھەنى
ئەۋەتىپ، ھاكىمبەگ خوجىنىڭ قوراسى ئىچىدىكى ئۆيىنىڭ ئىشى-
كىگە ئېسىپ تەقدىرلەيدۇ.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى
تەسىس قىلىندى، ھاكىمبەگ خوجا بۇ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى
ئۈچۈن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى. 1946 ـ يىلى ئۈچ

ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 11
ماددىلىق بىتىمنى ئىمزالىدى، ئىلى ۋىلايەت بولدى. بۇ چاغدا
ھاكىمبەگ خوجا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولۇپ بېكىتىلىش
بىلەن، ئازادلىققىچە ۋە ئازادلىقتىن كېيىن بىر يىل ۋالى بولۇپ
تۇردى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بېيجىڭدا ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ئۈچ ۋىلايەت
نامىدىن 2 ـ قېتىم ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان سەيپىدىن ئەزىزى،
ئالىمجانلار ئىلىغا كېلىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزدى. ئارقىدىنلا لۇ
گۇاڭخەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى باشلاپ
غۇلجىغا كەلدى. بۇ چاغدا ھاكىمبەگ خوجا ۋالى بولۇپ، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە قىزغىن
قوللىدى. 1950 ـ يىلى ھاكىمبەگ خوجا ياشىنىپ قالغانلىقى
سەۋەبىدىن ۋالىلىق ئورنىدىن چېكىندى، ئورنىغا 4 ـ ئوغلى
قېيۇمبەگ خوجا ۋالى بولۇپ تەيىنلەندى.

ھاكىمبەگ خوجا ۋالىلىقتىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ، ھۆ-
كۈمەت، يۇرت ـ جامائەتچىلىك ئىشىدىن قول ئۈزمىدى. «خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش»، «ئامېرىكىغا قارشى تۇ-
رۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلغان
ھەر ئىككىلا ھەيئەت رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلى خەلقى
نامىدىن كۆپ مىقداردا ياردەم توپلاپ تەقدىم قىلىش ئىشىنى
بېجىردى. ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان قورۇ ـ جايىنى (ھا-
زىرقى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى بار قورا) ھۆكۈمەتكە
تەقدىم قىلدى.

1951 ـ يىلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زومىگەرلىككە



قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق باشلاندى. غۇلجا ناھىيە-
لىك پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىلغان ھەر مىللەت ھال-
لىق زاتلىرىغا مەسئۇل خادىم پارتىيىمىزنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپ
ئايرىش مەسىلىسى توغرىسىدا كەڭ چۈشەنچە بەردى. مەزكۇر
يىغىنغا ھاكىمبەگ خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چوڭ ئوغلى پاشا
خوجا (نۇرنىجات) قاتناشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، يىغىن مەس-
ئۇلى پاشا خوجىنى ئالاھىدە ئايرىپ ئېلىپ قېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ
تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشىچە، ھاكىمبەگ خوجىنىڭ يەر ئىجا-
رىگە بېرىشى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن،
دادىسى ھاكىمبەگ خوجىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى جېكىلىدى.
كۆپ ئۆتمەي، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زومىگەرلىككە قار-
شى تۇرۇش ھەرىكىتى رەسمىي باشلاندى. ھاكىمبەگ خوجا ئىجارە
ھەققى ئۈچۈن ئۆزىدە بار بولغان ئاشلىق، نەق پۇل ۋە ئائىلىسى-
دىكىلەرنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى.
كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ھاكىمبەگ خوجى-
دىن ئىجارە ھەققى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدۈردى.

1951 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە 1 ـ قېتىملىق كەمبەغەل
دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ھاكىمبەگ خوجا 40 قا يېقىن
ھەر مىللەت زاتلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، مەزكۇر قۇرۇل-
تاينى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن، شۇ چاغدا غۇلجا شە-
ھىرىدە بار بولغان بالىنىتسىنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقال-
مايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، 400 كارىۋاتلىق بىر بالىنىتسا ياسىتىپ
تەقدىم قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان كەمبەغەل
دېھقانلار قۇرۇلتىيىنى قوللاپ خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشنى تەكلىپ
قىلدى. تەكلىپ قىلىنغان زاتلار بۇ تەكلىپنى سەمىمىي قوبۇل
قىلىشتى. شۇ يەردىلا ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىدىن 12 كىشىلىك

ھەيئەت تۈزۈلدى. ئارقىدىنلا ھاكىمبەگ خوجا بالىنتسا ئۈچۈن، ئۆزىگە تەۋە مەشھۇر گۈلشەنباغنى تەقدىم قىلدى. قالغانلارنىڭ ئالدى 500 دىن 200 گىچە قوي ئاتاشتى. ھەيئەت بالىنتسا ئۈچۈن كېتىدىغان خامچوتنى تەييارلاشقا ۋەدىلىشىپ تارقالدى ۋە ھەيئەت ۋەكىللىرى يازما لەۋھە تەييارلاپ، قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقان ئورۇنغا بېرىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزدى (تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ياخشى تەشەببۇس ئىجرا بولماي قالدى).

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ھاكىمبەگ خوجا ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئوغلى قېيۇمبەگ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىلىقىدىن يۆتكىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقى ھەم ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا بەلگىلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇردى. 1955 - يىلى 21 - ئاپرېل كۈنى قېيۇمبەگ ۋاپات بولدى. ھاكىمبەگ خوجا 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن بولۇپ، قېيۇمبەگنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇمۇ 1955 - يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ 1957 - يىلى 8 - ماي كۈنى 86 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا — ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىندى.

ھاكىمبەگ خوجا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل ئىگىلەپ كەلگەن خىزمەت ئورنىنى ساقلاش جەريانىدا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەھۋاللارغا دۇچار بولغان. بىز شۇلاردىن بىرىنى ئەسلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

1900 - يىللاردىن كېيىن، چاررۇسىيە ئىلىدىكى پۇقرالىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەت بىلەن بىر قانچە ئاقساقاللارنى تىكلىگەن. شۇلاردىن بىرى نۇراخۇن ئاقساقال ئىدى. بۇ كىشى چاررۇسىيە پۇقراسى بولۇپ، ھاكىمبەگلىكنى ئۆزى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن يەرلىكلەردىن (جۇڭگو پۇقرالىرى



ئىچىدىن) ئاقساقالنىڭ يولىيورۇقى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش بېجىرىدىغان ئىسلامىيۇزلۇك سېسىق شاكىيۇنى ھاكىمبەگ قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 1912 - يىلى (تەخمىنەن) ئىلىنىڭ چوڭ ئەئلىمى موللامەنسۇر ئەئلەم، مۇپتى نىزامىدىن ئاخۇن باشلىق مۆتىۋەرلەردىن 100 گە يېقىن كىشىنى ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىدۇ. بۇلارغا چوڭ زىياپەت بېرىپ ھەر بىرىگە تون كىيگۈزىدۇ. سېسىق شاكىيۇنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەشنى ئېيتىپ، ئۆزى ياساتقان مەسچىت (نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى)[37]دە ئەتىدىن باشلاپ ھېيت ناغرىسى چېلىنىش بىلەن تەڭ، ئادەت بويىچە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ھاكىمبەگ خوجىنى ھېيت نامىزىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوردىغا بارماي، توپتوغرا نۇراخۇن ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ سېسىق شاكىيۇنى ھېيت نامىزىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كەلگەنلەر ماقۇل بولۇشۇپ قايتىشىدۇ. تاڭ ئېتىش بىلەن بىرمۇ كىشى بۇ يەرگە كەلمەي توپتوغرا ھاكىمبەگ خوجا ئوردىسىغا بېرىپ، ئادەتتىكىدەك رەسمىي قائىدە بويىچە ئاتلاندۇرۇپ مەدرىسكە ئېلىپ كېلىدۇ. نامازدىن كېيىن ئوردىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. نۇراخۇن ئاقساقال، سېسىق شاكىيۇلار تون كىيگۈزگەن كىشىلەر كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېيت نامىزىغىمۇ بارالماي ۋە ھاكىمبەگلىكنىمۇ ئالالماي شەرمەندە بولىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ناغرا ئىككى ئورۇندا چېلىنىشقا باشلايدۇ.

ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ھاياتىغا بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئۆلۈم خەۋپى كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تەلەپ ۋە ياردەملىرى بىلەن ئۇ ئامان قالىدۇ. شۇلاردىن بىرى: 1934 - يىلى ئىلىدىكى توپىلاڭچىلار ھاكىمبەگ خوجىنى ئوردىسىدىن باغلاپ چىقىپ، قوراللىق توپىدەك تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ، خەن-

ـزۇ بازىرىغا كەلگەندە شۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنىڭ
قارشىلىقى ۋە قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىلاجىسىز قويۇپ
بېرىشكە ۋە ئوردىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. خەنزۇ
خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئامان قالىدۇ.

ھاكىمبەگ خوجىنىڭ نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچىدىن چوڭ پاشا
(نۇر نىجات) قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل، ئالتۇن خېنىم، پاشا خېنىم
قاتارلىق ئىككى قىزى بولغان. نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچا ۋاپات
بولغاندىن كېيىن ئالغان رەھىمەخان ئاغىچىدىن قېيۇمبەگ ۋە
ئىككي قىز، 3 ـ ئايالىدىن مىرزاتخان قاتارلىق پەرزەنتلىرى
بار ئىدى.

چوڭ پاشا (نۇرنىجات) فېئودال بالىسى بولسىمۇ، ئۆمۈر
بويى ئاتقا مىنمەي، هارۋىغا چۈشمەي، ئاما بىلەن ياخشى مۇنا-
سىۋەتتە بولۇپ، 1962 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ××
يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە ھېچقانداق
زەربە بېرىلمىدى، قالپاقمۇ كىيگۈزۈلمىدى ۋە كەمبەغەل دېھقان-
لارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. هازىرمۇ ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ۋە
غەمخورلۇقىغا ئىگە. پارتىيىمىزنىڭ چوڭ پاشا خوجىغا بولغان
مۇئامىلىسى ۋە غەمخورلۇقىدىن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ «بىرىمۇ ياخشى
ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق» دېگەن سىياسىتى ئەمەلىيەتتە كۆرۈ-
لۈپ، كەڭ ئاممىغا نۇرغۇن روھلاندۇرغۇچى ئامىل بولۇپ تونۇل-
ـدى.

پاشا خوجا مەشھۇر خەتتات (ھۆسنىخەتچى)، رەسسام ئى-
ـدى. پاشا خوجىنىڭ خىزىرخان، سېيىتخان، خوجىخان، ئەزىز-
خان ھەم ئەزىمخان ئاتلىق ئوغۇللىرى بولۇپ، ھەممىسى خىزمەت-
ـتە بولۇش بىلەن بىللە ئىلىم ئەھلىلىرىدۇر. خوجىخان شىنجاڭ
سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى (هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-



ـتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى — م). چوڭ پاشا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىلى
ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەركىبىدە ۋەتەنپەرۋەر
زاتلار قاتارىدا ئىشلەپ كەلدى.

ئوتتۇرانچى پاشا 1945 ـ يىلى ھاكىمبەگ خوجا ھايات
ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان ئىدى.

كىچىك پاشا (ئەكرەمخان) شېڭ شىسەي، گومىنداڭ دەۋر-
لىرىدە ناھىيىلىك ئاشلىق ساقچىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە
بانكا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بانكا مۇدى-
ـرى بولۇپ ئىشلىدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى
ۋاپات بولدى. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭە-
ـشىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەكبەرخان ئاتلىق ئوغلى بار. ئۇ
دۆلەت كادىرى.

يۇقىرىدىكى تولۇق بولمىغان خاتىرىلەردىن ئىلى گۆڭ ـ
بەگلىرىنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئىمىن ۋاڭدىن زامانىمىزدا ئۆتكەن
نۇرنىسا ھېكىم ئاغىچا، غىياسىدىن ھاكىمبەگ خوجا ۋە بۇلارنىڭ
بالىلىرىغىچە 10 ئەۋلاد، 220 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى
قىسمەن بولسىمۇ ئەسلەپ ئۆتتۇق. بۇ ئائىلىنىڭ رايونىمىز بويى-
ـچە سانى ئاز بولغان ھەم ئۈزۈلمەي مەنسەپ، مەرتىۋە ۋە ئىمتى-
يازغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك
يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي چېگرىسى-
ـدىكى، ئۆز ۋاقتىدا پىيادە ياكى ئاتلىق ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە
نەچچە كۈنلەردە ئاران بېسىپ بولىدىغان كەڭ ئىلى ۋادىسىنىڭ
بۈگۈنكى شۆھرەتلىك ۋادىغا ئايلاندۇرۇلۇشى ۋە ئىتتىپاقلاشقان
كۆپ مىللەتلىك ماكان بولۇشىغا بۇ ئائىلىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ
ئەجرى ـ ئەقىدىسى بار دەپ قىياس قىلىمىز.

بىر ئائىلىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە سىياسىتى ئوخشاش بولمىغان، بەلكى بىر - بىرى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغان بىرقانچە ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەۋرىدە سەپتىن چۈشۈپ قالماي، ئۇزاق ۋاقىت مەلۇم ھوقۇق ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردىندۇر. شۇنداقلا، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ھوقۇق، ئىمتىياز بىلەن كەلگەن بۇ ئائىلىنىڭ توپلىغان، يىغقان ئىقتىسادىي بايلىقلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خانلىقتىن ھەدىيە قىلىپ بەرگەن يەر - سۇدىن ۋە كېيىنكى كۈنلەردە قۇراشتۇرغان ئاز - تولا چارۋىدىن باشقا، ئىچكى - تاشقى بايلىققا ئىگە ئەمەسلىكى ئۆز ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىدىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى مۇشۇ ئائىلىگە ئوخشاش ھوقۇق، ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ كەلگەن قۇمۇل، لۈكچۈن ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ توپلىغان ھەر خىل بايلىقلىرى، ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەت، باغۋاران، چارۋا - مال، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇلار ئىگە بولغان نەرسىلەر يوقنىڭ ھېسابىدىدۇر. ئالدىمىزدىن ئۆتكەن ۋە ئۆزىمىز خەۋەردار بولغان، مەلۇم مەزگىل بىرەر خىزمەت ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغان مەنسەپدار ئائىلىلەرنىڭ تەئەللۇقاتلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئەرزىمەستۇر.

ئىلى گۆڭ - بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەنسەپ، مەرتىۋە، راھەت - پاراغەتلىك چاغلار ۋە پاراكەندىچىلىك، ئېغىر ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولغان مەزگىللەردىمۇ ۋەتەندىن ۋاز كەچمەي، ۋەتەنگە مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز ئانا ماكانلىرىدا مۇقىم ئولتۇرۇپ كېلىشى، بۇلارنىڭ بۈيۈك جۇڭخۇانى باشپانا قىلىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر جەمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



**ئىزاھات:**

① ئامبال — مانجۇچە ئەنبەن سۆزىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئەنبەن — باشلامچى بەگ - لىگرۇي مەنىسىدە.

② «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 148 - جىلد، 6 -، 7 - بەت.

③ «ئىلى مۇزەپپانىڭ شەھەر بولۇپ ئابات بولغانى ھەققىدە» قولىيازما. ئاپتورى: پاكزاتخان خوجا ساھىپزاتبەگ ئوغلى.

④ «ئىلىدا تەرىقەتكە ئائىت خاتىرىلەر»، قولىيازما. ئاپتورى ياقۇپ ئاخۇن كىچىك (قۇتلۇقار ئاخۇن)، سېپىل خارابىسى ھازىرمۇ بار.

⑤ «غەربىي زېمىندىكى ئىشلار» دېگەن كىتابتىن.

⑥ «غەربىي زېمىندىكى ئىشلار» دېگەن كىتابتىن.

⑦ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 738 - جىلد، 19- بەت.

⑧ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 642 - جىلد، 23- بەت.

⑨ «چىنۋاڭ» چىن تۇققان مەنىسىدە بولۇپ، خانغا سادىق، يېقىن بولغانلىقتىن بۇ نامغا ئىگە بولغان.

⑪ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1983- يىل 3 - سانىدىكى «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى» ناملىق ماقالىدىن.

⑫ شىمالدىكى 6 تاغ غولى: سۇپتاي، بوروسۇن، بۆلۈكەي، جىرغىلاڭ، بايتوقاي ھەم پىلىچى غوللىرى. جەنۇبتىكى 3 تاغ غولى: قاينۇق، خۇنخاي ھەم كەتمەن غوللىرى (كەتمەن ھازىر 7 سۇ تەۋەسىدە).

⑬ «شورا ژۇرنىلى» 1910 ـ يىل 18 ـ سانىدىكى «ئىلى سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار» دېگەن ماقالىدىن ھەم پاكزاتخان خوجا يازمىسىدىن.

⑭ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 642 ـ جىلد، 23ـ بەت.

⑮ مەزكۇر يانچىلارنى پاكزاتخان خوجا خاتىرىسىدە «ئىمىن خوجا، مۇساگۇڭلار ئۇچتۇرپاننى تىنچلاندۇرغاندا تۇرپانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تۇرپاندا بۇلارنى خوجىنىڭ ئادەملىرى» دەيتتى دەپ يازىدۇ.

⑯ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 760 ـ جىلد، 9 ـ بەت.

⑰ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 468 ـ جىلد، 16ـ بەت.

⑱ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 468 ـ جىلد، 16ـ بەت.

⑲ قولىيازما موللا ناسىر ئەئلەم خۇدا بەردى مۇھتىسىپ ئوغلىنىڭ.

⑳ بەزىلەر «كۇرەگە ھوسۇل يەتكۈزۈش ئۈچۈن، جىياڭجۈن مەھكىمىسى سالدۇرغان» دەيدۇ. ئۇ ساڭلار كۇرە ھەم بايانداىدا.

㉑ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 804 ـ جىلد، 35ـ بەت.

㉒ ئىسىنجان باۋۇدۇن «ئىلى تارىخى» ھەم پاكزاتخان خوجا قولىيازمىلىرىدىن.

㉓ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 1119 ـ جىلد، 7ـ بەت.

㉔ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 1358 ـ جىلد، 12ـ



بەت.

㉕ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 148 ـ جىلد، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

㉖ «ئۇيغۇر تارىخي ماتېرىياللىرى ئوچېرىكلىرى» 2 ـ جىلد، 428 ـ بەت.

㉗ غۇلجا شەھەر 1 ـ رايون 6 ـ ئاساسىي قاتلام «ئەركىن كوچا، 19 ـ قورا» ئەسلىدە خانىقا.

㉘ كۆرمە — يەڭسىز، قىسقا، ئىككى چىتى يىرىق، دۈگىلەك گۈللۈك تاۋار چاپان.

㉙ «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 93 ـ جىلد، 16 ـ بەت.

㉚ نۇرغۇن رىۋايەتلەردە مېھرىبانۇمنىڭ يولدىشىنى ئىمىن ۋاڭ ھەم شاسىلىم ۋاڭ دەپ كۆرسىتىدۇ.

㉛ غالجات، كەتمەنلەر ئىلىغا تەۋە ئىدى.

㉜ موللا بىلالنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» دېگەن ئەسىرىدىن.

㉝ «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» 147 ـ جىلد، 21 ـ بەت.

㉞ بوۋاق خوجا 1892 ـ يىلى 39 يېشىدا ۋاپات بولدى. بۇ ئېنىق. مەزەمزات ۋاپات بولغان ۋاقىت 1866 ـ يىلى بولۇپ، بۇنى ئىناۋەتكە ئالغاندا، بوۋاق خوجا 22 ياشتا بولۇپ قالىدۇ. كۇيئوغلى غىياسىدىن 1871 ـ يىلى تۇغۇلغان. بوۋاق خوجا ۋاپاتىدا ئۇ 21 ياشتا بولۇپ، نىكاھلىنىپ بولغان. مەزەمزات 1853 ـ يىلى ئىلياسخان تۇغۇلغاندا يايلاقتا بولۇپ، ئوۋغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ كەلگىچە ئات قويماي بوۋاق خوجا دېيىشكەن. كېيىن بۇنى ئۆلۈم ۋاقتىغا ئالماشتۇرۇۋالغان.

㉟ بەزىلەر «سىدىق شاڭيۇنىڭ ھېكىملىقتىن تاماسى بولغانلىقتىن شۇنداق قىلغان» دەيدۇ.

㊱ مەسچىت نۇراخۇن ئاقساقال نامىدا بولسىمۇ خىراجىتى كۆپچىلىكتىن ئىدى.

(ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - توپلامدىن ئېلىندى)



# قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇردىن ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتكە قوشقان تۆھپىلىرى

ئەشرەپ ئابدۇللا

قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇردىن تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تا 1847 - يىللارغىچە يۈرگۈزدى ھەم بۇ جەرياندا قەشقەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا، جۈملىدىن مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئىمىن ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭ، پەرىدۇن ۋاڭ، ئەفرىدۇن ۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر 1759 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە تۇرپان بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تۇتتى. قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش نۆۋىتى مۇھەممەد سەئىد ۋاڭغا كەلگەندە، 1826 - يىلى قەشقەردە جاھانگىر خوجا توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇ چاغدا زوھۇردىن قەشقەردىن چىقىپ كېتىپ، ئالدى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئوش دېگەن يېرىگە باردى. ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان بۇخارا، سەمەرقەند، قوقەند، ئۆرە تۆپە قاتارلىق جايلارغا باردى. بۇ يەرلەردە شەھەر قۇرۇلۇشىنى، مەدەنىيەت

ئىزلىرىنى، مەشھۇر مازارلارنى كۆردى ۋە زىيارەت قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇلتۇز ئارقىلىق چۆچەككە قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن 1830 - يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ باردى. شۇنداق قىلىپ 1826 - يىلى قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن زوھۇردىن تۆت يىل جاھان كېزىپ، يەنە قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تۇتۇپ ئىشلىدى.

ئۇ ئەسلىدە سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن، نۇرغۇن ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتناشقان، تۇرپان، قەشقەردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى كېزىپ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان بولغاچقا، نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەنىدى. شۇڭا ئۇ قەشقەردە نۇرغۇنلىغان چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، پائال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلىشىدە تۆۋەندىكىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر مەۋجۇت ئىدى.

زوھۇردىن ھاكىمبەگ ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە، چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ئورنىتىلغاچقا قەشقەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتى بىر مەزگىل مۇقىم بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇزۇن تارىخقا، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەشقەر شەھىرىگە كۆپلىگەن ئالىملار، زىيالىلار، ئەدىبلەر، شائىرلار، ھۆنەرۋەن، سودىگەرلەر توپلاشقانىدى. ئەل - يۇرتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆز زامانىسىگە يارىشا يۈكسەلدۈرۈشتەك زۆرۈرىيەت



ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت كەيپىياتى، زوھۇردىننىڭ ئالدىدا مۇھىم مەسىلە بولۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە نۇرغۇن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئىگە بولغان قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى، زوھۇردىن ھاكىمبەگكە تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن ئالىم، ئۆلىمالار، زىيالىيلار، تارىخچىلار، سەنئەتكارلار، يازغۇچى - شائىرلار بىلەن تونۇشتى. ئۇلارنى ئوردىغا كۆپلەپ تەكلىپ قىلىپ، قەشقەرنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۆزى جەمئىيەتكە، خەلققە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن كۆپلىگەن مەسلىھەتلەرنى ئالدى، مەسلىھەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرى، ئالىملارنىڭ مەسلىھەتلىرى، ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلاندى.

شۇڭا ئۇ قەشقەرنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماستىن، يەنە قەشقەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. نەتىجىدە ئۇ، ئەل - يۇرتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن بىر فېئودال ھۆكۈمداردىن مەرىپەتنى سۆيىدىغان، مەدەنىيەتكە ئىنتىلىدىغان خەلققە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغان، بىلىملىك ئەمەلدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، 19 - ئەسىردىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تارىخىدا، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تارىخىدا تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتلىك تۆھپىلەرنى قالدۇردى.

1) زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەمۇرىي ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش ئىدى. ئەمما ئۇ، مەمۇرىي ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاڭلارنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوردىدا ئالىم، ئۆلىمالارنى، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى خىزمەتكە قويدى.

زوھۇرىدىننىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىسكەندەر ۋاڭمۇ بىلىم ئەھلىلىرىگە ئېتىبار بېرىدىغان كىشى بولغاچقا، قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن مەزگىلىدە، ئالىم، شائىر، ئۆلىما مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنى ئوردىدا مۇھىم خىزمەتكە قويدى. ئىسكەندەر ۋاڭ ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، ئەرەپلەرنىڭ 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچىسى تەبەرىنىڭ تۆت توملۇق تارىخىي ئەسىرى «تارىخىي تەبەرى»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى مۇھەممەت سادىق قەشقەرىگە تاپشۇردى. شۇنداقلا ئالىمنى ئىقتىسادىي مەبلەغ ۋە ياخشى خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە ئەرەپ تىلى ئۈستىسى بولغان مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئىلىمنى قەدىرلىگەن ئىسكەندەر ۋاڭغا تەقدىم قىلدى. ئەسەرنىڭ نامىنى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نامى بىلەن «تارىخىي ئىسكەندەر ۋە تامبىنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر تارىخىي ۋە شاھەر تامبىنامىسى) دەپ ئاتىدى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى»



ئەسىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. يەنە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نافائىس» ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ چىقتى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى يەنە تۇرپانغا تەكلىپ قىلىنىپ، تۇرپاندىكى ئەفرىدۇن ۋاڭغا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەفرىدۇن ۋاڭ يارىتىپ بەرگەن ياخشى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بالا تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئەسھابۇلكەف تەزكىرىسى»، «مەھزۇنۇل ئىسلام» ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرلىرىنى ئەفرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلدى.

ئەفرىدۇن ۋاڭ ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ ئورنىغا قەشقەرگە بارغاندا، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى قەشقەرگە ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن بىللە قايتتى ۋە ئوردىدا مەھكىمەئى شەرئى قازىلىقىغا تەيىنلەندى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ خىزمىتى بىلەن ئەتراپتىكى يۇرتلارغا تونۇلدى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپى زوھۇرىدىنگە كەلگەندە، قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ بىلىمگە، يېڭىلىققا، مەدەنىيەتكە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بەكرەك ئىنتىلىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنى بەكرەك قەدىرلەيدۇ. ئۇ جەمئىيەتنى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تۈزەشنى، باشقۇرۇشنى ياخشى چۈشەنگەچكە، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئۆلىما تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قاتارلىقلارنى ئوردىدا ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇپ ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئىسلاھات ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالدى. ئۇ ئوردىدا «يەر ـ جاي ناملىرىنى بېكىتىش ھەيئىتى»نى قۇرۇپ بۇ ھەيئەتكە ئالىم مۇھەممەت سادىق

قەشقىرىنى مەسئۇل قىلدى.
ئۇ مۇھەممەت سادىق قەشقىرى قاتارلىق ئالىم، تارىخچىلار
بىلەن بىرلىكتە، قەشقەردىكى نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم
قەدىمىي جايلار، مەھەللە، يېزا، كەنتلەرنىڭ نامىنى ئىنقىلاپ،
قەدىمكىناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قەشقەر شەھىرىنى كې-
ڭەيتىپ قۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. شەھەر
كوچا - يوللىرىنى ئەسلىسىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا رەتلەپ
چىقتى. يېڭىدىن بەرپا قىلغان ئاۋات جايلارغا مەنىلىك ۋە چىراي-
لىق سۆزلەر بىلەن نام قويدى.
ئۇ شەھەر قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىدا، قەشقەرنىڭ «ئىچكىركى
شەھەر» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھالىتىنى شىمالدا تۈ-
مەن دەرياسى، جەنۇبتا قىزىل دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
سېپىل بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قىلدى. شەھەر
ۋە يېزىلاردىكى باغ - ئورمانلارنى ئاسراش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش
جەھەتتە ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ كىشىلەرنى سە-
پەرۋەر قىلىپ چوڭ ھەم ئۇزۇن ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، سۇ
مەنبەلىرىنى ئاچتى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ تەكلىپى بى-
لەن «يېڭىدىن ئېچىلغان بىنەم يەرلەردىن ئۈچ يىلغىچە باج -
سېلىق ئالماسلىق» ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. نەتىجىدە نۇرغۇن-
لىغان تېرىلغۇ يەرلەر ئېچىلىپ، نۇرغۇن يەرسىز دېھقانلار يەرگە
ۋە سۇغا ئىگە قىلىنىدى. دېمەك، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئېتىز
- ئېرىق قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، دېھقانلارنىڭ بۇ
جەھەتتىكى يۈكىنى يەڭگىللەتتى. بۇ ھەقتە زۆھۇرىدىن ھاكىم-
بەگ بىلەن زامانداش شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائى مۇنداق يازىدۇ:

شاھ زوھۇرىدىن سۇلۇي ئامبال قىلىپ شەھىرى بىنا،
ھىممەت ئالغان بۇ شاھقا بارىكاللا، مەرھابا.



دېمەك، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئالىم مۇھەممەت سادىق
قەشقىرى قاتارلىقلار بىلەن بىللە قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى
كېڭەيتىپ ياساش، يېڭى كوچا، يېڭى مەھەللىلەرنى بەرپا قى-
لىش، باغ ئورمانلارنى كۆپەيتىش، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇ-
شىنى ياخشىلاش، يېڭى تېرىلغۇ يەرلەرنى بىنا قىلىش، قەشقەر-
نىڭ يەر - جاي ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېڭى بىنا قىلغان
جايلارغا ئىسىم قويۇش، باج - سېلىق سىياسىتى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە يۇرت ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەردى.
2) زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى
قوللاپ، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەبلەغ سالدى.
ئۇ قەشقەرنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىي
مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز زامانىسىگە يارىشا يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن
ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق مەسچىت، مەدرىسلەرنى كېڭەيتىپ
قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ئەسلىدە ئىسكەندەر ۋاڭ بۇ مەس-
چىتنى ئومۇميۈزلۈك قايتا رېمونت قىلدۇرغان ۋە كۆل كولد-
تىپ، جىرىم قويدۇرۇپ رەتلىگەن. 1839 - يىلى زوھۇرىدىن
ھاكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساتقاندىن كېيىن،
ھېيتگاھ جامەسى شەھەر ئىچىدىكى مەركىزىي مەسچىتكە ئايلاز-
غان. يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ ‹ھېيتگاھ جامە-
سى› دەپ ئاتالغان. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يەنە قەشقەردە ھېيتد-
گاھ جامەسىگە ئوخشاش كونىراپ كەتكەن مەكتەپ، مەدرىسلەرنى
قايتىدىن رېمونت قىلدۇردى. بەزى مەكتەپلەرنى سالدى. 19 -
ئەسىردە قەشقەردە بىر خەتتاتلار مەكتىپى تەسىس قىلىنغان بو-
لۇپ، بۇ مەكتەپتە مەخسۇس ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ
تارقاتقان ھەم ناۋايىنىڭ قەشقەر كوللىياتىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ
قول يازما ھازىر تاشكەنت ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول

يازمىلار ئىنىستىتوتىدا ساقلانغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى سەھىپىد-
سىدە، كاتىپ ‹ئابدۇرېھىم ئىبنى مۇھەممەت پازىل كاشغەر›
دەپ ئىمزا قويۇلغان. بۇ كوللىيات 19 - ئەسىر قەشقەر ئۇسلۇبىد-
غا خاس چوڭ چىرايلىق خەتلەر بىلەن كۆچۈرۈلگەن. بۇ زور
كوللىيات تەركىبىگە ناۋايىنىڭ 18 پارچە ئەسىرى، يەنى ئىككى
دىباچە، «خەزائىنۇل مەئانى»، «مەجالىسۇن نافائىس»، «خەمىد-
سە»، «لىسانۇتتەيىر»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «مۇنشەئات»،
«خەمىسەتۇل - مۇتەھەييرىن»، «ئەرەپئىن»، «ۋەقفىيە» قا-
تارلىق ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى
شۇكى، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان ئابدۇ-
رېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى، تۇردى نازىم كاتىپ
غېرىبى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق شائىرلار ‹كاتىپ›
نامى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى باشچىلىقىدا ناۋايىنىڭ «خەمىسە»
، «خەزائىنۇل مەئانى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا
كۆچۈرگەن. ھەم ناۋايىنىڭ قەشقەر كوللىياتىنى بارلىققا كەلتۈر-
گەن. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يۇقىرىقىدەك مەكتەپ، مەدرىس-
لەرنى رېمونت قىلدۇرۇش، قايتا مەكتەپ سېلىش بىلەنلا شۇغۇل-
لىنىپ قالماستىن يەنە كونا، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئىشىك، دېرىد-
زە، تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە نەپىس، چىرايلىق ئۇيغۇر نەقىشلىد-
رىنى ئويدۇردى. مەكتەپ تاملىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا گەجدىن
ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇيغۇر نەقىشلىرىنى ئىشلىدى. قۇرۇلۇش-
لارغا يېڭىچە زىننەت، يېڭىچە تۈس بېرىپ، بۇ ئىلىم يۇرتلىرىنى
ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ھەممە گۈزەللىكلىرى بىلەن بې-
زەپ چىقتى. بۇ جەھەتتە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەردىكى
قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى ۋە بېزەش ئۇستىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق
ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇردى.



دېمەك، زۇھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئىلىم - پەن، مائارىپ
ئىشلىرى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، قەشقەرنىڭ ئىلىم - پەن
ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىش، قەدىمىي مائارىپ ئورۇنلىد-
رىنى رېمونت قىلىش، يېڭى مائارىپ ئورۇنلىرىنى تەسىس قىد-
لىش، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش جەھەتتە ئۈنۈملۈك خىزمەتد-
لەرنى ئىشلىدى.

3) مەدەنىيەتكە قىزىقىدىغان، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان
زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئۆز سارىيىغا مۇھەممەت سادىق قەشقىرى،
ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى نازىم غېرىبى،
ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىرلار-
نى توپلاپ، ئۇلارغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم بەردى.
ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياخشى خىز-
مەت مۇھىتى ۋە خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەردى. ئۇلارنى
تۇرمۇش، خىزمەت، ئىلمىي ئىجادىيەت مۇھىتى جەھەتلەردىن
قوللىدى. ئۇلارنىڭ بىلىمگە ھۆرمەت قىلدى. مەسىلەن: قەش-
قەر شەھىرىنىڭ تاشقى شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان غەربىي جەنۇب
قىسمىنى سېپىل ئىچىگە ئېلىش قۇرۇلۇشى پۈتكەندە، زوھۇرد-
دىن ھاكىمبەگ ئابدۇرېھىم نىزارىغا دەرۋازىغا ئېسىلىدىغان تاخ-
تايغا قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكەن يىل ۋە قۇرۇلۇشنى قىلغۇچى توغرىد-
سىدا شېئىر يېزىپ بېرىش ئىشىنى تاپشۇرىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزا-
رى شېئىرنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە يېزىپ چىقىدۇ. بۇ شېئىر
زۇھۇرىدىن ھاكىمبەگكە ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز قولى
بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىغا ئېسىل تون كەيدۈرىدۇ ھەم نۇرغۇن
سوۋغا ئىنئام قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.
زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئۇنى بەكمۇ قەدىرلىگەچكە، ئۇنىڭغا ئىنتا-

يىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ پىشقەدەم تىۋىپلەرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن نىزارىنى تۇرپان، پىچان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باقار، ئوش، قوقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا ساياھەتكە ئەۋەتىدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى توققۇز يۈرت ئىچىدە ئالاھىدە ياخشى جاي ئوپال قۇمباغدىن بەش پاتمانلىق يەر، بىر ئېرىق سۇ، توقايلىق ئاجرىتىپ بېرىپ، باغ ھويلىلىق بىر ئارامگاھ سالدۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇ تۇردى نازىم غېرىبىگە قەشقەردىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئەھۋالى، تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئەسەر يېزىشنى تاپشۇرىدۇ. غېرىبى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى توغرىسىدىكى ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، زوھۇرىدىن غېرىبىگە نۇرغۇن سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. ئۇ غېرىبىگە بولغان زور ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈپ، غېرىبىنى نىزارىدىن كېيىن ئوردىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يەنە ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ تالانتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تالانتىغا، قابىلىيىتىگە قايىل بولىدۇ. سەبۇرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقتا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ شائىر سەبۇرىگە قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىدىكى ھەرەم باغ يېزىسىدىن بىر ئېچىق سۇ، بىر قىسىم يەرلەرنى ئاجرىتىپ بېرىدۇ. شائىر سەبۇرى ئائىلىسى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئىگە بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازىدۇ.



يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى بىلىمىزكى، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «يەر - جاي ناملىرىنى بېكىتىش ھەيئىتى» نىڭ مەسئۇللىقىغا، ئوردىنىڭ باش قازىلىقىغا قويۇلغانلىقى، نىزارى، غېرىبىلارنىڭ ئوردىنىڭ باش كاتىپلىقىغا قويۇلغانلىقى، نىزارى، غېرىبى، سەبۇرىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت قاتارلىق جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى، ئۇلارغا ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىدەك ئەمەلىي مىساللاردىن زوھۇرىدىننىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى تۇرمۇش، خىزمەت جەھەتتىن قوللاپ، ئۇلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى بىلەلەيمىز.

4) زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىغا «كاتىپ» نامى بىلەن خىزمەتكە قويغان نىزارى، غېرىبى، زىيائى، سەبۇرى قاتارلىق شائىرلارنى تەشكىللەپ، ئوردىنىڭ خەت - چەكلىرىنى يازدۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى باشچىلىقىدا خەلقنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشىغىمۇ مەدەت قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئابدۇرېھىم نىزارى باشچىلىقىدا بۇ ئەدىبلەر زوھۇرىدىن ياراتقان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» ۋە «خەزائىنۇل مائانى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى زېرىكمەي كۆچۈرۈپ، ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قەشقەر كوللىياتىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار ناۋايىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنى كۆپ قېتىم كۆچۈرۈپ خەلققە تارقاتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى قاندۇردى. يازغۇچى شائىرلارنى ناۋايى ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىنىپ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۇرت-

كە بولدى. زوھۇرىدىن ئۆزىمۇ نىزارىلار كۆچۈرگەن ناۋايى ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، ناۋايىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يۇقىرىقى ئىلمىي ئىشلاردا زور ئىقتىسادىي كۈچ سەرپ قىلدى.

5) زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان ئىشى شۇكى، ئۇ ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى تەشكىللەپ، ئالىم، يازغۇچى، شائىر، تارىخچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر كاتىبات ئىشخانىسىنى قۇردى. بۇ ئىشخانا ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى نازىم غېرىبى، ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى قاتارلىق شائىرلاردىن تەركىب تاپتى. ئابدۇرېھىم نىزارىنى باش كاتىپ قىلىپ بېكىتتى.

بۇ ئىشخانا كۆرۈنۈشتە ئوردىنىڭ مەمۇرىي خەت ـ چەكلىرىنى يازغاندەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئەدىبلەر ئىشخانىسى بولۇپ ئويۇشتى. بۇ ئىشخانىدىكى شائىرلار زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يارىتىپ بەرگەن قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قىزغىن ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ نىزارى، زىيائى، غېرىبىي، سەبۇرى قاتارلىق شائىرلارغا، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قىزغىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. نەتىجىدە ئابدۇرېھىم نىزارى، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياخشى ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىسىدا، زور زېھنى كۈچ سەرپ قىلىپ، «مۇقەددىمە»، «پەرھات ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «رابىيە ـ سەئىدىن» دىن ئىبارەت 5 داستاندىن تەركىب تاپقان «نىزارى داستانلىرى» نى يازدى. يەنە پەندى ـ نەسى-



ھەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەسەر «زادۇل نىجاد» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى. بولۇپمۇ نىزارى «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى بولسا «مەھزۇنۇل ۋاھىزىن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا»، «چاھار دەرۋىش» داستانلىرىنى يازدى. ئۇ يەنە «مۇشۈك بىلەن چاشقان»، «ياۋا توشقان» ناملىق مەسەللەرنى يازدى. زوھۇرىدىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇردى نازىم غېرىبىي «كىتابى غېرىب»، «بەھرام ـ دىلئارام» داستانلىرىنى يازدى. ئۇ يازغان «كىتابى غېرىب» داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەردۇر.

شائىر ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى ۋە تاپشۇرىقى بىلەن «ناۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى، «بەھرىلئەنساپ» (نەسىرلەر دېڭىزى)، «دىۋان سەبۇرى»، «ماقالات» (ماقالىلەر) دېگەن ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى.

كاتىبات ئىشخانىسىدىكى شائىرلار تېمىسى، ژانىرى كۆپ خىل، ئىجادىيەت مېتودى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، مەزمۇنى مول، بەدىئىلىكى يۇقىرى، ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى يورۇتقان نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى گۈللەنگەن دەۋرنى بەرپا قىلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىلىكى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەسەرلەر

تىلى، ئوبرازلاردىكى خاراكتېر جەھەتلەردىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس بولدى.

19 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇنداق گۈللەنگەن دەۋرى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ شائىرلارنى ماددى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قىزغىن قوللىغانلىقى، ئۇلارغا پايدىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى، ئۇلارنى پائال ئىلھاملاندۇرۇپ رىغبەتلەندۇرگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

دېمەك، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەشكىللىگەن كاتىبات ئىشخانىسى، ئابدۇرېھىم نىزارى باشچىلىقىدا قىزغىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇردى. بۇ ئىشخانىدىكى ئەدىبلەر، شىنجاڭدا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقالمىغان شارائىتتا ئەسەرلەرنى ساپ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىجاد قىلدى.

6) ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن زىيائى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە تۇرپانغا بېرىپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالىدۇ. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئورۇنلاشتۇرغان. چۈنكى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەردە ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە بىر قېتىم ۋەزىيەت داۋالغۇش بولۇپ سوپى ئىشان، زاھىدلارنىڭ مەدەنىيەت كىشىلىرىگە قىلغان ھۇجۇمى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ دەل مۇشۇ پەيتتە، نىزارى بىلەن زىيائىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قىلىشتىن قاچۇرۇپ تۇرپانغا ئەۋەتىۋەتكەن. نىزارى بىلەن زىيائى تۇرپانغا بارغاندىن كېيىنمۇ، ياخشى تۇرمۇش، ياخشى خىزمەت، پايدىلىق خىزمەت شارائىتىدىن بەھرىمەن بولـ



غان. تۇرپاندا ئۇلار يەنە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1841 ـ يىلدىن 1844 ـ يىلغىچە «غېرىبلار ھېكايىتى» ناملىق كوللىياتىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇلار قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى نورماللاشقاندا يەنە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا داۋاملىق خىزمەت قىلىدۇ. يۇقىرىقى ۋەقە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلانسا، بۇ زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ قىلغان يەنە بىر زور ئەھمىيەتلىك تۆھپىسى بولۇپ قالىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ 19 ـ ئەسىردىكى يەرلىك ھاكىمبەگلەر ئىچىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم قىلىدىغان بىر مەرىپەتچى ئەمەلدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۆردى نازىم غېرىبى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق ئالىم، شائىرلارنى ماددى ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن قوللاپ، ئۇلارغا ياخشى ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ، مول ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان 19 ـ ئەسىردىكى بىر قېتىملىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

شائىر تۆردى نازىم غېرىبىي زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازدى:

چۇ كاشغەر ئارا بار ئېردى ئەمىر شاھ،
دىلى ئىچرە مەرغۇب ئەمەس قەسرى جاھ.

ئۆزى كاشغەر شاھى، شانى ئۇلۇغ،
خەۋىردىن ئېرىدى كۆڭلى سۇنۇغ.

زوھۇرىدىن ئىسمى، بىتى ئۆزرە تاج،
زاماندا ئەردى شەرئەت راۋاج.

يۇقىرىقى مىسرالار زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ 19 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۇتقان ئورنىنىڭ، ئۇ بەرپا قىلغان مەدەنىيەت - سەنئەت دەۋرىنىڭ ئوبرازلىق خۇلاسىسىدۇر.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ يۇقىرىقى ئەھمىيەتلىك تۆھپىلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزى بىر فېئودال ھاكىمبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھاكىمبەگلەردە بولىدىغان ئەزگۈچىلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەردىن خالى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 1996 - يىل 1 - سان.
2. شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى.
3. «بۇلاق» 1982 - يىل نەشرى.
4. «بۇلاق» ئومۇمى 11 - ، 39 - سانلىرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)



# قاراقاشتا ئۆتكەن گۇڭ خوجىلارنىڭ تارىخى

موللانىيازخان ھاجىم

1780 - يىلى يەنى چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئامبىلى (خەنزۇ) قېشىغا خوتەندىن بىر ۋەكىل چىقماقچى بولۇپ، قاراقاشنىڭ چاقا كەنتىدىن ھېزىم ئاخۇن دېگەن كىشى چىققانىكەن.

ھېزىم ئاخۇن يەكەنگە ئامبال قېشىغا چىقىپ ئامبالغا خەلقنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، ئامبال بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئامبال ناھايىتى رازى بولۇپ ھېزىم ئاخۇنغا «ھەششا قىز» دېگەن مەنسەپنى بەرگەن، كېيىن ھېزىم ئاخۇننىڭ خىزمىتى تېخىمۇ مەقبۇل بولغاندىن كېيىن «ئىشقى» دەپ نام بەرگەن، ئۇندىن كېيىن «ھېكىم» دېگەن مەنسەپنى بېرىپ قاراقاشقا يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش ۋە بوزيەر ئېچىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېزىم ئاخۇن دېھقانلارغا يەر ئاچقۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراقاشنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدىن كۆپ مىقداردىكى يەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان.

ھېزىم ھېكىمنىڭ 1780 - يىلدىن 1948 - يىلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئالتە ئەۋلادى مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتكەن بولۇپ بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھېزىم شاھ ئوغلى خۇش كىپەك، خۇش كىپەك ئوغلى مۇبارەكشاھ ھېكىم، مۇبارەكشاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئېلى گۆڭ، مۇھەممەت ئېلى گۆڭنىڭ ئوغلى مۇساگۆڭ، مۇسا گۆڭنىڭ ئوغلى ناسىرگۆڭ، ئەفرۇزگۆڭ، زايىت گۆڭ، ئىمىن ئەلەم، مۇھەممەتخان گۆڭ، يەنە بىرقانچە چوڭ - كىچىك گۆڭلار ئۆتكەن بولۇپ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

بۇلار ھېزىم شاھ ھېكىمدىن باشلاپ مۇھەممەت ئېلى گۆڭغىچىلىك ھاكىملىق مەنسەپ بىلەن ئۆتۈپ، مۇھەممەت ئېلىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە مۇھەممەت ئېلى ھېكىمنى بېيجىڭغا خان قېشىغا بېرىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مۇھەممەت ئېلى بېرىش ۋاقتىدا بىر ياغاچ ھارۋىنى مەپە قىلىپ ئۈستىگە بىر تۇپ نەشپۈتنى سېلىپ، بېيجىڭغا ئاپىرىپ خانغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنچە يىراق جايدىن ئۇزۇن يولنى بېسىپ، نەشپۈتنى مەپە ئۈستىدە قۇرۇتماي مېۋىسى پىشقان ھالەتتە ئېلىپ بارغان سوۋغىسى خانغا يارىغاچقا، خان مۇھەممەت ئېلىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ گۆڭ مەنسىپىنى بېرىدۇ، مۇھەممەت ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنىڭدىن كېيىن «گۆڭ - خوجا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ گۆڭ - خوجىلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى، مەنسەپ ئەھۋالى 1780 - يىلى ھېزىم شاھ ھېكىمدىن باشلىنىپ 1948 - يىلى زايىتگۆڭنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر 168 يىل، ئالتە ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرىدۇ. پەقەت 1949 - يىلى گۆڭلۈق تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ ئاخىرلىشىدۇ. گۆڭ دېگەن شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىدا مەنسەپنىڭ دەرىجە نامى بولۇپ ۋاڭ باشلىقى، گۆڭ ۋاڭنىڭ مۇئاۋىنى دېگەن مەنىدە ئىدى. گۆڭلارنىڭ چوڭ تامغىلىرىدىكى خەنزۇچە خەتلەر «گۆڭ - يىيفۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. قۇمۇل، تۇرپان، كۇچالاردا ۋاڭ ئۆتكەن،



جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە گۆڭ ئۆتكەن. گۆڭلۈق مەنسەپ ئۆز ۋاقتىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، قالدۇرۇش، يۆتكەش ھەتتا ھېكىملەرنىمۇ خالىغانچە ۋەزىپىگە قويۇش - ئېلىۋېتىش، يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش، ئىشقا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. يۇقىرىدىكى گۆڭلار ئەينى ۋاقىتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كەنتلەردە كۆپ مىقداردا يەر ئىگىلىگەن، بۇ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

قاراقاش شەھەر ئىچىدە ئاق مەدرىس، چوڭ مەدرىس، جۇۋا مەدرىس، قۇخە كۆل مەسچىت، چاقار مەدرىس، سىرلىق مەسچىت قاتارلىق تۆت جايدا مەدرىس، تۆت جايغا مەسچىت بىنا قىلىپ، مەزكۇر مەدرىس، مەسچىتلەرگە كەنت ئىسمىنىڭ باش ھەرپىدە «‹ق› ھەرپى كەلگەن كەنتلەردىكى يەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ۋەخپە قىلدىم» دەپ ۋەدە قىلغان. ھۆججەتكە ئاق ساراي قاتارلىق جايلاردىكى توپاققا مىنىپ ئەلەملىك قىلىدىغان ئالتە نەپەر ئاخۇن مۆھۈر باسقان. گۆڭلارغا خاننىڭ بۇيرىقى بويىچە قاراقاشتىن 50 ئۆيلۈك ئادەمنى خىزمەتكە بۇيرىغان. 50 ئۆيلۈك ئادەم پۈتۈنلەي گۆڭلارغا يەر ئېچىش، يەر تېرىش، ئۆي خىزمىتى قىلىش جەريانىدا 50 ئادەم كۆپىيىپ نەچچە ھەسسىگە يەتكەن. كېيىن بۇلار زۇلۇمغا چىدىماي قارا قاشنىڭ ئامبىلى بىڭ دارىن ئارقىلىق بېيجىڭغا ئەرز قىلىپ گۆڭلارنىڭ خىزمىتىدىن ئاجرىغان. گۆڭلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزغان، بۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن تۇياق باج ئېلىپ يېيىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، كېيىن بۇمۇ ئەمەلدىن قېلىپ گۆڭلار بىلەن بىرلىكتە مائاش ھېسابىغا خوتەن ئاشلىق سېڭىدىن بۇغداي ئالغان.

ياقۇپبەگ ھۆكۈم سۈرگەن يىللار مۇسا گۆڭ زامانىسى بو-

لۇپ، خىزمىتى ۋە ئەمىلىي توختاپ قالغان، بەدۆلەت ئاغدۇرۇل-
غاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە بىر خەنزۇ دۇدۇ بولۇپ
چىقىپ «بىزنىڭ ھۆكۇمىتىمىز، ئاتا - بوۋىمىزغا خىزمەت قىل-
غان مۇھەممەت ئېلى گۇڭ، مۇساگۇڭ بار ئىكەن» دەپ ئۈرۈم-
چىدىن كىشى بۇيرۇپ ئۇلارنى ئىزلەپ تاپقاندىن كېيىن مۇسا
گۇڭ، ئىمىن ئەلەم باشلىق بىرقانچە كىشىنى بېيجىڭغا ئېلىپ
بارغان. مۇسا گۇڭغا خان يەنە گۇڭلۇق مەنسىپىنى بەرگەن،
ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن مۇسا گۇڭنىڭ ئوغلى ناسىر گۇڭنى
چەرچەنگە ھاكىم، زايىت گۇڭنى ھەربىي باشلىق قىلغان. بۇلار
شۇ ۋاقىتنىڭ تۈزۈمى بويىچە تۇڭلىڭ دەپ ئاتالغان. كېيىنچە
سېيىت يېڭىسار ناھىيىسىدە گۇڭلۇقنى، ناسىر گۇڭ ھېكىملىق-
نى، زايىت گۇڭ ھەربىي باشلىقلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.
زايىت گۇڭ غۇلجىغا خاڭجاڭ بولغان، ئاقسۇغا ۋالىي بولغان،
ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە كۇچالاردا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئېنىق
ئەمەس.

ئەفرۇز بەگ قاراقاشتا بەگ بولغان. مەمەتخان خوجا قارا-
قاشتا بەگ بولغان، ماخۇسەن ۋاقتىغا كەلگەندە قاراقاشقا ھاكىم
بولغان، گومىنداڭ ۋاقتىدا ئۇيۇشمىغا رەئىس بولغان، 1948
- يىلى قاراقاش قۇملۇقتا ۋاپات بولدى. ئىمىن ئەلەم گۇڭ
قاراقاش ناھىيىسىگە بىرقانچە يىل ئەلەم بولغان، 1930 - يىللا-
رنىڭ بېشىدا يەكەنگە ۋالىي بولغان، ماخۇسەن ۋاقتىدا قاراقاشقا
ھاكىم بولۇپ، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

مەزكۇر گۇڭلار ئەسلى قاراقاش ناھىيە چاقار يېزىسىدىن
بولۇپ، ھېزىم شاھ ھېكىم بېيجىڭدا ۋاپات بولغان، قەبرىسى
بېيجىڭدا. ئوغلى خۇش كىپەك، مۇبارەكشاھ، مۇھەممەت ئېلى،
مۇسا، ناسىر، ئەفرۇز، مۇھەممەتخان خوجا، زايىت گۇڭ قاتار-



لىق باشقا گۇڭلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن يېزا چىقار مەدرىسى ئالدى-
دىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىنغان.

گۇڭ خوجىلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم
يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. كەم قالغان جايلىرى ۋە تەپسىلات
جەريانلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 29 - ساندىن ئې-
لىندى)

# لوپنۇردا ئۆتكەن ناسىربەگ

## غۇلامىدىن ئەيسا

ناسىربەگ (1983 ~ 1903) ناسىر ھېكىم دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ لوپنۇر تىكەنلىك رايونىدا بىردىنىي مۆتىۋەر ئەلەم ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسھاق (دىنىي جەھەتتىن قادىر ئاخۇنۇم دېيىلىدىكەن) ئىبنى ئارزۇ بەگ ئىبنى تاش ئاخۇن ئەۋلادلىرى ئىكەن. ناسىربەگ ساۋاتلىق ئادەم بولۇپ، بىر ئاتىدىن ناسىربەگ، ھاپىزئاخۇن، ئەيسا بەگ دېگەن كىشىلەر تۇغۇلغانىكەن. ناسىربەگ ئۆز زامانىسىدا دەۋر سۇرگەن ئادەم بولۇپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا شايار، لوپنۇر، چاقىلىقلار تېخى ناھىيە بولۇپ ئايرىلمىغان مەزگىللەردە، ناسىر ھېكىم شۇ 3 ناھىيىگە ھېكىملىق قىلىدىكەن. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى دۆڭقوتان رايونى ئۇ چاغدا لايسۇ دەپ ئاتىلىپ، لوپنۇر رايونىنىڭ يېزا دەرىجىلىك يۇرتى ئىكەن. تىكەنلىكتىكى دۇرال شەھىرىمۇ ئۇ چاغلاردا ئاۋات شەھەر بولۇپ، ناسىر ھېكىمنىڭ بىر مەمۇرى شتابى شۇ يەردە ئىكەن. ناسىر ھېكىم مەپىلىك ۋە ئاتلىق يۇرۇپ شايار رايونىدىن لوپنۇر رايونى ئارقىلىق چاقىلىققا دائىم قاتناپ يۇرۇپ مەمۇرى جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرۇپ ئىدارە قىلىدىكەن ۋە دەۋا ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىدىكەن. ناسىر بەگ (ھېكىم) ئۆز زامانىسىدىكى لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىرىغا بەيئەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ



بىۋاستە قارمىقىدا بولۇپ، مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرىدىكەن. ھەر يىلدا لۈكچۈن، قۇمۇللارغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ ۋاڭ ـ خوجاملارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ، يوليورۇق ئېلىپ قايتىدىكەن. ۋاڭ ـ خوجاملارغا دائىم ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ چاغلاردىكى بىچارە خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئوۋ قىلىپ تاپقان بوغا مۈڭگۈزلىرى، تۈلكە، بۆرە، يىلپىز، سۇلەيسۇن، ھەتتا يولۋاس تېرىلىرى زالىم بەگلەر ئارقىلىق، ناسىر ھېكىمگە تەقدىم قىلىنىپ، ۋاڭ ـ خوجاملارغا سوۋغا قىلىنىپ تۇرىدىكەن. خەلقنىڭ ئېسىل نەرسىلىرى ۋە بايلىقلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك زالىم ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىش يولى بىلەن ۋە باشقا قىممەت باھالىق ئالتۇن، كۇمۇش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ يۇقىرىغا يوللاپ تۇرۇش يولى بىلەن بەگ ـ ھېكىملار ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدىكەن ۋە مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدىكەن. ناسىر بەگ خەنزۇچىدىنمۇ بىر ئاز ساۋاتلىق ئادەم ئىكەن. بىر تۇغقان ئىنىسى ئەيسا بەگنى خەنزۇچە مەكتەپ (ئۇ چاغدا خەنزۇ مەكتەپلىرى شۆتاڭ دەپ ئاتىلاتتى) تە ئوقۇتۇپ شۇ سەي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتۇرگەن ئىكەن. ئەيسا بەگ 1920 ـ يىلدىن 1930 ـ يىللارغىچە ھۆكۈمەت تەستىقى بىلەن تىكەنلىكتە شۆتاڭ (مەكتەپ) ئېچىپ 40 ـ 50 بالىنى خەنزۇچە ئوقۇتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ بالىلار خەنزۇچىدا خېلى ياخشى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. بەزىلىرى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلغان، بەزىلىرى تەرجىمان بولغان. تىكەنلىكتە ئۆتكەن قاسىم چايەن دېگەن ئادەممۇ ئەيسا بەگ بار شۆتاڭدا ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا خەنزۇچىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ساۋاتى بولسا ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئېرىشىپ بىر ئىدارىدە ئىشلەش ئاسانراق بولاتتى. خەنزۇچە

ئوقۇغانلار تولاراق بەگ بولۇپ يۇرت سورايتتى. شۇڭا ناسىر بەگ
ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەيسا بەگلەرمۇ ئۆمۈر بويى بەگ بولۇپ، يۇرت
سوراپ، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، مەك-
تەپلەردە مۇدىر، مۇئەللىم بولۇپ ئۆتكەن. ئەيسا بەگ خەنزۇچە
خەت ـ چەك، ئالاقىلارنى يۇك قەلەمدە يېزىشقا ئۇستا بولغانلىق-
تىن، 1933 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغان ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيە
باشلىقى مەخمۇت سىجاڭ قەشقەرگە بۇيرۇق بىلەن ئالدۇرۇپ
كېتىپ، 1938 ـ يىلغىچە دىۋىزىيە ئىشتابى كاتىبات بۆلۈمىدە
باش كاتىپلىق قىلىپ، خەنزۇچە ئالاقىلارنى بېجىرگەن. ئەيسا
بەگنىڭ خەنزۇچە مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ چىقىشى
ئۇنىڭ ئاكىسى ناسىر بەگنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇشى
ۋە تەربىيىلىشى نەتىجىسىدىن بولغان، ئەيسا بەگ خەت ئالاقىلارنى
خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلاتتى. كامالەتكە يەتكەن ئاغ-
زاكى تەرجىمان ئىدى.

ناسىر بەگ يۇرت سوراشتا ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، قىمار
ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قاتتىق توسىدىكەن، بولۇپمۇ قىمارۋازلار
ئالدىغا كېلىپ قالسا، ئىككى پۇتىنى چۇشەپ ھاۋا تاپان قىلىپ
چۇماقلىق ئۇجمە نوتىلىرى بىلەن ئۇرۇپ، تاپاندىن قان چىقىرى-
ۋېتىدىكەن، سوراقتا بەك زالىم ئىكەن. بىر قېتىم سوراقتا
ئاچچىقى بەك كېلىپ كەتكەچكە قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىغان،
سوراق مەيدانىدىكى بىر ئادەم ۋارقىرىشىدىن قورقۇپ كېتىپ نەق
مەيداندا ئۆلگەنىكەن. مانا بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى زالىم بەگلەرنىڭ
نەقەدەر ۋەھشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ناسىر بەگ
كۆپ خوتۇنلۇق، كۆپ باللىق ئادەم بولۇپ، لايسۇ (دۆڭ-
قوتان)، چوڭكۆل، تىكەنلىك، يېڭىسۇ، چاقىلىق قاتارلىق جاي-
لاردىن خوتۇنلۇق بولغانىكەن. بىراق باللىرى تۇرماي 3 ـ 4
ئوغۇل ـ قىزلىرى قالغانىكەن. ناسىر بەگ دېھقانچىلىق ئىشلى-



رىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، لۈكچۈن، قۇمۇللاردىن ھەر خىل قو-
ناق، پۇرچاق، كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ خەلقنى
تېرىشقا دالالەت قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش-
قا ئەھمىيەت بەرگەنىكەن. ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىنى-
مۇ چىڭ تۇتۇپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى راۋاجلاندۇرغانىكەن. تۇر-
پان، توقسۇنلارنىڭ كېمىر ئۆيىنى شاگىرت ئەۋەتىپ ئۆگىنىپ
كېلىپ قول ئاستىدىكى رايونلاردىمۇ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىش-
قان. ناسىر ھېكىم يۇرتنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ يۈز تاپقانلىق-
تىن، لۈكچۈن، قومۇل ۋاڭ ـ خوجاملىرى چىڭ سۇلالىسى
مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللاپ خاتىرىگە ئالدۇرۇپ، خاندىن ھې-
كىملىق ئۇنۋانى ئالغانىكەن. مەسىلەن: ئۇنىڭ بىر باشقا كېيىد-
غان ئوتۇغاتلىق تاجى بولۇپ، ئوتۇغات توزنىڭ قۇيرىقىدا ياسال-
غان، ئۇنى تاجنىڭ ئارقىسىدا بېكىتىپ قويىدىغان مەخسۇس جايى
بولۇپ، بۇنى ۋاڭ ـ خوجاملار بىلەن كۆرۈشكەندە ياكى سوراق
ئۈستىدە كىيىدىكەن. بۇ ئوتۇغاتلىق تاجنى مەن كۆرگەنىدىم.
ئۇنى مۇشۇ يېقىنقى زامانغىچە ناسىر بەگ دادامنىڭ چوڭ ئوغلى
توختەمەت شاڭيونىڭ باللىرى توخسۇن ۋە قاسىملار ساقلاپ
كەلگەنىدى. مەن تۇرمىدىن 1976 ـ يىلى چىقىپ كەلسەم ئۇلار
ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ باللىرى جان بېقىش ئۈچۈن قارا
شەھەر ئەتراپلىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ناسىربەگدىن
قالغان ئوتۇغاتلىق تاجى قەيەردە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىشقا
بارالمىدىم، ئەپسۇسكى، بۇ نەرسە ھازىر بارمۇ، يوق؟ بىلمەي-
مەن. ئۇلار جايدىن ـ جايغا كۆچۈپ يۈرگەندە ئۇنىڭ تارىخىي
ئەھمىيىتىنى بىلمىگەندىن كېيىن چۆرۈپ تاشلىدىمۇ، ماڭا نامە-
لۇم. ھازىر سۈرۈشتۈرۈپ تاپقىلى بولامدۇ ـ يوق، ئۆزەممۇ بۇ
ھەقتە كەسكىن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ، پۇر-
سەت تېپىپ مۇناسىۋەتلىك تۇغقانلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ باقار-
مەن. تېپىلىپ قالسا تەشكىلگە تاپشۇرىمەن. يۇرتنى چىڭ تۇ-

تۆپ، ئوبدان ئىدارە قىلىپ، يۇقىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغاندا، يۇقىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ناسىر بەگ شۇنداق قىلغانىكەن. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ تاج كەيدۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان. بۇنى ئەلۋەتتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلغانلىقى، ۋاڭ - خوجاملار ئارقىلىق، خاننى ھىمايە قىلىپ بەيئەت قىلغانلىقىدىن شۇنداقلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەن تۇغۇلۇشتىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن ناسىر بەگ چاقىلىقتا كىچىك تەرىتى تۇتۇلۇپ قېلىش كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. يۇيۇپ - تاراپ كېپەنلىگەندىن كېيىن، بىر چاپقۇر تۆگىنى ئاق رەختتە كېپەنلەپ، تاۋۇتنى تۆگىگە ئارتىپ بىر كېچە - كۈندۈزدە تىكەنلىككە ئەكىلىپ چوڭ جامە قېشىدا يەرلىكتە قويغانىكەن. قەبرىلەر 1960 - يىللىرى تىكەنلىكتىكى 34 - 35 - تۇەن مەيدانلىرى تەرىپىدىن بىر چەت قۇملۇققا يۆتكىۋېتىلگەن. ناسىر بەگنىڭمۇ قەبرىسى شۇ قاتاردا يۆتكىۋېتىلىپتۇ.

مەن ناسىربەگنىڭ يۇقىرىقى تارىخىي ئەھۋاللىرىنى ھامۇت ئەلەم ئاخۇنۇم (ناسىر بەگنىڭ 3 - ئوغلى)، ئاتام ئەيسا بەگ ۋە ئاپام مەرھۇم سارىخانلارنىڭ ئۆز ئارا پاراڭلىرىدىن ۋە باشقىلارنىڭ ناسىر بەگ ھەققىدە قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىدىن ئاڭلىۋالغان، شۇنىڭدەك يادىمدا قالغانلىرىنى يازدىم. بەلكىم بۇنىڭدا تولۇق بولمىغان ياكى كۆپتۈرۈۋېتىلگەن جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر بولۇپ قالسا يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«باينغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 - توپلامدىن ئېلىندى)



# داتۇڭ يېزىسىدىكى مۇھەممەد كەرىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا

مەدەلىخان

ئېلىمىز تاجىك خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇھەممەت كەرىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى مۇھىم شەخسلەر بولۇپ، تارىختا زور رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇلار 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە سەرىكۆھدا بىرقانچە ئەۋلاد ھاكىمبەگ بولۇپ، كۆپ قېتىم چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان. ئۇلارنىڭ سەرىكۆھ رايونىدا مەنسەپكە ئولتۇرغان دەۋرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋرگە توغرا كەلگەن. شىنجاڭدا ياقۇپبەگ 14 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شىنجاڭ خەلقى جۈملىدىن سەرىكۆھ خەلقىغە ھېسابسىز بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. سەرىكۆھ رايونىغا دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ، خەلقنى تۆگىمەس خاتىرجەمسىزلىككە سالغان. قوقەند خانلىقى چارروسىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئېلىمىزنىڭ پامىر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پۈتۈن پامىرنى (پەقەت تاغدۇمباش پامىرى ۋە رەڭكۆل پامىرىنىڭ بىر قىسمىدىن باشقىسىنى) دېگۈدەك بېسىۋالدى. جۇڭگونىڭ ئۆزىدە بولسا شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ،

چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ مىنگو قۇرۇلدى. مانا مۇشۇنداق
زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇھەممەد كەرىمبەگ ۋە
ئۇنىڭ ئەجدادلىرى جۇڭگونىڭ يىراق غەربىي چېگرا رايونىدىكى
يەرلىك ئەمەلدارلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشتىراك قىلغان.
ئۇلارنىڭ ئېلىمىز تاجىك خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى
ئورنى ۋە رولىنى توغرا مۆلچەرلەپ، مۇۋاپىق باھا بېرىش،
ئېلىمىز تاجىك خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى يورۇتۇشتا
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى بۇ بىرقانچە ئەۋلاد ھاكىم-
بەگنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا يازما خاتىرە بەكمۇ ئاز.
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە شەجەرىسىمۇ يوق. ئەگەر بولغان
تەقدىردىمۇ ھازىرغىچە ساقلانمىغان. ھەتتا بەزى ماددى بۇيۇملار
مەسىلەن: چىڭ سۇلالىسى تەقدىم قىلغان ئوتۇغات، ھاكىمبەگ-
لىك تامغىسى، مەنسەپكە تەيىنلەش پەرمانى قاتارلىقلارمۇ پۈتۈن-
لەي يوقىلىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي
سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ نۇرغۇن تەپسىلاتلىرىنى ئېنىقلاش خېلىلا
تەس. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ماقالىدا مەن كەرىمبەگكىچە بولغان
4 ئەۋلاد ھاكىمبەگنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بەزىبىر پارچە -
پۇرات تارىخىي خاتىرىلەر ھەم ئۆزۈم تەكشۈرگەن ماتېرىياللارغا
ئاساسەن ئىلاجى بار تولۇقراق بايان قىلىشقا تىرىشىمەن. ئەمما
يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ بايانلىرىمدا سەۋەن - خاتالىق-
لارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. مەن بۇ ماقالىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى
ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى بولۇشىنى، بۇنىڭدىن كې-
يىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ، مۇشۇ
دەۋر تارىخىمىزنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ، تاجىك يېقىنقى
زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى
ئۈمىد قىلىمەن. مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى-



نىڭ قولىدا بار بولغان بەزى ماتېرىياللارنى (پارچە - پۇرات
بولسىمۇ) كۆپرەك تەمىنلىشىنىمۇ سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

**1. مۇھەممەد كەرىمبەگ ئەجدادلىرىنىڭ ھاكىمبەگ-
لىك مەنسىپىگە ئولتۇرۇشى**

گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېزىلغان
«ليۇ جىنتاڭ قول يازمىلىرى» دا ئەلىفبەگنىڭ سەرىكۇھ رايونى-
غا ھاكىمبەگ بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ،
ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ تەۋەسىدە بولغان 19 ئورۇندىكى تاجىك يېزى-
لىرىنى ۋە سەرىكوھنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى 9 ئورۇندىكى
كۆچمەن قىرغىز يېزىلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بې-
رىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەمما ئاتىسىنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ
قانداق قىلىپ 19 ئورۇندىكى تاجىك يېزىلىرىنى باشقۇرىدىغان
ھاكىمبەگ بولغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ
كىچىك ئوغلى توختەبەگ (ھازىر ھايات، داتۇڭ يېزىسىدا، دادى-
سى ھايات ۋاقتىدا كىچىك بولغاچقا كۆپ ئىشلارنى ئانچە بىلمەي-
دۇ) نىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسى ئەسلى ھازىرقى
تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسىدىن بولۇپ، قۇلچاق بەگ-
كە ئىشىك ئاغا بېگ (ئىشىك ئاغا بېگ: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان مەنسەپ نامى، ھاكىمبەگنىڭ مۇئاۋى-
نى) بولغانىكەن. ئەمما تارىخىي خاتىرىلەردە 1836 - يىلى
قۇلچاقبەگ قوقەندلىك لەشكەر قوشبېگى تەرىپىدىن قەتلى قىلى-
نىپ، سەرىكۇھ مۇسۇلمانلار دىيارى مەھكىمىسى قوقەندلىكلەر
تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا، سەرىكۇھدىكى بىر قىسىم خەلق
ئىشىك ئاغابېگ مۇھەممەد رەھىمبەگ باشچىلىقىدا داتوڭ يېزىسىغا
چېكىنىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى يېزىلغان. مۇھەممەد
كەرىمبەگنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى باباشبەگ بولۇپ، بۇ ئىسىم

تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنغان مۇھەممەد رەھىمبەگ دېگەن ئىسىم بىلەن توغرا كەلمەيدۇ. پاكىستانلىق قۇدرەتىللابېگ ئىبنى مۇھەببەتىللابېگ يازغان «ھونزانىڭ قەدىمكى ئەمىرلىرى تارىخى» دا يەنە مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا باشقىچە بىر رىۋايەت بار. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە: ھونزا ئەمىرى سەلىمخان ئىبنى خوسراۋ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سەرىكۇھ زېمىندا ئۆمەربېگ (جۇشمان كەنتىدىن ئىكەن) ھاكىمبەگ بولغان. قەلەم ئىسىملىك كىشى ئۇنىڭغا ئىشىك ئاغابېگ بولغان، قەلەم ئۆزىنىڭ قىزى خۇشھالبېكىمنى ئەمىر سەلىمخانغا ياتلىق قىلغان. قەلەمنىڭ 2 ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى باباشبەگ، بىرىنىڭ ئىسمى گۆھەر ئىكەن. (قەلەم ئۆزى تىزناپ كەنتىدىن ئىكەن). ئۆمەربېگ ۋاپاتىدىن كېيىن باباشبەگ ھاكىمبەگ بولغان. گۆھەر ئىشىك ئاغا بەگ بولغان ۋە داتۇڭ يېزىسىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ خاتىرە خېلى ئەقىلغا مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ۋاقىت جەھەتتىن ئانچە ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى تارىختا ئەمىر سەلىمخان 1766 ـ يىلى ئەمىرلىك تەختىدە ئولتۇرۇپ، 1823 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ يېزىلغان. ۋاھالەنكى 1820 ـ 1830 ـ يىللىرى سەرىكۇھدا مەمەشۇ (چۇشماندىن)، قۇلچاقبەگلەرنىڭ ھاكىمبەگ بولغانلىقى ھەققىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي يازمىلىرىدا ئېنىق خاتىرە بار. شۇڭا باباشبەگ ھاكىمبەگ بولدى دېگەندىمۇ، قۇلچاق 1836 ـ يىلى قوقەندلىكلەر تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى ئىككى رىۋايەتتىن باشقا خەلق ئارىسىدا يەنە مۇنداقمۇ بىر رىۋايەت بار.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوقەند خانلىقى دائىم سەرىـ



كۇھ رايونىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سالغانلىقتىن مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ بوۋىسى باباش بەگ داتۇڭغا كۆچۈپ بارغان. بىر قېتىم سەرىكۇھ تاش شەھىرىدە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى ئامبىلى قوقەندلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبىدىن، يەكەنگە قاچماقچى بولۇپ، داتۇڭ يېزىسىنىڭ كاندور داۋىنىدىن ئېشىپ يولدىن ئادىشىپ، شىۋىرغانغا يولۇقۇپ ئۆلۈشكە تاس قالىدۇ. شۇ يەردە چارۋا بېقىۋاتقان باباشبەگ ئامبال ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى شىۋىرغاندىن قۇتقۇزۇۋېلىپلا قالماستىن يەنە ئات، ئېشەك كىرا قىلىپ، ئۇلارنى يەكەنگىچە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئامبىلى ئۇنىڭ ساداقەتمەن پۇقرا ئىكەنلىكىدىن بەكمۇ تەسىرلىنىدۇ. كېيىن چىڭ سۇلالىسى سەرىكۇھنى قوقەند تاجاۋۇزچىلىرىدىن تارتىۋالغاندا، ھېلىقى ئامبال چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن باباشنى سەرىكۇھنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەشنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنى سەرىكۇھ مۇسۇلمانلار دىيارى مەھكىمىسىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەتكۈزىدۇ. بۇ رىۋايەت بىلەن ئەمەلىي تارىخىي ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوخشىمايدىغان جايلار بار. چۈنكى 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشتىن بۇرۇن، سەرىكۇھدا چىڭ سۇلالىسى تۇغلۇق ئەمەلدارلىرىدىن ئامبال قويمىغان. بەلكى يەرلىك ھاكىمبەگلەرنى تەيىنلەش ئارقىلىق، بۇ يىراق چېگرا رايونلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. يەنە بىرتەرەپتىن 1836 ـ يىلى قوقەندلىك لەشكەر قوشبېگى سەرىكۇھنى ئىشغال قىلىپ، ھاكىمبەگ قۇلچاقنى قەتلى قىلغان. كېيىن سەرىكۇھ خەلقى تەرىپىدىن قوقەند خانلىقىنىڭ ئادىنا قاتارلىق كاتتىباشلىرى تۇتۇلۇپ، يەكەن خان ئامبىلىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، قوقەند خانلىقىنىڭ سەرىكۇھنى ئىشغال قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە يوق. يۇقىرىقىلار

پەقەت بىرقانچە خىل رىۋايەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ، دەل تارىخىي
پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى ناتايىن. ئەمما شۇنىسى ئېنىق-
كى مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ بوۋىسى باباشبەگ ھەقىقەتەن سەرد-
كۇھ رايونىنىڭ ھاكىمبېگى بولغان. ئۇنىڭ كونكرېت ۋاقتى ۋە
قانداق بولۇپ ھاكىمبەگ بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەكمۇ، ئەمما
باباشبەگدىن تارتىپ مىنگونىڭ 15 - يىلى ياڭ زىڭشىن مۇھەممەد
كەرىمبەگنى ھاكىمبەگلىكتىن قالدۇرغانغا قەدەر سەرىكۇھنىڭ
ھاكىمبەگلىكى مۇشۇ جەمەتنىڭ قولىدا بولۇپ، ئىلگىرى - كې-
يىن 4 كىشى سەرىكۇھ ھاكىمبېگى بولغان.

## 2. ئەلىفبەگنىڭ تارىختىكى رولى

مۇھەممەد كەرىمبەگ ئەجدادلىرىدىن ئەلىفبەگدىن بۇرۇنقى
ھاكىمبەگ توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق. ئەمما ئەلىفبەگنىڭ
رولى توغرىسىدا خېلى كۆپ يازما خاتىرىلەر بار.

ئەلىفبەگنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان مەزگىلى
خوجىلار تەپرىقچىلىكى تۈپەيلىدىن پۇرسەتپەرەس ياقۇپبەگنىڭ
جەنۇبىي شىنجاڭدا يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىپ،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن زۇلمەتلىك ھۆكۈم-
رانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىلگە توغرا كەلگەن. ياقۇپبەگ قەشقەر
ۋە يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سەرىكۇھ ھاكىمبېگى
ئەلىفبەگنى ئۆزىگە ئەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەلچى
ئەۋەتىپ، ئەلىفبەگنىڭ ياش تۇل قالغان ئۆگەي ئانىسى سايرا-
خىنزونى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. دافەدار قاتارلىق كىشى-
لەر (دافەدار تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى تاشقورغان يېزا
ۋەرشىدې كەنتىدىن بولۇپ، 113 ياش ئۆمۈر كۆرگەن. ئوتتۇرا
ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆپ يىل
ساياھەتتە بولغان. خېلى يۇقىرى دىنىي ۋە تارىخىي بىلىمگە ئىگە



شەخس ئىدى) نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سايراخىنزو ئىنتايىن
چىرايلىق ھەم ئەقىللىق ئايال بولۇپ ئېرىدىن ياش تۇل قالغان.
ياقۇپبەگ ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەرىكۇھ ھاكىم-
بېگى ئەلىفبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، سايراخىنزونى يەكەنگە يەتكۈ-
زۈپ بېرىشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم سايراخىنزودەك
چىرايلىق، ئەقىللىق ئايالغا ئىگە بولۇش ھەم خەلقئارا قاتناش
تۈگۈنىگە ئورۇنلاشقان مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇن - سەرد-
كۇھنى كۈچ سەرپ قىلمايلا ئىشغال قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى
بولىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ بۇ خىل يولسىز تەلىپى ئەلىفبەگنى بەكمۇ
غەزەبلەندۈرىدۇ. ئەمما پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلد-
ۋالغان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە يىراق - ياقا چېگراغا جايلاشقان،
تاشقى ياردەمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغان سەرىكۇھ رايونى-
نىڭ ھاكىمبېگى يىگانە ھالدا تاقابىل تۇرالمايتتى. ئەلىفبەگ
ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش ئۆزىگە نېمىدىن دېرەك بېرد-
دىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، خاس مەسلىھەتچىلىرى بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، تاشقورغان تاش شەھىرىنى تاشلاپ، ۋاخان را-
يونىغا چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشنى
خالايدىغان بەگ، ئەمەلدار ۋە ياقۇپبەگنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا
قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان خەلق ئاممىسىدىن بىرقانچە 10 كى-
شىمۇ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار پەيىك دېگەن يەرگە
بارغاندا مەسلىھەتچىلىرىدىن بىر كىشى ئۇنىڭغا: «بەگ جانابلى-
رى، ياقۇپبەگنىڭ يولسىز تەلىپىدىن غەزەپلىنىپ، قۇدىلىشىش
تەلىپىنى رەت قىلىپ، كۈچ جەھەتتە ياقۇپبەگكە تەڭلىشەلمەيدى-
غانلىقلىرى سەۋەبلىك يۇرتنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدىلا،
ئەمما ياقۇپبەگ تەلەپ قويغان سايراخىنزو ۋە ئۆز ئاياللىرى يۇرتتا
قالدى. سىلى كەتكەن بىلەن ئائىلە، بالا - چاقىلىرى يەنىلا

ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ خورلۇقتا قالىدۇ. شۇڭا كەتكەندىمۇ چوقۇم ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىپ كەتكەنلىرى تۈزۈك» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. ئەلىفبەگ بۇ تەكلىپنى ئورۇنلۇق بىلىپ، خاس مەسلىھەتچىسىنى داتۇڭغا ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. سايراخىنزو قاتارلىقلار ئەلىفبەگنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، «ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ خورلۇق كۆرگىچە ئۆلگىنىمىز تۈزۈك» دەپ، خاس مەسلىھەتچىسى بەرگەن زەھەرنى يەپ ئۆلۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلىفبەگ سەركۇھتىن چىقىپ كېتىپ، ئەۋۋەل ۋاخان رايونىدا، ئاندىن قوقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا بىر قانچە يىل مۇساپىر بولۇپ ياشايدۇ.

ياقۇپبەگ ئەلىفبەگنىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكىلەردىن ھەسەنشاھنى سەركۇھنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ھەسەنشاھ 1866 - يىلى سەركۇھنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سەركۇھ خەلقى ئۈستىدە زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى باشلايدۇ. خەلقنىڭ بىر قىسمىنى پارچە يەر دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىدۇ. بىر قىسمى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئەلىفبەگنى پانا تارتىپ، بۇخارا، قوقەند قاتارلىق جايلارغا چىقىپ كېتىدۇ. بىر قىسمىنى چېرىكلىككە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ساقلايدىغان ئوق يېمى قىلىدۇ. سەركۇھ خەلقى ياقۇپبەگنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا ئون نەچچە يىل خورلۇقتا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەلىفبەگ ئۆزى گەرچە قوقەند قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان بولسىمۇ، كۆڭلى ھامان يۇرتىغا قايتىپ، بۇرۇنقى بەگلىك سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا بولىدۇ. شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى ۋەزىيىتىگە ھەر ۋاقىت يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى پانا تارتىپ،



قوقەندگە مۇساپىر بولۇپ بارغان سەركۇھ خەلقىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، قورال - ياراق غەملەپ يۇرتقا قايتىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ.

1877 - يىل ئەتىيازدا ليۇجىنتاڭ باشلىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ يىلى كۈزگىچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگنىڭ قانلىق زۇلمىدىن جاق تويغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تېز ئالغا ئىلگىرىلەپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى، قوقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئەلىفبەگ قاتارلىق سەركۇھ مۇساپىرلىرى ئارىسىدا تېز تارقىلىدۇ. ئەلىفبەگ دەرھال 1878 - يىلى قوشۇننى باشلاپ، سەركۇھ مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق تاش شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى بىت - چىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپبەگنىڭ قول چومىقى ھەسەنشاھ تېخى تاش شەھەرنى بېسىۋېلىپ ياتماقتا ئىدى. ئەلىفبەگ سەركۇھ مۇساپىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ، تىزناپ قەلئەسىگىچە كېلىدۇ. ھەسەنشاھ بىلەن ئەلىفبەگ تاش شەھەرنىڭ شىمالىدىكى شامبابا دېگەن يەردە بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. ھەسەنشاھ ئەلىفبەگنىڭ ئەسكىرى كۈچى ۋە قورال - ياراقلىرىنىڭ تاش شەھەرنى ئىشغال قىلغۇدەك قۇدرەتلىك ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ياتىدۇ. ئىككى تەرەپ شۇنداق تىركىشىپ تۇرغان پەيتتە، ھەسەنشاھ تەرىپىدىن مەجبۇرىي چېرىكلىككە تۇتۇلغان

سەركۇھ خەلقى قوقانباينىڭ باشچىلىقىدا تاش شەھەردىن چىقىپ، ئەلىفبەگ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەنشاھنىڭ ئەسكىرى كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ. ئەلىفبەگ تاش شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ. ھەسەنشاھ نائىلاج ئەلىفبەگكە تەسلىم بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسلىم بولۇشى جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن قوللانغان ئالدامچىلىق تەدبىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا جايلاردىكى چېرىكلىرىنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ساقلاشنىڭ ئامالى ئىكەن. ھەسەنشاھ ئەلىفبەگ تاش شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىغاندا چاپارمەن ئەۋەتىپ، باشقا جايلاردىكى چېرىكلىرىنى يىغماقچى بولغان بولسىمۇ، قوقانباي قاتارلىقلارنىڭ ئەلىفبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىدەك تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكتىن تەسلىم بولماي ئامالى قالمىغان. ئەلىفبەگ ئۇنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي نەزەربەند قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي ھەسەنشاھنىڭ باشقا جايدىكى چېرىكلىرى يىغىلىپ، ھەسەنشاھ ئەۋەتكەن چاپارمەننىڭ باشلىشى بىلەن تاغارما يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەلىفبەگ قوشۇن باشلاپ ئۇلارنى چېكىندۈرىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ تاغارمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى ھەسەنشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەسەنشاھنى شوش دېگەن يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەلىفبەگ سەركۇھ خەلقىنى باشلاپ، ھېچقانداق تاشقى ياردەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ياقۇپبەگنىڭ قولچومىقى ھەسەنشاھنى يوقىتىپ، سەركۇھنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

1878 - يىلى قىشتا ياقۇپبەگنىڭ مۆھۈردارى ۋە يەكەن ھاكىمبېگى بولغان مۇھەممەت يۇنۇسجان بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، تاشقورغان ئارقىلىق بەدەخشانغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن، خەتەرلىك چېچەكلىك



داۋىنىدىن ئېشىپ، سەركۇھنىڭ شىندى كەنتىگە كېلىدۇ. ئەلىفبەگ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال چېرىك باشلاپ شىندى كەنتىگە كېلىدۇ. ھەمدە بىر تەرەپتىن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، مۇھەممەت يۇنۇسجاننى بالا - چاقا، قالدى - قاتتى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تاش شەھەرگە باشلاپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن يەكەنگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، لىيۇجىنتاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يوليورۇق سورايدۇ. لىيۇجىنتاڭ ئۇنىڭ مۇھەممەت يۇنۇسجاندەك كاتتا ئەربابنى پەم بىلەن تۇتقانلىقىنى ماختايدۇ ھەمدە مۇھەممەد يۇنۇسجاننى بەدەخشانغا كېتىشكە قويماي، يەكەنگە ئېلىپ چۈشۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئەلىفبەگ يۇنۇسجاننى بالا - چاقىلىرى بىلەن قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بېرىپ، لىيۇجىنتاڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇھەممەد زەرىفى يازغان «تارىخي كاشغەر ۋە فەرغانە» دېگەن كىتابتا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلىفبەگنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا 5 - دەرىجىلىك تورنا پەيلىك ئۇتۇغات بېرىدۇ ھەمدە سەركۇھ ۋە بۇيرۇت قەبىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان باش ئوكۇردايلىق مەنسىپىنى بېرىپ، ئىلگىرى دادىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان 19 تاجىك يېزىسىنى ھەمدە سەركۇھنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى 9 ئورۇندىكى قىرغىز كۆچمەن قەبىلىلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەمما، ئەلىفبەگ شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل گەپ بار. بىرى مۇھەممەت زەرىفى يازغان «تارىخي كاشغەر ۋە فەرغانە» دېگەن كىتابتىكى خاتىرە. ئۇنىڭدا ئەلىفبەگ مۇھەممەت يۇنۇسجاننى لىيۇ جىنتاڭغا

تاپشۇرغاندىن كېيىن، «ئۆزىنىڭ قىلغان ئەھدىنى بۇزۇش، خا-
ئىنلىقلىرى ئۈچۈن زوزۇڭتاڭنىڭ سىياسەت تىغى بىلەن هايات
رىشتىسى ئۈزۈلۈپ، قېنى تۆكۈلدى. . . » دەپ يېزىلغان. ئەمما
بۇنى ئىشەنچلىك خاتىرە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەلىفبەگ
ياقۇپبەگ هاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ
سۇلالىسى تەرەپتە تۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپبەگنىڭ مۇھەم-
مەد يۇنۇسجانغا ئوخشاش كاتتا ئەمەلدارىنى تۇتۇپ (گەرچە مۇ-
ھەممەد يۇنۇسجانغا باشتا سىزنى بەدەخشانغا يولغا سالىمەن دەپ
ۋەدە قىلىپ ئالداپ، تاش شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن بە-
دەخشانغا يولغا سالماي، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە تاپشۇرغان
بولسىمۇ) چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە تاپشۇرغان تۇرسا ۋە شۇ
خىزمەتلىرى سەۋەبلىك مۇكاپاتلىنىپ، مەنسەپكە تەيىنلەنگەن
تۇرسا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۈشمىنى بولغان مۇھەممەت يۇنۇس-
جانغا قىلغان «ئەھدىنى بۇزۇش» جىنايىتى ئۈچۈن سىياسەت
تىغىدىن ئۆتكۈزۈشى زادىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ. بىزنىڭچە تاشقور-
غاندىن دافەداربەگ دېگەن كىشىنىڭ تەمىنلىگەن ماتېرىيالى ئى-
شەنچلىك ماتېرىيالدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنى-
دۇ: ئەلىفبەگ مەنسەپكە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇرۇنقى
يەكەن هاكىمبېگى، كېيىن ياقۇپبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ، ياقۇپبەگ-
نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كاتتا مەنسەپ تۇتقان، چىڭ سۇلالى-
سى قوشۇنلىرى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا يەنە ياقۇپبەگدىن
دەرهال يۈز ئۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن نىيازهاكىم-
بەگ (بەزى خاتىرىلەردە ياقۇپبەگنى كورلىدا مۇشۇ كىشى زەھەر-
لەپ ئۆلتۈرگەن دېيىلىدۇ) چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئۆزد-
گە يۇقىرى مەنسەپ بەرمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، ئەلىفبەگكە
بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش



ھەققىدە خەت يازىدۇ. لېكىن بۇ خەت ئەلىفبەگكە تەگمەي چىڭ
سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ليۇ جىنتاڭ
چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىشەھەردىكى سەركەردىسىگە ئەلىفبەگنى
يېڭىشەھەرگە چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاشنى
تاپشۇرىدۇ. بۇ سەركەردە ئەلىفبەگدىن نىياز بىلەن تىل بىرىك-
تۈرگەن دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى يېڭىشەھەرگە چاقىرتىپ قاتتىق
قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا روھى ۋە جىسمانىي
جەھەتتە قاتتىق بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ناھەق جازالانغاد-
لىقىنى هار ئېلىپ، يېڭىشەھەردە زەھەر يەپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئەلىف-
بەگ ئۆلگەندىن كېيىن ليۇجىنتاڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ
ناھەق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. شۇ
سەۋەب بىلەن گەرچە هاكىمبەگلىككە ئولتۇرۇشقا ئانچە لايىق
بولمىسىمۇ، ئىنىسى ئابدۇلھەسەنبەگنى ئەلىفبەگنىڭ ئورنىغا
سەرىكۇھنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. دافەداربەگ تەمىنلى-
گەن بۇ ماتېرىيال ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ۋە ئەقىلغا مۇۋاپىق
بولۇپ، ئۇنى راست دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلىفبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى ئابدۇلھەسەنبەگ سەرد-
كۇھنىڭ هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگىچە، سەرىكۇھدا بىر مەزگىل
هاكىمبەگ بولمىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. ئەمما، چىڭ سۇلالى-
سى تېزلىكتە ئابدۇلھەسەنبەگنى سەرىكۇھنىڭ هاكىمبەگلىكىگە
تەيىنلەش پەرمانى چۈشۈرىدۇ.

## 3. ئابدۇلھەسەنبەگ مەنسەپكە ئولتۇرغان مەزگىل-
## دىكى ۋەقەلەر

ئابدۇلھەسەنبەگ مۇشۇ جەمەتتىكى هاكىمبەگ بولغانلار ئارد-
سىدىكى خىزمەت، تۆھپىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولمىغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى تەكەببۇر، خەلققە ۋە دۆلەتكە بىرەر ياخشى

ئش قىلىش قولىدىن كەلمىگەن بىر شەخس دېيىشكە بولىدۇ.
ئابدۇلھەسەنبەگ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىپ، 1879 ـ يىلى ياز
ۋە كۈز ئارىلىقىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا پىتىراپ يۈرگەن بىر توپ
ياقۇپبەگ قالدۇقلىرى باخشى بەردارنىڭ باشچىلىقىدا 3000 دىن
ئارتۇق ئادەم توپلاپ سەرىكۇھقا باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ
مەقسىتى سەرىكۇھنى ئىشغال قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇنى ئىشغال قىلىش
ئىدى. بۇ باندىتلار ئاۋۋال سۇ بېشىغا (بۇ جاي ھازىر ئاقتۇ
ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل يېزىسىغا قارايدۇ) باستۇرۇپ كىرىپ،
ئاندىن تاش شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلھە-
سەنبەگ گەرچە ھاكىمبەگ بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا مۇد-
داق زور دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىدەك ئىقتىدار ۋە جاسارەت يوق
ئىدى. شۇ سەۋەبتىن باخشى بەردار سەرىكۇھنى ئۇرۇش قىلماي
ئىشغال قىلىش كويىدا تاش شەھەرگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. تاش
شەھەر ئىچىدە ئارباپبەگ مىربابا قاتارلىق كىشىلەر مەسلىھەتلى-
شىپ، ئاۋۋال باخشى بەردارنى تەكلىپ قىلىپ، ئايرىم تاش
شەھەرگە ئەكىلىپ، پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇپ، باخشى بەردارنى
يوق قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىشنى قارار قىلىدۇ ۋە باخشى
بەردارنى تاش شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ، يۇرت ئاقساقاللىرى
ئالدىغا چىقماقچى بولىدۇ. قوقانباي، سۇلايمان خوجا قاتارلىق
بىرقانچە 10 كىشى تاش شەھەر يېنىدىكى شاھ ئەۋلىيا دېگەن
يەردە پىستىرمىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. باخشى بەردار سەرىكۇھ
ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالماقچى بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ كۆرەڭلەپ، لەشكەرلىرىنى شامبابا دېگەن يەرگە ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، ئۆزى 50 نەچچە ئادىمى بىلەنلا تاش شەھەرگە قاراپ
ئات سالىدۇ. مىربابا قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرى ئۇلارنىڭ ئال-



دىغا چىقىپ، ئۇلارنى پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەرگە باشلاپ
چىقىدۇ. سۇلايمان خوجا باخشى بەردارنى ئېتىپ سۆرەپ چۈشۈ-
رىدۇ. قوقانباي ئۇنى دەرھال ئاتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا باخ-
شى بەردارغا ئوق تەگكەندە ئۇ يەردىن توپا ئېلىپ، «دۇنياغا
تويمىغان كۆز، ئەمدى توپىغا توي» دەپ كۆزىگە توپا چاچقاند-
كەن. باخشى بەردار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پىستىرمىدىكى سە-
رىكۇھ خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا بىراقلا ئوت ئاچىدۇ. باخشى بەردار
باشلاپ كەلگەن 50 نەچچە كىشىدىن نۇرغۇنى شۇ يەردىلا ئۆلىدۇ.
قاچقانلىرى ئۆز قوشۇنلىرى قارارگاھىغا بېرىپ، پىستىرمىغا
دۇچ كېلىپ، باخشى بەردارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ.
غەزەپلەنگەن دۈشمەن تاش شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ.
سەرىكۇھ خەلقى ئازغىنە كۈچ بىلەن شەھەرنى قوغدايدۇ. 7 كېچە
ـ كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ بولىدۇ. جىددىي پەيتتە لىيۇجىنتاڭ
قوشۇن ئەۋەتىپ، شەھەرنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. دۈشمەن
شىمالغا قاچقان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
قوغلاپ يوقىتىلىدۇ.

ئابدۇلھەسەنبەگ سەرىكۇھنىڭ ھاكىمبېگى بولغان مەزگىلدە
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۇھدا مۇھىم ئىككى تەدبىر
قوللىنىدۇ. بىرى 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلى-
دۇ. سەرىكۇھدا يۆتكەش ـ توشۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىپ،
ئۇنىڭغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇغلۇق ئەمەلدارلىرىدىن ئامبال قو-
يىدۇ. بۇ ئىدارە يەرلىك ئامانلىق ساقلاش ۋە ھەربىيلەرنىڭ
ئاشلىق تەمىناتىنى توشۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. يەنە
بىرى ھەرقايسى مۇھىم چېگرا ئورۇنلىرىدا قاراۋۇلخانا تەسىس
قىلىپ، چېگرانى ساقلاشقا مۇنتىزىم قوشۇن ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
ئۆلكە تەسىس قىلىنغان، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان

بولسمۇ، سەرىكۇھدا ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ،
رولى ۋە ھوقۇقى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ كىچىكلەپ، تۇغلۇق
ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئا-
دەتتىكى باج يىغىش ۋە باشقا خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان
بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇلھەسەنبەگ ئۆزى تەكەببۇر،
زالىم بولغاچقا ۋە ياشىنىپ نىرۋىسىدىن ئاداشقان بولغاچقا،
1892 - يىلى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ چىكىنىدۇ.

## 4. مۇھەممەد كەرىمبەگنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىن-لىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى رولى

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئابدۇلھەسەنبەگ 1892 - يىلى
ھاكىمبەگلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، چىڭ
سۇلالىسى دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت كەرىمنى ھاكىم-
بەگلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا 5 - دەرىجىلىك ئوتۇغات بېرىدۇ.
مۇھەممەت كەرىمبەگ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن
كېيىن، ئومۇمي جەھەتتىن تۇغلۇق ئەمەلدارىنىڭ بۇيرۇقىغا
بوسۇنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان، ئور-
دىغا سادىق بولغانلىقى، ئامبال بىلەن ئەپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن،
تېزلىكتە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچى-
دىكى تەسىرىگە قاراپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلى-
كىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلىغان. مەسىلەن:
گۇاڭشۈنىڭ 21 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى يەكەن ئايماق
بېگىنىڭ يارلىقىدا: «ئايمىقىمىز سىلەر يوللىغان ئىلتىماسقا
ئاساسەن، مەزكۇر ھاكىمبەگكە 4 - دەرىجىلىك ئوتۇغات كەيدۇ-
رۇشنى تەستىقلىدى» دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 24 - يىلى
ئۇنىڭغا ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن 400 سەر كۈمۈش ئىنئام قىل-
غان. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھاكىمبەگلەر ھەممىسى قەدىم-



كى تاش شەھەر ئىچىدىكى كونا يامۇلدا تۇرغان. بۇ يامۇل ناھايى-
تى قەدىمكى يامۇل بولۇپ، ئىچىدىكى ئىمارەتلىرى بەكمۇ كونى-
راپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ تاش سېپىلى بۇزۇل-
غان. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن ئاھالىلەر
شۇنىڭغا يېقىن يەردىكى يېزا - كەنتلەرگە كۆچۈپ چىققانلىقتىن
شەھەر چۆلدەرەپ قالغان. شۇڭا مۇھەممەت كەرىمبەگ ئىمارەتنى
تاش شەھەر ئىچىگە قۇرماي، ئۇنىڭ جەنۇبىدىن 500 - 600
مېتىر يىراقلىقتىكى چىمەنلىك ئوتلاق يېنىغا سالغان. بۇ ئىما-
رەت ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. 1902 - يىلى ياپونىيە ئېكس-
پېدىتسىيىچىسى داگوگۇاڭرۇي مۇشۇ مەھكىمىدە مۇھەممەت كە-
رىمبەگ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە شۇ يەردە مېھمان بولغان. ئۇنىڭ
بوي تۇرقى ۋە سالاپىتى داگوگۇاڭرۇيدا خېلى ياخشى تەسىر قال-
دۇرغان. داگوگۇاڭرۇينىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا شۇ ۋاقىتتا
مۇھەممەت كەرىمبەگنىڭ ئىش ھەققى 30 سەر كۈمۈش ئىكەن.
بۇ شۇ ۋاقىتتا خېلى يۇقىرى ئىش ھەققى ھېسابلىنىدۇ. گۇاڭشۇ-
نىڭ 30 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى يەنە ئۆستۈ-
رۈپ، ئۇنىڭغا 3 - دەرىجىلىك ئوتۇغات كەيدۈرگەن. چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى شۇنچە ئەتىۋارلىشى بىرتەرەپتىن ئۇ-
نىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سەمىمىي، سادىقلىق بىلەن
خىزمەت قىلغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گەرچە ئۇنىڭ
ھوقۇق دائىرىسى تارايغان (ئۈستىگە ئامبال قويۇلغان)، باشقۇ-
رۇش دائىرىسىمۇ تارايغان (سەرىكۇھ تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى
ئەسلىدىكى سەرىكۇھ مەھكىمىسىگە قارايدىغان 28 مىڭ كۋادرات
كىلومېتىر زېمىننى چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالغان) بولسىمۇ،
ئەمما رولىنى يەنىلا سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ پامىر رايونىدىكى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى

چېگرا لىنىيىسى بەك ئۇزۇن، چېگرا مۇداپىئە ئەسكىرى كۆچى
بەك ئاز بولغاچقا، شۇنچە ئۇزۇن چېگرا لىنىيىسىنى مۇداپىئە
قىلىشتا يەنىلا يەرلىك خەلققە تايىنىش زۆرۈر ئىدى. بۇ زۆرۈر-
يەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھەممەت كەرىمبەگنى ئەتى-
ۋارلىشى ۋە ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئەمەل، مەنسەپ ئىنئام قىلىشى-
نىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئىدى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلى-
رىدا ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، پەقەت سەرىكۇھدىلا
ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ قالغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئىدى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەرىكۇھدا قوللانغان بۇ سىياستى ھەقىقەتەن
ئۈنۈملۈك بولغان. مەشھۇر ساياھەتچى ئاۋرېل ستېيىن 1900
ـ يىلى سەرىكۇھقا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ
جەھەتتىكى سىياستىنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلى-
قىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولغان. ھەمدە «بۇ مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىكتىكى بارلىق ئىشلارنى شۇ
يەردىكى مۆتىۋەرلەر ۋە كەنت باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىشتەك ئاقىل تەدبىر قوللانغانلىقىدىن بولغان» دەپ
كۆرسەتكەن. مۇھەممەت كەرىمبەگنىڭ ئۆزىمۇ ھاكىمبەگلىك
مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خىزمەتنى سەمىمىي ـ سادىق-
لىق بىلەن ئىشلەپ، ئامبال بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا رايوننى قوغداشتا قوللانغان تەد-
بىرلىرىنى بىجانىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. ھازىرقى تەكشۈرۈلگەن
ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مۇنداق بىرقانچە ئىشتا مۇھەممەد كە-
رىمبەگ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىغا يارىغىدەك ئىشلارنى قىل-
غان:
1. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1902 ـ يىلى سەرىكۇھ
يۆتكەش ـ توشۇش ئىدارىسىنى پۇلى مۇداپىئە ـ ھۆكۈم شۆبە



ۋازارىتىگە ئۆزگەرتىپ، جاڭ شاۋبو دېگەن كىشىنى بۇ ۋازارەت-
نىڭ تۇنجى باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. مۇھەممەد كەرىمبەگ ئۇ-
نىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلاشقان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاس-
تىدا يەرلىك خەلقنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ
ـ ياساق، باج ـ سېلىقنى زور دەرىجىدە ئازايتقان. جاڭ شاۋبو
سەرىكۇھقا چىقىپ، سەرىكۇھ خەلقىگە چىقارغان تۇنجى ئېلانىدا
خەلقنىڭ باج سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا
ئالغان. بۇ نۇقتىنى ستېيىن بۇ يەردىن ئۆتكەندىمۇ ھېس قىلغان
ھەمدە ئۆزىنىڭ «خوتەننىڭ قۇم ئاستىدىكى خارابىيلىرى» ناملىق
ئەسىرىدە بۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. يېنىك باج سىياستى
چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ئوب-
دان مۇھىت يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلغان. مۇھەممەت كەرىمبەگ بۇ سىياسەتنىڭ ئاك-
تىپ ئىجراچىسى بولغان.
2. چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشقا خەلقنى ئاكتىپ سەپەر-
ۋەر قىلغان. يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ
چېگرادا تۇرغۇزغان ئەسكىرى كۈچى بەك ئاز بولغاچقا، چېگرا
مۇداپىئە ۋەزىپىسى مۇقەررەر ھالدا يەرلىك خەلق ئۈستىگە چۈش-
كەن. ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى داگوگۇاڭرۇي چىڭ سۇلالى-
سىنىڭ تاشقورغان قاراۋۇلخانىسىدا 10 نەچچە ئەسكىرى تۇرغۇز-
لىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا زادىلا يارىمايدىغانلىقىنى يا-
زىدۇ. ستېيىنمۇ «سەرىكۇھدا تۇرغان ئازغىنە ئوفىتسېر ۋە
ئۇلار قوماندانلىق قىلغان ئەسكىرى كۈچ ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە
رول ئوينىيالمايدۇ» دەپ يازىدۇ. چاررۇسىيە پامىرنى ئىشغال
قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ ھىندىستان-

دىكى مەنپەئىتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ،
1881 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كەنجۇتنى ئىشغال قىلغانىدى. 1895
ـ يىلى چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە لوندوندا پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىش
ھەققىدە شەرتنامە ئىمزالىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ
ئىككى جاھانگىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىمزالىغان بۇنداق شەرتنا-
مىسىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما شەكىللىنىپ
بولغان بۇ ئەمەلىي پاكىتنى ئۆزگەرتكىدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە
ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا قالغان زېمىنلارنى
قانداق بولمىسۇن قوغدىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مەقسەتتە 1896
ـ يىلى سەرىكۇھ رايونىدا تاجىك، قىرغىز ياشلىرىدىن «سوييۇەن
مۇسۇلمانلار ئەترىتى» تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا چېگرادا تۇ-
رۇشلۇق تۇغلۇق ئەمەلدار باش ھەربىي قوماندان، مۇھەممەد
كەرىمبەگ باش قاراۋۇل بولىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى چېگرا لىنىيە-
لىرىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلىشىپ ھەم ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىدۇ
ھەم چېگرىنى ساقلايدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلى-
كى ھونزانى (كەنجۇت)، تاشقورغاننىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى
پەيىك جىلغىسىدىن يۇقىرى رايونلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا،
تاشقورغاننىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدىكى راسكامنى تېرىقچىلىق قى-
لىش ئۈچۈن ئۆتنە ئېلىش باھانىسىدا ئىشغال قىلىۋېلىشقا كۈش-
كۈرتىدۇ. چارروسىيە بۇنى ئاڭلاپ چىڭ سۇلالىسىغا تاغارمىنى
ئۆتۈنۈپ بېرىش يولسىز تەلىپىنى قويىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا
مۇھەممەد كەرىمبەگ ئامبالغا ياردەملىشىپ بۇ جايلارغا ئاھالە
يۆتكەپ، چارۋا بېقىش، تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە
چېگرا ساقلاشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. 1895 ـ يىلى مەرياڭ قاتارلىق
جايلاردىن راسكامغا 64 ئۆيلۈك چارۋىچىنى كۆچۈرىدۇ. ئۇلار ئۇ
يەردە بىنام ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلغاچ چېگرا ساقلايدۇ. 1898



ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق «ساياھەت ئىشلىرى
ئەمەلدارى» ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى خەت ـ ئالاقە
توشۇشنى باھانە قىلىپ، تاشقورغاندا پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرى-
دۇ. 1900 ـ يىلى ئەنگلىيە قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرغاندا، بۇ
ۋاكالەتخانا كونسۇلخانا قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. چارروسىيە بۇنى
كۆرۈپ، ئۇمۇ تاشقورغاندا بىر پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇپ،
ئۇنى قوغداش ئۈچۈن بىر نەپەر ھەربىي ئەمەلدار 5 نەپەر ئەسكەر
تۇرغۇزىدۇ. كېيىن ئەسكىرىنى 12 كىشىگە كۆپەيتىدۇ. ئەنگلى-
يىمۇ 16 نەپەر ئەسكەر ئەۋەتىپ، پوچتا ۋاكالەتخانىسىنى قوغدى-
تىدۇ. (بۇ ئىككى جاھانگىر چوڭ دۆلەت تاشقورغاندا قۇرغان
پوچتا ۋاكالەتخانىسى تاشقورغان كونا بازىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال
ئىككى يېنىدىكى ئىككى دۆڭدە بولۇپ، ئەنگلىيە پوچتا ۋاكالەتخا-
نىسى گازارمىسى بۇرۇنلا بۇزۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىدا ھازىر
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت
بىناسى بار. روسىيە قۇرغان گازارمىغا ئۇلاپ، 1938 ـ يىلى
شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تاشقورغان چېگرا مۇداپىئە
چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى خوجيەن (كوممۇنىست) ۋە زەمىر
(تاجىك) لەر ھەربىي گازارما سالغان (خارابىسى ھازىرمۇ
بار). قىسقىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چارروسىيە،
ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا پامىردا شۇ ۋاقىتتا قوراللىق توقۇنۇش يۈز
بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چېگرا ۋەزىيىتى بەكمۇ جىددىي بو-
لۇپ، بىخەستەلىك قىلىنسا توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئى-
دى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ئۇلار بىلەن ھەربىي
كۈچ جەھەتتە تاقابىل تۇرغىدەك قۇدرەت يوق ئىدى. شۇڭا بۇ
جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىككىلىسىنى رەنجىتىپ قويۇشقا بولمايت-
تى. مۇھەممەت كەرىمبەگ بۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا

ئەنئەنۋى قوغدىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، هونزا تەرەپ بىلەن
بولغان جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتمەكچى بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت هونزا ئەمىرلىرى بىلەن سەرىكۇھ ھا-
كىمبەگلىرى ئوتتۇرىسىدا هونزا ئەمىرى سەلىمخان (1735 ـ
يىلدىن 1823 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدىن باشلانغان دېيىلىدۇ. مۇ-
ھەممەت كەرىمبەگمۇ مۇشۇ ئادەت بويىچە ئەمىر نەزىمخان بىلەن
قۇدىلىشىپ، نەزىمخاننىڭ ئانا بۆلەك سىڭلىسى ئەشرەفىي (ئەش-
رەفىي ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى سەلىمخان مۇھەممەت كەرىمبەگنىڭ
بوۋىسى باباشبەگنىڭ قىزى شاھبانودىن تۇغۇلغانىكەن، شاھبانو
باباشبەگنىڭ قىزى بولۇپ، نەزىمخاننىڭ دادىسى غەزەنخانغا ياتلىق قىلىنغانىكەن) نى نىكاھىغا ئالىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ قىزىنى
نەزىمخاننىڭ ئوغلى جامالخانغا ياتلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق
قۇدىلىشىش سىياسىتى هونزا بىلەن سەرىكۇھ ئوتتۇرىسىدىكى
جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالدىدا كۆرسەتكەن مۇھىم خىزمەتلى-
رىدىن بىرى.

3. چارروسىيىنىڭ پامىردىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ،
قېچىپ كەلگەن ئاھالىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
ئۇلارنى ھەرقايسى جايلاردا بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز بەرپا قىلىش،
ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىش ياكى
چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى ئەتراپىدا چارۋا باقتۇرۇپ، چېگرا ساقلاشقا
ئۇيۇشتۇرىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا 1892 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى
يېرىم يىلىدا ئاقتاش (چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالغان پامىردىكى
بىر ئوتلاقنىڭ نامى) تەرەپتىن 120 ئۆيلۈك چارۋىچى تاغدومباش
پامىر تەرەپكە كۆچۈپ كەلگەن. 1895 ـ يىلى يەنە 100 ئۆيلۈك
چارۋىچى ئىستىق ئەتراپىدىن تاغدۇمباش پامىرى ۋە تاغارمىغا



كۆچۈپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى-
نى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا، بەزىلىرىنى
چېگرا قاراۋۇللىرى ئەتراپىدا چارۋا بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
ھاكىمبەگ ئۇلارنى ھۆكۈمەت بەرگەن ئۇرۇق، ئوزۇقلۇق ئاش-
لىق، قوش، كالا قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ ياكى قەرزگە
بېرىدۇ.

4. خەلقنى دەرەخ تىكىشكە كەڭ تەشەببۇس قىلىدۇ. جاڭ
شاۋبونىڭ پۇلى خەلققە چىقارغان تۇنجى ئېلانىدا باشقا مەزمۇنلار-
دىن تاشقىرى يەنە كىمكى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ۋە ئېتىز
ـ ئېرىق قىرلىرىغا مىڭ تۇپ دەرەخ تىكىپ، ئۆزىگە مەلۇم
قىلسا، شۇ كىشىگە شاڭ (مۇكاپات) بېرىدىغانلىقىنىمۇ يازغان.
ھاكىمبەگ بولسا بۇ تەدبىرنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كونك-
رېت مەسئۇل بولغان.

*　　　*　　　*

ئومۇمەن مۇھەممەت كەرىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى سەرد-
كۇھدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر
بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاچ-
قا، ئوردا ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر سەمىمىي ـ ساداقەتمەنلىك
بىلەن خىزمەت قىلغان. ئۇلار پادىشاھقا سادىق بولۇش ئۈچۈن
بىجاندىل خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئالىي بۇرچى ھېسابلىغان.
ۋەتەنگە، يۇرتقا بولغان ساداقەتمەنلىك بىلەن پادىشاھقا بولغان
ساداقەتمەنلىكنى بىر ئىش دەپ بىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ ۋاقىت-
تا ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سەمىمىي ـ سادىق بولغان-
دىلا ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەنسىپى ۋە خەلق ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلى-
قىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان
بىلگەن. مانا مۇشۇنداق ئەقىدە بويىچە ئۇلار تاجاۋۇزچىلارغا قار-

شى كۇرەش قىلىش، چېگرانىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن
جانپىدالىق كۆرسىتىپ، يۇرت ـ ماكانىنى ساقلاش ئۈچۈن خېلى
زور خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن چىڭ سۇلالىسى ئوردد-
سى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تارتۇقلانغان. مەنسىپى ئۆستۈرۈل-
گەن. ئۇلار بۇ جەھەتتە زامان تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپە ـ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈ-
رۇشكە بولىدۇ.

ئەمما، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ-
نىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلاردا شۇ سىنىپنىڭ ئاڭ ـ پىكرى،
مەيدانى بولۇشى تەبىئىي ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا مەيلى
ئەلىفبەگ، ئابدۇلھەسەنبەگ ياكى مۇھەممەد كەرىمبەگ بولسۇن
خەلققە بولغان پوزىتسىيىسى جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ
نىسبەتەن ھاكاۋۇر، زالىم ئىدى. ئەلىفبەگ بىلەن مەشھۇر «تەي-
غون» داستانىنىڭ مۇئەللىپى، شائىر دەلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇن-
داق بىر ھېكايە ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقىنى، خەلق نەزىرىدىن چۈش-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. دەلى ئەسلى خۇشئاۋاز،
قوشاقچى، ھاپىز كىشى بولغاچقا، ئەلىفبەگ ئۇنى ئۆزى خاس
نۆكەر قىلىپ، يېنىدىن ئايرىمىغان. ھەسەنشاھ سەرىكۇھنى
ئىشغال قىلغاندا، دەلى ئەلىفبەگ بىلەن قېچىشقا ئۈلگۈرمىگەنلى-
كى ئۈچۈن، ھەسەنشاھمۇ ئۇنى چېرىكلىككە تۇتۇۋېلىپ ئىشقا
سالغان. كېيىن ئەلىفبەگ قايتىپ كەلگەندە ئۇ قوقانباي، سالماد-
لار بىلەن بىرلىكتە ئەلىفبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ، ھەسەنشاھ بىلەن
ئۇرۇش قىلغان ۋە تاش شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا خىزمەت كۆر-
سەتكەن. ئەمما ئەلىفبەگ ئۇنى تارتۇقلاش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى
«سەن ھەسەنشاھ ئۈچۈن ھاپىزلىق قىلىپ، ماڭا خائىنلىق قىل-
دىڭ، دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. خۇددى



شائىر داستاندا كۆرسەتكەندەك:

«تەيغۇنۇم بولۇپسەن بوغرىدەك مەستان،
پوستۇڭغا كىرگەچكە ئىبزىتقۇ ـ شەيتان» دېگەندەك ئىش
بولغان.

كېيىن شائىر بەلدىر يېزىسىدىكى ئەلىفبەگ ئۈچۈن ئۆتكۈ-
زۈلگەن بىر بەزمىدە «تەيغۇن» داستانىدىن پارچىلارنى ئوقۇپ،
ئۇنىڭدىن قۇلچاقبەگدەك خەلققە، دوستلارغا مېھرىبان، سادىق
بولۇشنى، «ئىبزىتقۇ ـ شەيتان» ۋەسۋەسىسى بىلەن گۇمانخورلۇق
قىلىپ، ئەلنى، دوستنى قاقشاتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نۇر-
غۇن خەلق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ شائىرنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. ئە-
لىفبەگ گەرچە شائىرنىڭ خۇنىدىن كەچكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنى
2 ـ قېتىم خاس نۆكەرلىككە قوبۇل قىلىشقا زادى ئۇنىمايدۇ.
ئەلىفبەگنىڭ زالىملىقى، گۇمانخورلۇقى «تەيغۇن» داستانىدا
قۇلچاق بىلەن ئەلىفبەگ ئىككىسىنى روشەن سېلىشتۇرما قى-
لىپ، ئەلىفبەگكە نەسىھەت قىلغان مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ:

مەرد بولساڭ بولغىنسەن بوۋاڭدەك ئوغلان①
ئۆز ئانا يۇرتۇڭغا بول سەن مېھرىبان.
يۇرت ساڭا ئانىدۇر، سۈت بېرىپ باققان،
پەرزىڭ شۇ، يۇرت ئۈچۈن پىدا قىلساڭ جان.
نەسىھەت شۇ ساڭا، قالما ھېچ ھەيران،
خەلقىڭدىن ئايرىلما بولما دۆت ـ نادان.
خەلق بىلەن ياشىساڭ، كۆنۈڭ نۇرئەپشان،
خەلق ساڭا يار دېمەك قۇچتۇڭ شەرەپشان.

① قولچاق بەگنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋران ئەزەلدىن ئۆتكۈنچى دەۋران،
سىپاھىلىق، بەگلىكنىڭ ۋاقىتلىق ھامان.
بىلسەڭ دوست بولىدۇ دەردىڭگە دەرمان،
قاقشاتما دوستۇڭنى بولۇپ بەدگۇمان.
ھەمدەم يوق دېمەك سەن تەنها، يالغۇزجان،
يالغۇز ئات چاپسىمۇ، چىقارماس توزان.
يارسىز مەرد جاھاندا بىنام،①
ئاپتاپ نۇر چاچىدۇ، تارقىسا تۇمان،
تونۇرغا خام ياقساڭ پىشىپ چىقار نان،
سەبرى قىل ئاخىرى يېشىلار گۇمان.»

ئەلىفبەگكە قارىغاندا ئابدۇلھەسەنبەگ تېخىمۇ زالىم، تەكەب-
بۇر بولۇپ، ئۆزىگە «يانچى» قىلىپ بېرىلگەن خەلقنى زار قاق-
شاتقان. ئۇنىڭ كىچىك تۇڭلۇق خىزمەتچىسىنى بوغۇزلاپ ئۆل-
تۈرگەنلىكى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت بولۇپ كەڭ تارقالغان.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھاكىمبەگ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر
قېتىملىق توي مەرىكىسىدە بۇ خىزمەتچىنىڭ قىزى چىرايلىق
كىيىنىپ، بەگ قىزلىرى بىلەن بىرگە ئوينايدۇ. بۇ قىز تەبىئىي
گۈزەل، چىرايلىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيگەن يېڭى
كىيىملىرى ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈ-
ۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ھەدەپ ماختايدۇ. بەگ قىزلى-
رى كىيىم - كېچەك جەھەتتە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن
تۇرسىمۇ، ئەمما چىراي - ھۆسنى ئۇنچىلىك چىرايلىق بولمىغاچ-
قا، ئۇنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالىدۇ. بۇنى سەبى قىزلار بىلمىسى-
مۇ، ئەمما بەگ ئۇنىڭدىن بەكمۇ نوموس قىلىدۇ. شۇڭا ھېلىقى

① نامسىز.



گۈزەل قىزنىڭ دادىسىنى قازناق ئۆيگە چاقىرىپ، «سەن نېمە
ئۈچۈن قىزىڭنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ، بەگ قىزلىرى بىلەن
بىر يەردە ئويناشقا يول قويۇپ، بەگ قىزلىرىنى يەرگە قارىتى-
سەن؟» دەپ، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇزلىۋېتىدۇ. بۇ ئىش خەلق
ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ غولغۇلا - نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ. ئەمما
ئۆلگەن ئادەم بەگ ئائىلىسىنىڭ «يانچىسى» بولۇپ، نوپۇسى بەگ
ئائىلىسى بىلەن چېتىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئائىلىسى چىڭ سۇلالى-
سى دائىرىلىرىگە ئەرزىنى ئاقتۇرالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ چىڭ سۇ-
لالىسى دائىرىلىرى ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئابدۇل-
ھەسەنبەگنى «كېسەل بولۇپ، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قاپتۇ» دەپ
ھاكىمبەگلىكتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئوغلى مۇھەممەت كەرىم-
بەگنى ھاكىم بەگلىككە تەيىنلەيدۇ.

مۇھەممەت كەرىمبەگ ئاتىسىغا قارىغاندا كىشىلەرگە سى-
لىق، سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئەمما مال -
دۇنياغا كەلگەندە ئاچكۆز، تويماس روھى دۇنياسىنى تولۇق ئىپا-
دىلەيدۇ. ئۇ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى بىلەن ھەمنەپەس بو-
لۇپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قى-
لىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيا توپلىغان. ئۇنىڭ داتۇڭ يېزىسى،
دامىسىر ۋە باشقا جايلاردا نۇرغۇن يەر - زېمىن، دەل دەرەخلىرى
بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە «ئۆي - ئىمارەتلى-
رىم كونا، ھاكىمبەگكە ماس كەلمەيدۇ» دەپ دائىم قاقشايدۇ.
شۇڭا 1898 - يىلى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئۆي
- ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن 400 سەر كۈمۈش بېرىدۇ. ئۇ داتۇڭ
ۋە تاشقورغاندا كاتتا ئۆي - ئىمارەت سېلىۋالىدۇ. سەرىكۇھدا
ئامبال تەيىنلىنىپ، ھاكىمبەگنىڭ رولى كىچىكلىگەنلىكى ئۈ-
چۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ مائاشىنى كېيىن ھەر

ئايلىقى 12 سەر كۈمۈشكە چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ قاتتىق نارازى بولۇپ، تۈرمۈشۈمنى قامداشقا ئامالسىز قالدىم دەپ قاقشايدۇ. ھەتتا خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىمەن دەپ تەھدىت سالىدۇ. 1904 - يىلى ئامبال ئۇنىڭغا مائاشىنىڭ سىرتىدا يەنە ئايلىقى 6 سەردىن تۈرمۈش ياردەم پۇلى بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قايىل بولماي «يانچى» لارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا كىچىك تۇڭ ئاھالىلىرى مېنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم، ماڭا ھەقسىز خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، دەپ يالغان سۆزلەپ ئەسلىدىكى 20 ئائىلە يانچى سانىنى 40 ئائىلىگە كۆپەيتىۋالىدۇ. بۇ يانچىلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالار نوپۇسىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، ھاكىمبەگ ئائىلىسىگە چېتىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نوپۇسى بولغاچقا، ئەرز - دەۋا ئىشلىرى بولسىمۇ ئۇنى ھېچكىم سورىمايدۇ. بارلىق ئىشلىرى ھاكىمبەگنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. مۇنداق ھالەت مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلىدۇ. 1912 - يىلى پۇلى شۆبە زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۇلى ناھىيىسى قۇرۇلىدۇ. ئەمما بۇنداق غەيرى رەسمى ھاكىم - ھاكىمبەگ يەنىلا 10 نەچچە يىل ساقلىنىپ قالىدۇ. 1926 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «يانچى» لارنىڭ ۋە سەرىكۇھ خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ئاستىدا ئاندىن بۇيرۇق چىقىرىپ «ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى» ۋە «يانچى» تۈزۈمىنى مەڭگۈ بىكار قىلىدۇ. ھەمدە كىچىك تۇڭدىكى يانچىلارغا نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

مۇھەممەت كەرىمبەگنىڭ ئاچكۆزلىكى ھەققىدە مۇنداق بىر كىچىككىنە ھېكايە تارقالغان. مۇھەممەت كەرىمبەگ تاشقورغاندا كاتتا ئۆي - ئىمارەت سالغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ، پۇل



- دۇنيا توپلاش كويىدا، تاشقۇرغان دەرياسىنىڭ سۈيىدە بىر سۇ تۈگمىنى ياسىتىدۇ. كىشىلەر بۇنى «بەگ تۈگمىنى» دەپ ئاتايدۇ. بىر كۈنى ئۇ تاشقورغان ۋەرشىدى كەنتىنىڭ شائىيوسى رەھمانقۇل بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئۆزىنى ماختاپ: «مەن سىلەر ۋەرشىدى خەلقى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلدىم. تاشقورغان سۈيىدە بىر تۈگمەن ياساتتىم. ئەمدى ئۇن تارتىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇڭلار» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ قانداقتۇ خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئەمەس، بەلكى تۈگمەن ھەققى يىغىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەن شائىيو: «ناھايىتى ياخشى ئىش قىپتىلا بېگىم، رەفىي ئۈچۈن ئازغىنە تۈزنىمۇ قويماي، ئۇنىمۇ تارتىۋاپلا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىشمۇ بولامدۇ؟» دەپ جايىدا جاۋاب بېرىدۇ (رەفىي شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغاندىكى بىر تۈگمەنچىنىڭ ئىسمى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سىز شۇنچىلىك مال - دۇنياغا تويماي، بىر تۈگمەنچىنىڭ رىسقىغىمۇ توپا چاچىسىز دېگەنلىك بولىدۇ). يۇقىرىدىكى ھېكايە گەرچە كىچىككىنە بىر ھېكايە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ھاكىمبەگلەرنىڭ ئاچكۆز، تويماس ماھىيىتى تولۇق ئېچىپ تاشلانغان.

(«تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - توپلامدىن ئېلىندى)

# فۇجىن نىيازخېنىم ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە

ئىبراھىم ئەلقەم

فۇجىن نىياز خېنىم يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن بولۇپ، نىياز ھېكىم بەگنىڭ 5 - ئەۋلادى. نىياز ھېكىم بەگ شايار ناھىيە قايلور يېزا ئوردا باشلام كەنتلىك بولۇپ، ئانا جەمەتى قايلور دۇشەنبە بازارلىق ئىدى. ئۇ كىشى ھىجرىيە 1138 - يىلى (مىلادى 1726 - يىل) دىن ھىجرىيە 1210 - يىل (مىلادى 1796 - يىل) لىرىغىچە ياشىغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا كۇچا، شايارلارغا قوشۇمچە ھېكىم بەگ بولغان.

نىياز ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى قادىر ھېكىم بولۇپ، بۇ ئادەم ھىجرىيە 1256 - يىل (مىلادى 1841 - يىل) لىرىدىن ھىجرىيە 1289 - يىل (مىلادى 1872 - يىل) لىرىغىچە كۇچادا تۇرۇپ شايار ناھىيىسىگە ھېكىم بولۇپ دەۋر سۈرگەن.

قادىر ھېكىمنىڭ ئوغلى ئابلا ھېكىم بولۇپ، بۇ كىشى ھىجرىيە 1289 - يىل (مىلادى 1872 - يىل) لىرىدىن ھىجرىيە 1300 - يىل (مىلادى 1880 - يىل) لىرىغىچە شايار ناھىيىسىگە ھېكىم بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەن.

ئابلا ھېكىمنىڭ ئوغلى سايىم خوجا بولۇپ، بۇ كىشى 1901- يىلىدىن 1905 - يىلىغىچە ئاۋات ناھىيىسىگە ھېكىم



بولغان. سايىم خوجا دەل فۇجىن نىياز خېنىمنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ھىجرىيە 1275 - يىل (مىلادى 1859 - يىل) شاياردا دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1282 - يىل (مىلادى 1866 - يىل) غىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. سايىم خوجا 7 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئابلا ھېكىم ۋاپات بولۇپ كەتكەن. دەل شۇ مەزگىلدە شايار خەلقى ئابلا ھېكىمنىڭ ئوغلى سايىم خوجىنى 3 كۈن مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، كوچىمۇ - كوچا ئايلاندۇرۇپ، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ھېكىمىمىز دەپ ئالقىشلىغان. سايىم خوجا ئابلا ھېكىمنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن بىرلا ئوغۇل بولۇپ، ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئارىدىن 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ ھىجرىيە 1282 - يىل (مىلادى 1866 - يىل) دىن ھىجرىيە 1293 - يىل (مىلادى 1876 - يىل) غىچە بولغان 10 يىل ئارىلىقتا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ھىجرىيە 1293 - يىل (مىلادى 1876 - يىل) دىن ھىجرىيە 1302 - يىل (مىلادى 1885 - يىل) غىچە بولغان 9 يىل جەريانىدا ئۈرۈمچىدە تۇرغان. ھىجرىيە 1303 - يىل (مىلادى 1886 - يىل) كۇچاغا قايتىپ كېلىپ ھىجرىيە 1318 - يىل (مىلادى 1901 - يىل) غىچە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1901 - يىل ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىگە ھېكىم بولغان. 1901 - يىلىدىن 1905 - يىلىغىچە بولغان 4 يىل جەريانىدا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ خەلقنى رازى قىلغان.

1905 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز يۇرتى شايارغا قايتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن قاراشەھەرگە «ۋەن» بولغان. يەنى 1905 - يىل 8 - ئايدىن 1908 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا

ۋەزىپە ئۆتىگەن. ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم مەخپىي ئىشلىرىغىمۇ ئارـ
لاشقان. 1908 ـ يىل ئۈرۈمچىدىكى ياڭ زىڭشىن سايىم خوجىنى
ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتكەن. شۇ مەزگىلدە سايىم خوجىنى خەلق
ئىچىدە «شىپئولوۋسى» دەپ ئاتىغان.

سايىم خوجا ئۈرۈمچىدە 1908 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلىغىچە
تۇرغان. شۇ مەزگىلدە ياڭ زىڭشىن ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىنىڭ
قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن. سايىم خوجا بۇ رۇنقى ئايالىدىن
8 پەرزەنت كۆرگەن. 4 بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككى ئوغۇل،
ئىككى قىزى ھايات قالغان. ھايات قالغان بالىلىرىنىڭ بىرىنچىـ
سىنىڭ ئىسمى تاشلان دارىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئاقنىياز
شويە، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى نىيازخېنىم، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسـ
مى تاجىنىسا خېنىم ئىدى.

سايىم خوجا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ يېرىم ئايدىن كېـ
يىن ياڭ زىڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن 1918 ـ يىلدىن 1926
ـ يىلغىچە خوتەندە خىزمەت قىلغان.

1926 ـ يىلى خوتەندىن قايتىپ كېلىپ يېرىم ئايدىن كېـ
يىن ئۆز يۇرتى شاياردا ئاغرىپ قېلىپ 1926 ـ يىلى كېسەل
سەۋەبى بىلەن 67 يېشىدا ۋاپات بولغان. سايىم خوجىنىڭ چوڭ
ئوغلى تاشلان دارىن سايىم خوجا ۋاپات بولغان چاغدا 18 ياشتا
ئىدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن 9 يىل خەنزۇچە
مەكتەپتە ئوقۇغان. تاشلان دارىن ئاتىسى ۋاپات بولۇپ 2 يىلدىن
كېيىن يەنى 1928 ـ يىلدىن باشلاپ 1933 ـ يىلىغىچە دۆبېگى
ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1934 ـ يىلدىن باشلاپ 1937 ـ يىلىغىـ
چە شايار ناھىيىسىدە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تاشلان دارىننى يوشۇرۇن
ئۆلتۈرىۋەتكەن. تاشلان دارىن نىياز خېنىمنىڭ ئاكىسىدۇر. نىـ



ياز خېنىم سايىم خوجىنىڭ قىزى بولۇپ، 1911 ـ يىلدىن 1916
ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1916 ـ يىلدىن 1922
ـ يىلغىچە ناسىر قارى ھاجىم ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان.
1923 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە ئۆز ئائىلىسىدە تۇرغان. دەل
شۇ مەزگىلدە نىياز خېنىم 16 ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى.
كۇچانىڭ ۋاڭى مەھپۇز چىنۋاڭ ئەلچى ئەۋەتكەن. نىياز خېنىمـ
نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قوشۇلۇپ نىيازخېنىم مەھپۇز چىنۋاڭ
بىلەن توي قىلغان. توي ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، قىزنىڭ
يۇرتىدا 8 كۈن، ۋاڭ ئوردىسىدا 8 كۈن جەمئىي 16 كۈن
مەشرەپ بولغان. نىيازخېنىمنىڭ تويىغا 200 تۇياق قوي، 10
تۇياق كالا سويۇلۇپ، تويغا ئىشلىتىلگەن، ھەمدە 10 جىڭ ساپ
ئالتۇن تويلۇق سېلىنىپ قىز تەرەپكە تاپشۇرۇلغان. نىياز خېنىم
مەھپۇز ۋاڭنىڭ بىرىنچى خوتۇنى مەرەم خېنىم ۋاپات بولغاندىن
كېيىنكى ئىككىنچى ئايالى ئىدى.

نىيازخېنىم 1926 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلىغىچە مەھپۇز ۋاڭ
ئوردىسىدا ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەردە بولغان. ئۇ «فۇجىن»
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن يىلدىن باشلاپ يۇقىرىدىن يىلىغا 25 يامبۇ
«فىڭلۇ» ھېسابىدا ئەۋەتىپ بېرىلگەن، يەنە پۈتۈن كىيىم ـ
كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى يۇقىرىدىن ئەۋەتىپ تۇرغان. مەھـ
پۇز چىنۋاڭغا يۇقىرىدىن يىلىغا 50 دانە يامبۇ ئەۋەتىپ تۇرۇلـ
غان. ئۇنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ئەجدىرھا سۈرەتلىك كىيىم
بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنسەپ كىيىمى ئىدى.

فۇجىن نىياز خېنىم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن
كۇچادىن شايارغا كەلسە قوراللانغان 30 نەپەر قاۋۇل چېرىك
قوغداپ بىرگە كېلەتتى. فۇجىن نىياز خېنىم سىرتلارغا چىققانـ
دا، ئوردىغا قايتقاندا ئوردىدا توپ ئېتىلاتتى. فۇجىن نىياز

خېنىم ئاشۇ دەۋردە ۋىلايەتلەردىن دوتەي كېلىپ كۆرۈشمەكچى
بولسا، ئۇلارنى قوبۇل قىلسا «قىزىل پەنزە» بېرەتتى. ئەگەر
قوبۇل قىلغۇسى بولمىسا «كۆك پەنزە» بېرەتتى. فۇجىن نىياز
خېنىمنىڭ ئوردا ئىچىدە ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مەھ-
پۇز ۋاڭدىن قالسىلا ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىغا تو-
لۇق ئىگە ئىدى. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي كۇچاغا قاتتىق
ھۇجۇم باشلاشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن فۇجىن نىياز خېنىم كۇچا-
دىن قېچىپ ئۆز يۇرتى شايار ناھىيە قايلور دۈشەنبە بازاردىكى
تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە يەنى داۋۇت شويېنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ
ياتقاندا شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى سېزىپ قېلىپ تۇتۇپ كەتكەن.
فۇجىن نىياز خېنىمنىڭ نۇرغۇن پۇللۇق ئالتۇن زىننەت بۇيۇملى-
رى بۇلاپ كېتىلگەن. كېيىن فۇجىن نىياز خېنىمنى قويۇۋەت-
كەن. 1937 - يىلدىن كېيىن مەھپۇز چىنۋاڭ شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى شېڭ
شىسەي بىر تەرەپ قىلغان. فۇجىن نىياز خېنىم ھېچقانداق مال
- مۈلۈككە ئىگە بولالماي سەرگەردان بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە
مەجبۇر بولغان. مانا بۇ داڭلىق فۇجىن نىياز خېنىمنىڭ خانىش-
لىقتىن بىراقلا گادايلىققا يۈز تۇتقان دەۋرىدۇر.

فۇجىن نىياز خېنىم 1937 - يىلدىن 1966 - يىلىغىچە
ئۆز يۇرتىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بولغان. 1966
- يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ 1973 - يىلىغىچە پىپەن قىلىنىپ
شايار ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىسىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە
چۈشۈرۈلگەن. شۇندىن باشلاپ خېنىملىق تاقىسى چېقىپ تاشلى-
نىپ، دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ تەمىنى راسا تېتىغان. 1973 -
يىلى يېزىدىن شەھەرگە قايتىپ كىرگەن ھەمدە ئائىلىسىدە تۇر-
غان، ھۆكۈمەت تۇرمۇش خىراجىتى بەرگەن. 1980 - يىلى



ئاقسۇدىن تۇرسۇن ۋالى كېلىپ كۇچاغا ئاپىرىپ ھۆكۈمەت ئۆيىدە
ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلى-
دىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. تۇرمۇش راسخوتىنى كۆپەيتىپ بەر-
گەن. ئۇ 1980 - يىلدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە كۇچادا تۇرىۋاتى-
دۇ. دۆلەت بېرىدىغان تۇرمۇش راسخوتى 127 يۈەن بولۇپ، ئاشۇ
پۇلغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر 90 ياش-
تا①.

(«شايار تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 - توپلامدىن ئېلىندى)

① فۇجىن نىياز خېنىم ھازىر ۋاپات بولدى — م.

# چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبال بولغان كىشىلەر

ئىبراھىم سەيدۇللا

چاقىلىق ناھىيە بولغاندا دەسلەپتە ئامبال بولغان كىشى
«ساقال ئامبال» دۇر، بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى كىشىلەرگە
نامەلۇم بولۇپ مىللىتى خەنزۇ ئىدى.

بۇ كىشىنى ئۇرۇمچىدىن ئامباللىققا ئەۋەتكەن كىشى لوجاڭ-
جۇن (ياڭ زىڭشىن) ئىدى. بۇ ئامبال كەلگەندە دورالدا توختى-
غان (ھازىرقى 34 - تۇەن) . دورالدىكى سېپىلنى ساقال ئامبال
يۇرتتىن ھاشار ئېلىپ سالدۇرغان. بۇ يەر دېھقانچىلىق قىلىشقا
ئەپلىك بولغىنى ئۈچۈن، بۇغداي تېرىشنى تەشەببۇس قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر بۇ يەردە تۇرۇشنى
خالىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار كۆچمەن تۇرمۇش كۆچۈ-
رۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇغداينى سۇ بىلەن قاينىتىپ
تېرىغان، نەتىجىدە بۇغداي ئۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئامبالمۇ چارى-
سىز قالغان.

شۇ ئارىدا ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن دۇڭخۇاڭ تەرەپتىن
30 دەك خۇيزۇ مىرەنىنىڭ قارا قوشۇن دېگەن يېرىدە پەيدا بول-
غان. شۇ مەزگىلدە ئامبال يۇرت ئىچىدىن ئەكىجان پالۋان ،
ئىسلام دېگەن كىشىلەرنى بۇ خۇيزۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە



ئەۋەتكەن. بۇ ئىككى كىشى قارا قوشۇنغا كەلگەندىن كېيىن بۇ
ئىككەيلەننى خۇيزۇلار تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئامبال ئەھ-
ۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇيزۇلارغا باشقا چارە قوللىنىپ،
ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىپ مۇناسىۋەت قويۇقلاشقاندىن كېيىن ئال-
داپ - سىلاپ قورالسىزلاندۇرغان. ئاندىن ئۇلارنى دېھقانچىلىق
قىلىشقا قىستىغاندا ئۇلارمۇ بۇغداينى سۇ بىلەن قاينىتىپ تېرى-
غان، بۇغداي ئۈنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئامبال بىر نەرسە ئۈنمەي-
دىغان يەر ئىكەن، دەپ چاقىلىققا كۆچۈپ كېلىپ، ھازىرقى
تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جايغا يامۇل سېلىپ
شۇ جايدا ئامباللىق قىلغان. ئۇ چاغدا چاقىلىقنىڭ مۇقىم ئۈستەڭ-
گى يوق بولۇپ، سۇ خالىغان جايدا ئاقىدىغان ئەھۋالنى ئۇققاندىن
كېيىن ئامبال شۇ جايدىكى بەگ، شاڭيۇ ۋە ھەرقايسى يۇرت
كاتتىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھازىرقى تىكەنلىك يېزىغا 3
ئۈستەڭ، ئوتام يېزىسىغا ئىككى ئۈستەڭ چاپتۇرغان. شۇنىڭ
بىلەن سۇ ئۈستەڭلەر ئارقىلىق ئېقىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى شۇ
ۋاقىتنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا ياخشىلانغان. بۇنىڭدىن باش-
قا، چاقىلىقنىڭ چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە يەنە شۇ كىشىلەر
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چېگرىنى تۆۋەندىكىچە توختاتقان: شىمال-
دىن دورال يېنىدىكى بەش دۆۋە، شەرقىي تەرەپتىن خوجا چۇش-
كۈن (دۇڭخۇاڭ بىلەن چاقىلىق ئارىلىقى) ، شەرقىي جەنۇبتىن
داۋزا، غەربىي تەرەپتىن ياقا توغراق چاقىلىقنىڭ چېگرىسى قى-
لىپ بېكىتىلىپ، شۇ چاغدىلا تاشقا خەت ئويۇپ كۆمۈۋەتكەن.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئامبالنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، چاقىلىقتا
ئۆلگەندىن كېيىن ھەيكىلىنى لايدا قاتۇرۇپ، ھازىرقى قورallıق
ساقچى ئوتتۇرا ئەترەت تۇرغان جايغا بىر ئۆي سېلىپ شۇ ئۆيگە
ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ھەيكەلنى دەخلىسىز ساقلاش ئۈچۈن بىر

خەنزۇ كىشىگە تاپشۇرغان. بۇ ئادەم داۋاملىق ھەيكەل بار ئۆيدە
يېتىپ قوپۇپ ساقلىغان. ھەر يىلى ئامباللار ساقال ئامبالنىڭ
ھەيكىلىگە باش ئۇرۇپ مەدەت تىلەپ تۇرغان. ئامبالنىڭ جەسى-
تىنى چاقىلىق بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا دەپنە قىلغان. بۇ
كىشى چاقىلىق ۋە دورالدا بولۇپ بەش يىل ئامبال بولغان.

ھېلىقى دۇڭخۇاڭ تەرەپتىن كەلگەن 30 نەپەر خۇيزۇنى
ساقال ئامبال قارا شەھەر تەرەپكە ماڭدۇرغان. ئۇلار قارا شەھەر-
گە بارغاندىن كېيىن خوجىلۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## ساقال ئامبالدىن كېيىنكى ئامباللار

ساقال ئامبالدىن كېيىن چيەن دارىن دېگەن ئامبال ئۈرۈم-
چىدىن كېلىپ ئامباللىق قىلغان. بۇ ۋاقىت دەل قۇربان خوجا
بەگ ۋە توختىسۇن بەگنىڭ چاقىلىقتا ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان
ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئامباللار ئۈرۈمچىدىن كەلگىچە يولدا ئات - ئۇلاقتا مى-
نىپ ئارغانغىچە كەلگەن. ئارغاندا سۇ كۆپ بولۇپ ئۇنىڭدىن
ئۆتۈش قىيىن بولغاچقا، ئادەتتىكى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان
كېمە بىلەن 5 كېچە - كۈندۈزدە قوغانغا كەلگەن. قوغاندىن ئات
- ئۇلاقتا مىنىپ، 3 كېچە يولدا قونۇپ ئاندىن چاقىلىققا كەل-
گەن. يامۇلغا بىر كىلومېتىر قالغاندا ئالدىن ھازىرلانغان قوينى
سويۇپ ئالاھىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن ۋە يەيدىغاننى يەپ بولغان-
دىن كېيىن بەگلەر ئامبالنى يامۇلغا تەكلىپ قىلىپ ئورۇنلاش-
تۇرغان.

چيەن دارىن دېگەن ئامبال چاقىلىققا كېلىپ ياخشىلىق تە-
رەپتىن بىرەر ئىش قىلمىغان. گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرنى



سوراق قىلىپ، بۇ كىشىنىڭ قىلمىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى
ئۇققاندىن كېيىن، ئۇشۇقىغا، يوتىسىغا ۋە ياكى دۈمبىسىگە
بىرنەچچە يۈز قامچا ئۇرۇپ زىندانغا سولاپ قويغان. ئەگەر بۇ
كىشىنىڭ ئىگە - چاقىسى بولسا يامبۇ - كۈمۈش ۋە باشقا
نەرسىلەر بىلەن پارا بېرىپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ كېپىللىكىدە
ئاجرىتىپ ئېلىپ چىققان. بۇنداق كىشىلەر تاياقنى ئاز يەيتتى
ھەم زىنداندىنمۇ خالاس بولاتتى. ئەگەر ئىگە - چاقىسى بولسىمۇ
ئىقتىسادىي يوق نامرات كىشىلەر بولسا زىنداندا ئۆلۈپ تۈگىشەت-
تى. ئەگەر مۇددەتلىك سولانغانلىرى بولسا ۋاقىت توشقاندا ئاز-
دۇر - كۆپتۇر بىر نەرسە ئېلىپ ئاندىن زىنداندىن چىقىراتتى.
چيەن دارىندىن كېيىن، مۇڭغۇل ئەسكەرلىرى كېلىشتىن بۇرۇن
بىر بۆلۈك خەنزۇ، مۇڭغۇل ئەسكەرلەر كېلىپ ئاتلىرىنى پۇقرا-
لارغا بېقىش ئۈچۈن بەرگەن. مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن
ئاتلىرىنى يىغىۋېلىپ بىركېچە ئىچىدىلا يوقاپ كەتكەن. بۇلارنىڭ
قايسى جايغا كەتكەنلىكى نامەلۇم. چيەن دارىندىن كېيىن چاقى-
لىققا قاراشەھەر تەرەپتىن 150تىن ئارتۇق مۇڭغۇل ئەسكەرلەر
كېلىپ بىرنەچچە ئايلار تۇرغان، ئاندىن چاقىلىقنىڭ جەنۇبىي تاغ
تەرىپىگە كېتىپ ئىككىنچى قايتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن
كۆچالىق رازى بەگ دېگەن كىشى ئامبال بولۇپ، بىر نەچچە ئايلا
تۇرغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. بۇ كىشىمۇ
ھېچقانداق ياخشىلىق قىلماي يېنىنى توملاپ كەتكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن تېيىپ ھاجى دېگەن كىشى ئامبال بولغان.
بۇ كىشى ئەسلى تۇرپانلىق بولۇپ، بۇ كىشىمۇ بىرنەچچە يىل
تۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئاندىن گۇڭ خوجا ناسىرخان
ئامبال بولدى، بۇ كىشىمۇ ئوخشاشلا مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. بۇ ئادەمنىڭ يۇرتى ئەسلى خوتەن

قاراقاشتىن ئىدى. گۆك خوجا ناسىرخاندىن كېيىن قارا شەھەر
تەرەپتىن بىر مۇڭغۇل ئامبال كەلگەن. بۇ ئادەممۇ بىرنەچچە ئاي
تۇرۇپلا ئۆز يۇرتى قاراشەھەرگە كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كورلا
تېكىچىدىن ئەمەر بەگ دېگەن كىشى ئامبال بولۇپ كەلگەن ۋە
ئارمىنىغا يەتكەندىن كېيىن تاپقان مال - مۈلكىنى ئېلىپ قايتىپ
كەتكەن. بۇ چاغدا ھېلىقى قۇربان خوجا بەگ، توختىسۇن بەگلەر
چاقىلىقتا تۇرۇۋەرگەن ۋە شۇ كىشىلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە
يۇرتنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چىلڭ دارىن دېگەن
كىشى ئامبال بولغان، بۇ كىشى كېلىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن
چيەن لۇيجاڭ دېگەن ئادەم مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ
چاقىلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن چاقىلىق خەلقىنىڭ ئالۋاڭ -
ياساق ئىشلىرى ھەسسىلەپ ئېشىپ، خەلق بۇ ئالۋاڭ - سېلىق-
لارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن. بۇ چېرىكلەرنىڭ يېمەك - ئىچ-
مەك، ئات بوغىزى قاتارلىق تەمىناتلىرىنى قاراشەھەر مەسئۇل
بولۇپ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گۆش، ياغ،
توخۇ، تۇخۇم، سامان قاتارلىقلار يۇرتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ،
چاقىلىق خەلقى كۆپ جاپا - مۇشەققەتتە قالدى. شۇ چاغدىكى
چىلڭ دارىن خەلقنىڭ بۇ ئېغىرچىلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ-
رۇمچىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ چاقىلىق خەلقىنىڭ ئېغىرچىلى-
قىنى يەڭگىللەتكەن. چيەن لۇيجاڭ كېيىن ئەسكەرلىرىنى كورلا
تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ بۇ يەردە بىر يىلڭ چېرىك قالدۇرغان.
بۇ چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى مىرەندە تۇرۇپ چېگرا ساقلايتتى.
قاراشەھەردىن يەتكۈزۈلگەن يېمەك - ئىچمەك، ئات بوغۇزلىرىنى
چاقىلىقتىن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلارنى سەيسىگە ئېلىپ باش
قورغان تەرەپكە ماڭدۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەر خوڭلۇگوغا
(يۇلغۇنلۇق جىلغا) كەلگەندە ئېلىپ چىققان نەرسىلەرنى ئۆتكۈ-


زۈپ بېرىپ، 4 - 5 كۈن تۇرۇپ چېرىكلەرگە ئوتتۇن توشۇپ
بېرىپ ئاندىن قايتاتتى. دېمەك ئۇ جايغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن
15 - 20 كۈن ۋاقىت كېتەتتى.

بۇنداق ئالۋاڭ - سەيسى تاكى چيەن لۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى
چاقىلىقتىن كەتكەندىن كېيىن تۈگىگەن. لېكىن ئالۋاڭ - سەيد-
سى چاقىلىققا ھۆكۈمەتتىن مىراس بولۇپ قالغان. شۇ چاغدا
ھۆكۈم سۈرگەن ئامبال جاڭ فامىلىلىك كىشى ئىدى.

**چيەن لۇيجاڭنىڭ قالدۇق چېرىكلىرىنىڭ قورال تاپ-
شۇرۇشى**

چيەن لۇيجاڭ ئازراق ساقىلى بار، ئاۋازى جاراڭلىق چىقىد-
دىغان كىشى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ چېرىكلىرى ھەپتىدە بىر نۆۋەت
بازار ئايلىنىپ مىلتىقلىرىنى بازار ئىچىدە 10 دىن قىلىپ گىرە-
لەشتۇرۇپ قويۇپ بازارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە يۇرۇيتتى. چيەن
لۇيجاڭ بىرەر جايغا بارماقچى بولسا پوچتا بىلەن باراتتى. بۇ
پوچتىنى ھاشىم دېگەن كىشى ھەيدەيتتى. ئۇ چيەن لۇيجاڭ
ئۆلگەندىن كېيىنلا چاقىلىققا قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كىشى
ئازادلىق مەزگىلىدە چاقىلىقتا بار بولۇپ 1964 - يىلى ئۆلۈپ
كەتتى. چيەن لۇيجاڭ بىر يىلڭ چېرىكنى دۆك يىڭجاڭ دېگەن
كىشىگە قالدۇرۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ كىشىنى دۆك
دىيىشتىكى سەۋەب ئېغىزىدا چوڭ چىنىدەك بىردانە كاللىكى بار
ئىدى. ئۆزىمۇ ئېڭىشپراق ماڭمىسا ماڭالمايتتى ھەم دوكلۇقىغا
يارىشا ئۆزى پاكار ئادەم بولۇپ، كىشىلەر بىلەن چېقىشاتتى. بۇ
ئادەم چيەن لۇيجاڭدىن كېيىن 2 يىل چاقىلىقتا تۇردى ۋە لوزۇڭ-
غا قورال تاپشۇرۇش بىلەن يوقالدى.

1935 - يىلى گاجىت ئاخۇن ئامبال بولدى. بۇ كىشى
خەنزۇ، مۇڭغۇل ئەسكەرلىرىنى يىغىپ چاقىلىق ئارقىلىق دۇڭ-

خۇاڭغا كەتمەكچى بولۇپ چاقىلىقا چۈشىدۇ. ئۇلار پۇل تېپىش
چارىسىنى ئىزدەپ، يۇرتىنىڭ باي ئاتالغان كىشىلىرىنى يىڭفاڭغا
سولايدۇ. شۇ قاتاردا زۇنۇن ئامبالنىمۇ ئاپىرىدۇ ۋە بۇ ئادەملەرنى
ئالتۇن، يامبۇ بەر دەپ قىستايدۇ. بۇ كىشى ساۋاتسىز بولغىنى
ئۈچۈن ئاغزىدىن چىققان گەپلەر ناھايىتى قوپال ـ سەت ئىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنتلىك زۇنۇن ھاكىم كەلدى. بۇ كىشى
بىلەن بىرگە ئۆمەر ئاتلىق بىر كىشى ساقچىغا جۇجاڭ بولۇپ
كەلگەن ئىدى.

ئۆمەر جۇجاڭ دېگەن كىشى ئۇزۇن تۇرماي 1936 ـ يىلى
قايتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇڭ جۇجاڭ دېگەن كىشى
ساقچىغا جۇجاڭ بولغان ئىدى.

زۇنۇن ھاكىم 4 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ 1942 ـ يىلى كۈز
پەسلىدە قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن (1942 ـ 1944 ـ
يىللىرى) ۋاڭ جىچا دېگەن بىر خەنزۇ كىشى ھاكىم بولۇپ
تۇردى. كېيىن جاڭ بوجۇ دېگەن كىشى ھاكىم بولدى. 1946
ـ يىلى سى زەيسۇ دېگەن كىشى ھاكىم، مۇئاۋىنى مامۇتخان
بولۇپ بىر يىلدەك تۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە چاقىلىقتىكى مائارىپ-
چى، كادىر ۋە سودىگەرلەردىن بولۇپ، 100 گە يېقىن كىشىنى
كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرىقى، ئىلى ئوغرىلىرى دەپ قولغا ئېلىپ
115 كۈن قامىدى. مامۇتخان ھاكىممۇ قولغا ئېلىندى. بۇ كىشى-
نى خالەنجاڭ (قادىر) گازارمىغا سولاپ كۆپ قىيىنىغان. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن بۇ ئادەمدىن باشقا قۇتلۇق قاسىم، بارات نىياز، نۇر
بەختىلەرنى قاراشەھەر تەرەپكە ئاپىرىپ كېيىن قاماقتىن چىقار-
غان. قۇتلۇق قاسىم، نۇر بەختى قايتىپ كەلگەن. شۇ قاتاردا
ئىلىلىق سودىگەر مۇھەممەت ئاخۇن قولغا ئېلىنىپ تىرىك كۆ-
مۈلگەن.



1947ـ يىلى ئۇرۇمچىدىن چاقىلىققا سايلام ئۆتكۈزۈش ئۇ-
چۈن باھاۋدۇن تورقى باشلىق كىشىلەر كېلىپ خەلقنىڭ كۆرسى-
تىشى بىلەن مەمتىمىن ياقۇپ ھاكىم بولۇپ سايلانغان. سودىگەر
مۇھەممەت ئاخۇننىڭ جەسىتى سۈرۈشتە قىلىنغان، نەتىجىدە
ساقچىنىڭ ئاتخانىسىدىكى قىغىنىڭ ئاستىدىن چىققان (سايلامغا
كەلگەن كىشىلەر سۈرۈشتە قىلغان). مەمتىمىن ياقۇپ 1947ـ
يىلدىن تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە ھاكىم بولۇپ ۋەزىپە ئۆتى-
گەن.

(«باينغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 ـ توپلامدىن ئېلىن-
دى)

顾　　问：赛尔杰
编委会主任：艾力肯·乌守尔·艾里
编委会委员：艾力肯·乌守尔·艾里
司马义·伊布拉音
阿里木·朱马什
艾合买提江·艾山
托合提·阿尤甫
迪拉热·哈米提
艾景顺
主　　审：艾力肯·乌守尔·艾里

主　　编：艾力肯·乌守尔·艾里
责任编辑：马合木提·买买提
编　　辑：居来提·阿布力米提
贾孜拉

新疆文史资料选辑(维吾尔文)(48)
政协新疆维吾尔自治区委员会文史资料和学习委员会编
乌鲁木齐市南湖北路 135 号　邮编:830063

乌鲁木齐市新协印务有限公司
乌鲁木齐市新华北路 47 号　邮编:830002

字数:150 千字　开本:大 32 开　印张:7.875 印张
印数:1～1 000 册
2006 年 12 月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2006)年第 287 号总第 898 号
(内部资料　免费交流)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

新疆维吾尔自治区新闻出版局内部资料准印证（2006）年 287 号总第 898 号
（内部资料　　免费交流）